

5-6

1993

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



ئۈزۈلمەس كۈي     ئابلىز خوجامنىيازفوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى     قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
42 - يىل نەشرى     1993 - يىل 5 -، 6 - سان (ئومۇمىي 204 -، 205 - سان)

## بۇ سانىدا

تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش - راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە توختالدى ............ ۋەن يۈك، بەي جيەنياۋ 2

مەخسۇس ماقالە

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ............مۇھەممەت زۇنۇن 5

تاماشىبىنلار ساداسى

«يىلان ئۇسسۇلى»دىن تۇغۇلغان ئويلار ............ هاجى مىرزاھىد كېرىمى 19

ئەدەبىيات گۈلزارى

كەلكۈن ............ (پوۋېست) ............ مۇھەممەت باغراش 24

تەپەككۇر گۈلشەنى

تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ............ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 93

جامائەت دەۋرى ئاخبارلىرىدىن

تارىختىكى بەزىبىر مۇجەز نۇقسانلىرىمىز ............ نىزامىددىن ھۈسەيىن 111

ئاممىۋى مەدەنىيەت باغچىسى

دولان مەشرىپى ...... (تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى) ...... مۇتەللىپ سېيىت 131

مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

سەنئەت خەۋەرلىرى ......... ۋەن يۈك، گاۋيەنىڭ، ئامىنە ئابدۇرېشىت، قەدىردان قەييۇم 154

سەنئەت گۈلزارىدا ئېچىلغان ئۆزگىچە گۈل ...... (مۇلاھىزە) ...... جۈرئەت كامىل 157

مۇقاۋىدا: مەشھۇر مۇقامچى مۇھەممەد موللا — كاروشاڭ ئاخۇنۇم (1840 — 1924) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: كۆسەن ئۇسسۇلى (جۇڭگوچە رەسىم) تۇردى ئىمىن سىزغان. رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت



تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە توختالدى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىختىيارىي مۇخبىرلىرى ۋەن يۈك، بەي جيەنياۋلار خەۋەر قىلىدۇ: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى «ئىككىگە خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە ۋە «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش لازىم. بۇ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بۇ، 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەت زۇنۇن، مۇئاۋىن نازىر، نازارەت پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شىپ ياۋخۇا بىلەن سۆزلەشكەندە تەكىتلىگەن سۆز.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ تارىختا ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دەپ داڭق چىقارغان، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسەتكەن، بىز بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش، دائىم يېڭى نومۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يېڭى تارىخىي دەۋر ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش — سەنئەتنى

گۈللەندۈرۈش - راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.


تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولغان، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. سىياسىي سۈپىتى ياخشى، ئىدىيىۋى ئىستىلى توغرا، كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان، تەشكىللەش - باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئامما ھىمايە قىلىدىغان، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كادىرلارنى تاللاپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، سەنئەت، ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ياش، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش، بىر تۈركۈم ياش، كەسپىي تايانچ كۈچنى يېتىشتۈرۈش، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى ھەقىقىي جانلانغان، ئىخچام، ھاياتىي كۈچكە تولغان، ياشلاشتۇرۇلغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سەنئەت قوشۇنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ياش ئارتىسلار پېشقەدەم سەنئەتكارلارنى ھۆرمەت قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېشقەدەم سەنئەتكارلارمۇ ياش ئارتىسلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قىزغىن، سەۋرچانلىق بىلەن مەدەت بېرىشى، ئۇلارنى ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشكە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، قوشۇننىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك.

تۆمۈر داۋامەت يەنە شىنجاڭ «تيانشان» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «تيانشان» كىنو ستۇدىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان كىنو فىلىملىرىنى ئىشلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىنى مەزمۇن قىلغان كىنولارنى سۈرەتكە ئېلىشى كېرەك، بۇ فاڭجېن ۋە پرىنسىپ ئېنىق بولۇشى ھەم ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش كېرەك. بىزنىڭ شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، كىنو ئىجادىيىتىدە تېما ئىنتايىن كەڭ دائىرىگە ئىگە ھەم مول. بىز شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىنو فىلىملىرىنى كۆپرەك ئىجاد قىلىشىمىز، سۈرەتكە ئېلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەت ۋە فىلىم ئىشلەش قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك. ياخشى سىنارىيىلەرنى يېزىپ چىققانلارنى مۇكاپاتلاش كېرەك. رېژىسسورلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، يەنى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆگىنىشكە، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىشكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا يەردىن ھەتتا چەت ئەلدىن بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ. كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا «تيانشان» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كىنو فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى. «تيانشان» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كىنو فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش

قوشۇنى خىزمىتىنى خېلىلا ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ ۋە ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر قىسىم ياخشى كىنولارنى كۆپرەك تاللاپ تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭدىكى تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنى كىنونى چۈشىنىپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، تېخىمۇ ياخشى تەربىيە ئېلىش، ھوزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، «تيانشان» كىنو ستۇدىيىسى سوۋغات سۈپىتىدە سۈپەتلىكرەك بىر كىنو ئىشلىشى كېرەك. بۇ خىزمەتكە ھازىردىن باشلاپ ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشى كېرەك.

تۆمۈر داۋامەت مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىزدىنىپ يېڭىنى يارىتىپ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش - گۈللەندۈرۈش ئۈستىدە توختالدى. ئۇ، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش جەھەتتە ئىشلىگەن نەتىجىلىك خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇقامنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتا يەنە ناھايىتى مۈشكۈل خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇقام ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

تۆمۈر داۋامەت يەنە شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: دارۋازلىق ناھايىتى ياخشى خەلق سەنئىتى. 30 مېتر ئېگىزلىكتىكى ئارقان ئۈستىدە تۇرۇپ ھەر خىل قورقۇنچلۇق، خەۋپلىك، ئىنتايىن قىيىن ھەرىكەتلەرنى قىلىش دۇنيادىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. بىز دارۋازلىق سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز، ئۇنى خەلقارا سەنئەت سەھنىسىگە چىقىرىشىمىز كېرەك. دارۋازلار ئەترىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە ئويۇن قويۇپ، قىزغىن قارشى ئېلىنىدى ھەم ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنى ناھايىتى ياخشى جابدۇش، بەزى يېڭىك، بىخەتەر سايمان، ماتېرىياللارنى تەييارلاپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.










مۇھەممەت زۇنۇن
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

## مەدەنىيەت - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش



قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ھەل قىلغۇچ تەدبىر. ئۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى، ئۇ، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش — جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى، ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىكى تارىخىي تاللاش.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب. ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ ئۆزگىرىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇناسىپ ئىسلاھ قىلىنىشىغا مۇقەررەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەم پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى رىقابەتكە يۈزلەندۈرۈپ، قانداق قىلغاندا مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغىلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ھەم مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن چوڭ مۇھاكىمىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا قويدى.

## قاتمال تۈزۈلمە، ھازىرقى ھالەت، يېڭى خىرىس

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم

تۆھپە قوشتى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن جۇشقۇن ۋەزىيەتتە مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە:

مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان. بۇ خىل تۈزۈلمىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەينى تارىخىي شارائىتتا ھەقىقەتەن بىر مۇنچە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، بۇ خىل تۈزۈلمە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىق روھىنى، رىقابەت ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى «داشقازان تامىقى»، «تۆمۈر تاۋاق» قا ئادەتلىنىپ قالدى. «داشقازان تامىقى»، «تۆمۈر تاۋاق» تۈزۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنىۋى ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىچكى مېخانىزمىنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلىمايدىغان، تەقسىماتنىڭ تەڭ — باراۋەر بولۇشىنى تىلەيدىغان قىلىپ قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى، كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قاتمال تۈزۈلمىنى مۇستەھكەملەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى جاھىل توسالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. ئەدەبىيات - سەنئەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشتا ئېغىر توسالغۇ بولدى؛ ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، سەھنىگە چىقىدىغانلار بىلەن چىقمايدىغانلار ئوخشاش بولۇش، ئىشقا كېلىدىغانلار بىلەن كەلمەيدىغانلار ئوخشاش بولۇش، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئوخشاش بولۇشتەك تولىمۇ نامۇۋاپىق زىددىيەت كېلىپ چىقتى. نامۇۋاپىق كونا تۈزۈلمىدىكى قاتماللىق، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى تاماشىبىنلارغا يىللاپ تۈزۈك ئويۇن قويمىسىمۇ، بىر تىيىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلمىسىمۇ ئۆمەك خادىملىرىنىڭ مائاشى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئوخشاشلا تارقىتىلىۋېرىدىغان «ئىشلىمەي چىشلەش» تەك تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رىقابەت، خەۋپ تۇيغۇسىنى، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش ھەم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىدى.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر بىر مۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى. بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنىنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تاۋار بازىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز

تەرەققىي قىلىشى، تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىشى؛ كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئۈنئالغۇ، سىن قويغۇلارنىڭ ئومۇملىشىشقا باشلىغانلىقى؛ جەمئىيەتتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىشى بىلەن ھەر خىل تېپتىكى كىنو، تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدىغان ھالەت يوقالدى. نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تاماشىبىنلىرى كۈنسېرى ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى ھازىر ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئەمدى مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى پۈتكۈل زېھنىنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

## ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئىسلاھاتنىڭ قىسمەن تەجرىبە - ساۋاقلىرى

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات جەريانىدا مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ قىسمەن ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى. لېكىن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتتا ساقلانغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە — قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، ئۈزۈل-كېسىل بولمىغانلىقىدا؛ بىر تەرەپلىمە ھالدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇقىملىق تەكىتلىنىپ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقى، يېڭىلىق يارىتىشتىكى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىكى، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى توسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆز قاراشلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا؛ سەنئەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئاكتىپ ياقلاش پوزىتسىيىسىدە بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلاردا تاۋاردىن ئىبارەت زور دولقۇننىڭ زەربىسى ئاستىدا شاللىنىپ كېتىشتىن ئەنسىرەشتەك روھىي ھالەت ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقىدا؛

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش كىشىلەردىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى ۋە ئىجادىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ جانلىق تەپەككۇرى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يول ئېچىش كۈچى خەلق ئاممىسىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە، ئۈنۈملۈك ۋە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى يۇقىرىقىدەك روھىي ھالەت تۈپەيلىدىن ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىدا.

ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز، ئۆزىمىزگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا سوغۇققانلىق بىلەن باھا بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەققىدىكى چوڭ مۇھاكىمىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بازارغا يۈزلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىق ھالدا نۇقتىئىنەزەرنى

ئۆزگەرتىش، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەشنىڭ، «داشقازان»، «تۆمۈر تاۋاق»، «تۆمۈر ئورۇندۇق»نى چېقىپ تاشلاشنىڭ، مەدەنىيەت - سەنئەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىڭ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشنىڭ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنىڭ بىر قېتىملىق تارىخىي پۇرسىتى دەپ تونۇشىمىز؛ ئىسلاھاتقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كاللىنى يېڭىلاپ، ئويلاشقا، ئىشلەشكە، ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ نىشانىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

## سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسىنى توغرا تونۇش، جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسىنى ئوبيېكتىپ، سوغۇققان ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشتە.

يولداش دىڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولسۇن، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ئەدەبىيات-سەنئەت باشقا تارماقلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان» دەپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسىگە يۈكسەك باھا بەرگەنىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىستېتىك زوق بېغىشلاش، كۆڭۈل ئېچىش، بىلىش، تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسى ئۆزئارا ئورگانىك باغلانغان بولۇپ، بۇلار بىر - بىرىنى ئۆزئارا تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات-سەنئەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، «سول» چىللىق بىلەن «ئوڭ» چىللىق، بولۇپمۇ «سول» چىللىق خاھىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ ۋە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ رولى، نىشانى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىر تەرەپلىمە ھالدا ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە سەل قارالدى؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش بولسا «ھەممىدە پۇلغا قاراش» دەپ قارالدى.

بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتە ئىدىيىنى

دادىل ئازاد قىلىشىمىز، كاللىنى يېڭىلىشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى بەرپا قىلىشتا ھەم ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتراپ قىلىپ، بازار كۆز-قارىشىنى ئورنىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى دادىللىق بىلەن بازارغا كىرگۈزۈپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازارغا تېز ئويغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ روشەن بەدىئىي خاسلىقىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەھسۇلات قىممىتى يۆنىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشتە.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتىن مەقسەت — مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش بىزدىن «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز؛ سەنئەت قانۇنىيىتىگە، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز؛ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ نېمىنى يېزىشى، قانداق ئويۇننى قويۇشىنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس- بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا تولۇق ئەركىنلىككە ۋە قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىۋالماسلىقىمىز؛ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىنتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى

مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت بازىرى

مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۇقەررەر ھالدا بازارغا، رىقابەتكە قاتنىشىدۇ ھەمدە رىقابەت جەريانىدا بازارنىڭ شاللىشىدىن ئۆتۈپ، ۋاقتى ئۆتكەن نامۇۋاپىق قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەنىۋى مەھسۇلات ئادەتتىكى ماددىي مەھسۇلاتلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت گەرچە تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى تاۋار ئەمەس. ئۇ ئىدىئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ.

ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار سۈپىتىدە بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈشى مەدەنىيەت ساھەسىدە قىممەت قانۇنىيىتىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلى- رىنى ئىشلەپچىقىرىش باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق مەدەنىيەت بازىرى ئادەتتىكى تاۋار بازىرى ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سوتسىيا- لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدا يەتكۈزىدۇ. مەدەنىيەت بازىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەسىر، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، لېكىن يەنە ئورتاق ئىقتىسادىي قىممەتكە، ئىدىيىۋى، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت داۋامىدا، ئۇ، مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە ئېستېتىك قانۇنى- يىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ، ئوبوروت ساھەسىگە كىرىش جەريانىدا يەنە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتكە مەدەنىيەت ئۈنۈمى كەلتۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى نۇقۇل تاۋار دەپ قاراپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىماستىن قارا - قويۇق تاۋارلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بازار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدى- كى مەدەنىيەت بازار خاراكتېرىنى ئالمىغان، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت تىجارەت خاراكتېرىنى ئالغان، بازارغا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

خەلق ئاممىسى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك مەشرەپلەر، ئاقىنلار ئېيتىشىشى،

چېلىشىش، ئات بەيگىسى، «قىز قوغلاش»، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت شەكىللىرى بىلەن تەركىبلەنگەن سەيلى - بايراملار مىللىي ئۆرپ - ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ، مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلەندۈرۈلمەيدۇ.

مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، تارىخ مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلار ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ تۈرلۈك مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، تارىخ، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، مىللىي غورۇر، مىللىي ئىشەنچ، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مەنىۋى بايلىقلار بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنمايدۇ؛ بازارنىڭ تەڭشەش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ؛ ئۇنى قىممەت قانۇنى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. دۆلەت بۇ مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىدۇ.

مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي مەدەنىيەت گۆھەرلىرى — «12 مۇقام»، چاكچىلە، شۇنداقلا، باللېت، سىمفونىيە قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيەلىك سەنئەت تۈرلىرى گەرچە تاۋارلاشتۇرۇلۇپ مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلەندۈرۈلسىمۇ لېكىن بۇلارنىڭ قىممىتى رىقابەت مېخانىزمى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاساس قىلىنمايدۇ. دۆلەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىدا ئاسرايدۇ، يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ.

تىجارەت خاراكتېرىدىكى زور كۆپچىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بازار ئارقىلىق ئوبوروت قىلىنىدۇ. بازار رىقابىتى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ.

لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىدە، خاراكتېرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ھەم بازارغا يۈزلىنىش، ھەم سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا قارا - قويۇق بازارغا يۈزلەندۈرۈش، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇ، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىدا پۇلغا چوقۇنۇشقا، پايدىنىلا كۆزلەپ، سىياسىي تەسىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن كارى بولماسلىققا، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مەنىۋى ئەپيۇن ئىشلەپ سېتىپ، خەلق ئاممىسىنى زەھەرلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ پۇل تاپقىلى بولسىمۇ ئىدىيىسى ناچار بولسا ئۇلارنى تاشلاش كېرەك. يولداش

دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تارماقلىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلىش، ئۇلارغا قاراشلىق كارخانىلارمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ ئالىي مىزان قىلىشى لازىم. ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسى ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشى لازىم.»

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازارغا يۈزلەندۈرۈلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭىنى تىكلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا ماسلاشتۇرۇشىمىز، پائال شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، يېڭى - يېڭى مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېچىشىمىز، بەرپا قىلىشىمىز، مەدەنىيەت بازىرىغا رىقابەت مېخانىزمىنى ئېلىپ كىرىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بازارغا يۈزلەنگەن مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى بازار رىقابىتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، بازار رىقابىتى ئىچىدە تەرەققىي قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىغا نىسبەتەن ھەم پائال قۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ھەم باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بازار مېخانىزمىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى غايەت زور پىشاڭلىق رولىنى توغرا تونۇپ، خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان، كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئالىيجاناب ئىرادىسىنى تەربىيىلەپ ۋە چېنىقتۇرىدىغان، ھەم ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شاد - خوراملىق بېغىشلايدىغان تېخىمۇ كۆپ، مەزمۇنى ساغلام، پايدىلىق، جانلىق، مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىللاشقان مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش لازىم.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. لېكىن سەللا ئېھتىيات قىلىنمىسا، باشقۇرۇش، قانۇن - تۈزۈم بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا، مەدەنىيەت بازارلىرىدا مەنىۋى ئەخلەتلەر پەيدا بولۇپ، ھەتتا بىر مەزگىل يامراپ كېتىپ جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇقەررەر. بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى پاكلاشتۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشىمىز، بارلىق چىرىك، چاكىنا ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، خەلقنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىككى قول قاتتىق بولۇشنى، «قويۇۋېتىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پائال يېتەكلەش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

## سەنئەت ئۆمەكلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى

ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مۇرەككەپ، جاپالىق ۋەزىپە. بىز مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىسلاھات داۋامىدا دۆلەتنىڭ پىلان، مالىيە، باج، سودا - سانائەت، ئەمگەك - كادىرلار خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ ماسلىشىشى ۋە قوللىشىنى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىمىز، بۇ يىل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پائال ۋە سالماق ھالدا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ، جۇملىدىن، ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۇتۇپخانا، كىنو، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گوۋۇيۈەن ماقۇللاپ تارقاتقان «مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىشەنچلىك ھەم ئۈنۈملۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تولۇق دەلىللەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئۆمەكلىرى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا دائىر ھەقىقىي ئىشەنچلىك ئومۇمىي تەسەۋۋۇر ۋە لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا بار بولغان 89 سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئوپېرا، دراما، يەرلىك تىياتىرلارنى ئاساس قىلغان سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ بار. بۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى مەمۇرىي رايونلار بويىچە ئايرىلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى ئالتە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 26، ناھىيە دەرىجىلىكى 57، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەك — ئەترەتلىرى 134، خەلق باشقۇرغان سەنئەت ئۆمىكى ئاران يەتتە، ئون نەچچە ناھىيىدە سەنئەت ئۆمىكى يوق.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۇتۇپخانا 63، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى 964، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتى 746، يېزا - بازارلاردىكى قىرائەتخانا 1704، كىنو فىلىم تارقىتىش ئورنى 94، كىنو قويۇش ئورنى 2141، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى 35، مەدەنىيەت - سەنئەت تېخنىكومى ئۈچ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى نۆۋەتتە بىر قانچە جەھەتلەردە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شۇكى، نومۇر، ئەسەرلەرنىڭ سانى ئاز، سۈپىتى تۆۋەن، مەدەنىيەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز، تەرەققىيات ئاستا، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ

يېتىلىشى يەنىلا ئالچە مۇكەممەل ئەمەس. قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىمۇ يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىدۇ؛ مەدەنىيەت كەمبەغەللىكى تېخى ھەل بولغىنى يوق. يەنە ئون ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، 32 ناھىيىدە قىرائەتخانا، سەككىز ناھىيىدە تېخى كىنوخانا سېلىنمىدى. 108 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى يوق. مەدەنىيەت ئورگانلىرى ئاساسەن مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى قاتمال، ھاياتىي كۈچى كەمچىل، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە پەرق زور، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ئۈنۈم تۆۋەن بولماقتا.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى ئۆلچەم ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا، يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قىيىن ۋە مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدۇر.

بۇ يەردە يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سەنئەتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئازاد رايونلاردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئاساسىدا، ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلگىسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان بولۇپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە يول قويۇلۇۋاتقىنى دۆلەت ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. ئۇ، تارىختا ھەقىقەتەن بىرمۇنچە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئىللەتلەرنىمۇ قالدۇرغان، ئارىدىن قىرىق نەچچە يىل ئۆتۈپ دۆلىتىمىز غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كونا تۈزۈلمە بىلەن يېڭى تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان، ئەدەبىيات - سەنئەت بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە تۈپتىن ماسلىشالماسلىقتىن ئىبارەت ئىللەتلىرى ئەمدى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىرىنچىدىن، ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغاندا، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كەسىپ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ھەممىنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا توغرا كېلىدۇ، راسخوتنى دۆلەت پىلانىغا ئاساسەن ئايرىپ بېرىدۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ھېچقانداق خېيىم - خەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ، «كۈتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئىككىنچىدىن، تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىكى ئېغىر تەڭ تەقسىماتچىلىق تۆھپىسى بار سەنئەت

خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ياخشىلار ئوزۇپ چىقىپ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدىغان رىقابەتنىڭ بولۇشىغا توسالغۇ بولدى. ئۈچىنچىدىن، كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى ئارتىسلارنىڭ باقىۋەندىلىك تۈزۈمى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كىرىش - چىقىش يولىنى توسۇپ قويدى. توراقلىق شتات ۋە خىلمۇ خىل تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا، قابىل كىشىلەر بىرلەشكە ئامال بولمىدى. شاللىنىۋېتىشكە تېگىشلىكلەر چىقىرىۋېتىلمەي، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەر كىرەلمەي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، سەنئەت قوشۇنىدىكى خادىملار تەدرىجىي قېرىپ، سۈپەت كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئارتۇق خادىملار بارغانسېرى كۆپىيىپ، دۆلەت بەرگەن راسخوتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادەم بېقىشقىلا سەرپ قىلىنىپ كەتتى. تۆتىنچىدىن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى دېگەندەك مۇۋاپىق ئەمەس. ناھىيە، شەھەرلەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا ۋە بەزى شەھەرلەردە سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكرار قۇرۇلۇپ كەتكەن؛ يەنە بەزى رايونلار ياكى ناھىيىلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۈچى ئاجىز، تاماشىبىنلىرى ئاز، شۇڭا مەۋجۇت بولۇش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ناچار، يەرلىك مالىيە ئۇلارنى راسخوت بىلەن قامداشقا ئامالسىز بولغاچقا، ھازىر پۇت دەسسەپ تۇرالمىشى قىيىن بولماقتا.

پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ قويدى. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قاتار تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تەسەۋۋۇرلاردا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

«مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئۆمەك باشلىقلىرى ئاشكارا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىش توختام تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. خادىملارنىڭ مۇۋاپىق تۈردە ئالمىشىپ تۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىش خىزمىتى بىلەن ماسلىشالمىغان ئارتىسلارغا قارىتا كەسپىنى ئۆزگەرتىش ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىرىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى تەكلىپ قىلىنمىغان ئارتىسلارنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشىگە، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. كەسپىي جەھەتتە مۇئەييەن ماھارەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە داڭلىق ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ.

سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈ-
رۈپ، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىن تىجارەت
خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلدى. شارائىتى يار-
بەرگەن سەنئەت ئۆمەكلىرى تىجارەت خا-
راكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش دائىرىسىنى
كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى
باقىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىسىگە
ئايلاندۇرۇلدى. سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كۆپ
خىل تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ئوخشاش بول-
مىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈل-
مىلىك ئويۇن قويۇش گەۋدىلىرى قۇرۇل-
دى. ئۆمەكلەر ھۆددىگە ئېلىش، بىرلىشىپ
تىجارەت قىلىش، مۇستەقىل ھېسابات قى-
لىش ئارقىلىق ئويۇن قويۇپ پۇل تاپىدىغان
بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت سەۋىيى-
سىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت ئۆمەك-
لىرىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىللە،
جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان سەنئەت ئۆ-
مەكلىرىنى تەڭشەپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا
تېگىشلىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىر-
لەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى بىرلەشتۈرۈلدى.
مەدەنىيەت - سەنئەت ئىجادىيەت فوندى
تەسىس قىلىنىپ، ئىجادىيەتنى باشقۇرۇش
تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى
يولغا قويۇلدى. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم را-
يونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتقا
ئېرىشكەن ئورۇنلار ۋە ئارتىسلارغا يەنىمۇ
ئىلھام بېرىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئو-
يۇن قويۇشنى باشقۇرۇش شىركەتلىرى ئا-
ساسىي گەۋدە قىلىنغان، تۈرلۈك ئويۇن
قويۇشنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى قوشۇمچە
قىلىنغان ئويۇن قويۇش بازىرىنىڭ ئىگى-
لىك باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈ-
لۈپ، سودا خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش
پائالىيەتلىرى ئويۇشتۇرۇلدى. تۈرلۈك شە-
كىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى
زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.»

بىز مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىدا
سەنئەت خادىملىرىنىڭ «چىقالايدىغان، كى-
رەلەيدىغان بولۇش»نى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت
مۇشۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىدە بۆسۈش ھاسىل
قىلىپ، ئەڭ ياخشى لايىھە تېپىپ چىقىشى-
مىز لازىم. ئارتۇق خادىملارنى كۆپ خىل
يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، كەسىپ
ئالماشتۇرغان خادىملار ۋە مۇددەتتىن بۇ-
رۇن دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تې-
گىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.
سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى رىقابەتلىشىشكە
ئىلھاملاندۇرۇش، ياخشىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ،
ناچارلىرىنى شاللىۋېتىپ، تاللانغان كىشى-
لەرنىڭ ۋە ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ،
ياخشى ئىجتىمائىي ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمى-
نىڭ بارلىققا كېلىشىگە پايدىلىق بولۇشى
ئۈچۈن، سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى تۈزۈلمە
تەۋەلىكى بويىچە دەرىجىگە ئايرىشتەك
دەرىجە باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى پەيدىنپەي
بۇزۇپ تاشلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت- سەن-
ئەت ئورۇنلىرى مەمۇرىيەت بىلەن كەسىپنى
ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تۈزۈل-
مىنى ئىسلاھ قىلىپ، مېخانىزمنى ئۆزگەر-
تىپ، دۆلەت باشقۇرغان مەدەنىيەتنى ئاساس
قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر
مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن بىرلىكتە شۇ-
غۇللىنىش يېڭى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈ-
رۈپ، مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جە-
ھەتتىكى كۆپ خىل ئەندىزە ئۈستىدە پا-
ئال ئىزدىنىشىمىز؛ مەدەنىيەت - سەنئەت
ئورۇنلىرى قانداق قىلىپ مۇلازىمەتنى كې-
ڭەيتىشكە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات
مەبلىغىمىزنى توپلاشنى تەتقىق قىلىشىمىز،
دۆلەت ئىچىدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى
پائال راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا
خەلقئارا سەنئەت بازارلىرىنى ئېچىپ ۋە

كېڭەيتىپ، سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇ-
نىي هالدا چەتئەللەرگە چىقىپ ھەقلىق ۋە
سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇشىنى قول-
لاپ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم.

بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
توغرىسىدىكى چوڭ مۇھاكىمىنى چوڭقۇر
قانات يايدۇرۇپ، «سول» چىللىقنىڭ ئاسا-
رىتىنى تۈگىتىپ، مېڭىنى يېشەلاپ، ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە يە-
نىمۇ بويسۇنۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋە-
زىيىتىگە لايىقلىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئە-
دەبىيات - سەنئەتنى دادىل بازارغا يۈز-
لەندۈرۈشىمىز؛ مەدەنىيەت - سەنئەت سى-
تېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پىلانلىق،
قەدەم - باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشىمىز؛ بۇ
جەرياندا «سول» چىل تەپەككۇر ئۇسۇلى-
نى، مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، قالايمىقانچىلىق
كېلىپ چىقىشتىن قورقۇش روھىي هالىتى-
نى تەلتۆكۈس چۆرۈپ تاشلىشىمىز، ئىسلا-
هات داۋامىدا ھەم ئىدىيىۋى بوينىنى تاش-
لاپ ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەتلىك بولۇ-
شىمىز، ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دىشىمىز، ھەم ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، ھەم
سوغۇققان بولۇشىمىز، باشقىلارنىڭ ئىلغار
تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا، ھەم ئۆز
يېرىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يە-
كۈنلەشكە ماھىر بولۇشىمىز؛ لايىھە تۈزۈش-
تە ھەم ئاكتىپ بولۇپ، پىششىق يارىتىپ،
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يۈزلىنىشىگە
ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، ھەم سالماق بولۇپ،
توغرا دەپ قارىغاننى دادىل ئىشلىشىمىز،
دەماللىققا كۆز يەتمىگەن، سىياسەتچانلىقى
كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان-
لىرىنى پائال سىناق قىلىشىمىز؛ ئىسلاھات
لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشتا يۇقىرىدىن تۆ-
ۋەنگە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قايتا - قايتا
مۇزاكىرە قىلىشىمىز، ھەرمىللەت مەدەنىيەت-
سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەنپەئەتى، ئارزۇسى-
نى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز؛ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش، ھەرقايسى تەرەپلەردىن
كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا ئىمى-
كانىيەتنىڭ بارىچە ئىسلاھات لايىھىسىنى
ئىجابىي، يولغا قويغىلى بولىدىغان قىلىشى-
مىز كېرەك. يولىمىز توغرا، ئۇسۇلىمىز
مۇۋاپىق، تەدبىرىمىز كۈچلۈك بولسىلا
مەدەنىيەت خىزمىتىدە پارتىيە 14 - قۇرۇل-
تىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئە-
مەلىيلەشتۈرۈپ، 14 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى-
نى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت
ئىشلىرىغا دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەدە-
نىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ
چوڭ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايمىز.






هاجى مىرزاھىدكېرىمى

**1**

تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرىمەن. كۆز ئال-
دىمدا نامايان بولغىنى نىئون، كرىستال
چىراغلار چاقناپ تۇرغان كۆركەم سەھنە
ئەمەس، بەلكى بۈك - باراقسان دەل -
دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلان-
غان چىمەنلىك، بىپايان تەبىئەتنىڭ بىر
قىسمى. غۇر - غۇر شامال يۈزۈمنى سىي-
پاپ ئۆتكەندەك، دىمىقىمغا گۈللەرنىڭ
ھىدى ئۇرۇلغاندەك بولدى، تەنلىرىم ياي-
راپ قەلبىم شادلىققا چۆمدى.

بىردىنلا سېھىرلىك سادا كۆتۈرۈلدى،
بىر يىگىت ناخشا ئېيتقىنىچە دەل - دە-
رەخلەر ئارىسىدىن چىقتى. گويا ناخشىنى
ماڭىلا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، قۇلىقىم دىڭ
بولۇپ، يۈرىكىم ئويناپ كەتتى.

ئۇنىڭ ناخشىسى مەجنۇن تاللارنى
ئۇسسۇلغا سېلىپلا قالماستىن، بىر چىمار





يىلاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالدى.

بېرىلىپ ئاڭلاۋاتىمەن، زوقلىنىپ كۆرۈۋاتىمەن.

يىلاننىڭ زەھەرلىك، قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم.

ناخشا ياڭرىماقتا. يىلان بىر يىغىلىپ، بىر ئۈزىراپ شىددەت بىلەن ئۆمىلىمەكتە. ناخشا دولقۇنلاندى، يىلان ئالدىغا ئېتىلدى، ئۆرە بولدى. بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا كۆز تىكتى، بويۇنداپ ئايلىنىپ، ۋىشىلداپ تولغاندى، ئۇ بىردىنلا ياتتى، كۆك ئوت ئۈستىدە دومىلاپ-دومىلاپ ئۆمىلەپ كەتتى ...

ئېتىلىپ كېلىپ ماڭا چەمبەر سىلىۋالىسىكەن، دەپ قالدىم.

قاقاس چۆلدە قالغان يولۇچى سۇغا تەشنا بولغاندەك، يېڭىلىققا تەشنا بولۇۋاتقان چېغىمىزدا، تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان ئەنە شۇنداق نەپىس بەدەن ھەرىكىتى، شوخ، ئۆزگىرىشچان مىمىكىسى ئارقىلىق، قورقۇنچلۇق، بەدبەشرە يىلاننى ئادەم زوقلىنىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان يېقىملىق، گۈزەل جانلىققا ئايلاندۇرۇپ، تاماشىبىنلارنى ئاجايىپ ھوزۇرلاندۇردى ۋە يېڭى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ دۇنياغا، يېڭى تەرەققىيات مەنزىلىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

2

يىلان يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىمەكتە. قارا كۆزلەردىن ئۇچقۇندىغان نۇر كۆل - گىياھلارنىڭ بەرگىگە تۆكۈلمەكتە...

بۇ نەپىس ئۇسسۇلدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا غەرق بولدۇم:

ماھارەتسىز، تۆۋەن سەۋىيىدە ئوقۇلغان ناخشىلار، ئوينالغان ئۇسسۇللار، چېلىنغان سازلار ۋە ئۇلارنىڭ قايتا - قايتا تەكرارلىنىشى تاماشىبىنلارنىڭ مىللىي سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقىنى بىر مەزگىل سوۋۇتۇۋېتىپ، چەت ئەل سەنئىتىگە ھەۋەسلەندۈرۈپ قويغانىدى. يېڭىلىق، ئۆزگىرىش بىلەن تولغان ئىسلاھات دەۋرى، خۇددى مۆجىزىدەك «يىلان ئۇسسۇلى»غا ئوخشاش بىر نەچچە يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى كەينى - كەينىدىن سەھنىگە چىقىرىپ، چاڭقىغان تاماشىبىنلارنىڭ ھەۋىسىنى قايتا قوزغاپ، روھىنى ئۇرغۇتتى. مىڭلىغان تاماشىبىنلار قاتارىدا مەنمۇ ئۈمىدلىنىپ، جۇشقۇنلىشىپ قالدىم.

ئالدى بىلەن، سەنئەت گۈلزارىنىڭ نەۋقىرانى ئوسمان ئەمەت نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان 12 مۇقام غەزەللىرىنى سەھنىدە ئاڭلانغان دەريا شاۋقۇنىدەك ساپ، لەرزان ئاۋازى بىلەن ئېيتىپ، تاماشىبىنلارغا يېڭىچە زوق بەخش ئەتتى.

تىرىشىپ، ئىزدىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، بەدىئىي ماھارەتنىڭ نازۇك، سىرلىق، زىل تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلىگەن ۋە ئۇنى ئىجادىي سەۋىيىگە يەتكۈزەلىگەن تالانتلىق سەنئەتكارلار، بىر سەنئەت نومۇرىنى قانچە قېتىم ئورۇندىسا، كىشىلەرگە شۇنچە قېتىم يېڭىلىق ھېس قىلدۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىدارسىزلار، ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزەلمىگەنلەر يېڭى ئىجاد قىلىنغان سەنئەت نومۇرلىرىنىمۇ كونىدەك، قايتىلانغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ، ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، ھەتتا بىزار قىلىۋېتىدۇ. بۇ، تاماشىبىنلارنى ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتقان رېئاللىق.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ھەم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغۇچى خەلچەم سىددىقنىڭ ئىجادىي ئۇسسۇللىرى

بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس سۇلكەت - نازاكىتى، ساھىبجامالى ئارقىلىق سەھنىگە يارىشىپ كېلىۋاتقان رەيھانگۇل ئابلىز ئورۇندىغان خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە ئىجادىي ئۇسسۇللار نەپىسلىكى، شامالدەك سىيلىق، ئەۋرىشىمچانلىقى سەۋەبىدىن دائىم دېگۈدەك يېڭى تۇيۇلۇپ تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل تارىنى چېكىپ كەلمەكتە.

تۇرنىسا سالاھىددىن، چىمەنگۈل قادىر قاتارلىقلار ئوقۇغان مۇقام غەزەللىرىمۇ، گۈلباھار ھامۇت، پەرىدە مامۇت ئېيتقان خەلق ناخشىلىرىمۇ ئاڭلىغانسېرى كىشىگە يېقىملىقتەك تۇيۇلىدۇ.

مۇقام ئانسامبىلىدىكى سەنئەتكارلار 12 مۇقامنى ئېلىمىز سەھنىلىرىدە ياڭرىتىپلا قالماي، دوناي، تېمزا① ۋادىلىرىدا ياڭرىتىپ، سەنئەت خۇمار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى دۇنياغا تونۇتتى.

ئىشىك ئېچىۋېتىلىپ تونجۇققان يۈرەكلەر سەگىگەن، كونا تۇغانلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، سۇلار شارقىراپ ئاققان، گۈلشەنگە رەڭگارەڭ گۈل ۋە قىشتىمۇ سايراشتىن توختاپ قالمايدىغان بۇلبۇل، كاككۇك، تورغايلار قوشۇلغان 80 - يىللاردا، قارلىق چوققىدىن چۈشكەن شارقىراتمىدەك جۇشقۇن ئاۋازى، شوخ، ھېسسىياتلىق ھەرىكىتى بىلەن تاماشىبىنلار قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىززەت ئىلياس، ئىزدىنىش روھى ئۇستۇن، ناخشىسىمۇ، ھەرىكىتىمۇ ئۆزگىچە يېقىملىق بولغان پەرىدە قاسىم، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى كۈيلەنگەن غورۇرلۇق ناخشىلىرى ئارقىلىق تونۇلغان كۈرەش كۇسەن، ئاخىرقى تىنىقىغىچە دۇنيانىڭ گۈزەل ۋىسالىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەن، ياشلار قەلبىدىكى چولپان مەرھۇم ئەخمەتجان مەتتىمەن، جۇشقۇن، مەردانە غەزەلخان شامىل شاكىر، ئۇسسۇلى مەيىن تاڭ شامىلىدەك نەپىس، ھوزۇرلۇق مۇنىرە ئابلىز، دىلنار ئابدۇللا، يۇمۇرلۇق ھەم چوڭقۇر مەزمۇنلۇق كۈلدۈرگە نومۇرلىرى بىلەن سەھنىنى جانلاندۇرۇپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغان ئابدۇرېشىت توختىقۇربان، ئابلىز توختىقۇربان قاتارلىق سەنئەتكارلار، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئىقتىدارلىق ھەۋەسكارلار، قاتمۇقات بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۇچقان لاچىن - شۇڭقارلاردەك، قاتماللىق ۋە توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مۇبارەك پەردىسىنى ئاچتى.

3

قۇش قانىتىدەك ساپ ھاۋانى يېرىپ ئەگىگەن قوللار، چىمەن ئۈستىگە يېنىك دەسسەپ پىرلداپ ئايلانغان ئاياغلار، يۆگىلىپ چەمبىرەك بولغان زىلۋا تەن... ئاھ، بۇ راستىنلا يىلانمىدۇ؟

يېڭى زامان ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ پەردىسى ئېچىلغاندىن كېيىن تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان «تەنھا»، «توي ناخشىسى»، «گۈل ئىشقى» قاتارلىق ئۇسسۇللىرى بىلەن تاماشىبىنلارغا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ، مۇنىرە ئابلىز ئورۇندىغان «كېپىنەك ئۇسسۇلى»، «قارا كۆزلىرىڭ»، «ئۇيغۇر قىزى» ئۇسسۇللىرى بىلەن دىلنار ئابدۇللا ئورۇندىغان ئىجادىي ئۇسسۇللار ۋە چەت ئەل ئۇسسۇللىرىمۇ جەلپكار نومۇرلاردىن بولۇپ قالدى.

كىشىلەر كۆڭلىدە ھازىرغىچە ھايات ساقلىنىۋاتقان مەرھۇم ئەخمەتجان مەتتىمەننىڭ «سۇمبۇل چاچلىرىڭ»، كۈرەش كۇسەننىڭ «18 ياشىم» ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىنغان كوللېكتىپ ئۇسسۇللارمۇ يېڭى زامان سەنئىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. بۇ ئۇسسۇللارنى كۆرگەن چېغىمدا روھىمغا روھ،

① دوناي - ياۋروپادىكى دەريا. تېمزا - ئەنگلىيەدىكى دەريا.

ئارزۇيۇمغا يېڭى ئارزۇلار قوشۇلۇپ، گويا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولىمەن. ئېسىل ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ، ياشلىقنى ئۆز ۋۇجۇدى ۋە روھىيىتىدە ساقلاش، ۋاقىتسىز قېرىماسلىقنىڭ، ئۆمىدسىزلەنمەسلىكنىڭ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغان شىپالىق دورىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

«يىلان ئۇسسۇلى» غا ئوخشاش، «بۆرە رىۋايىتى» ئۇسسۇلىمۇ يېڭى زامان ئۇيغۇر سەنئىتىدىكى يەنە بىر ئۈلگە بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭدا جاراڭلاۋاتقىنى قەدىمكى زامان تۇرمۇش ئېڭى بىلەن زامانىۋى روھنىڭ يۇغۇرۇلىشىدىن ھاسىل بولغان ھايات ھەققىدىكى ئۈزۈلمەس سىمفونىيە. ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ كىيىنىشى، روھي ھالىتى، ئۇنىڭغا تەگكەش قىلىنغان ئۇسسۇلى كىشىنى ئۆزگىچە سېھىرلىك بىر مۇھىتقا باشلاپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ، قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، روھنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ.

4

ناخشا لەرزان ياڭرىماقتا. زىلۋا تەن يەلپۈنگەن مەجنۇنتالدەك تولغانماقتا. مايسىدەك تال - تال كىرپىكتىن مۇنبەت تۇپراققا سۆيگۈ نۇرلىرى چېچىلماقتا...

بۇ ئېسىل ئۇسسۇلغا ئەسىر بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتمۈشنى، ياشلىق چاغلىرىمنى ئويلاپ قالدىم:

1956 — 1957 - يىللىرى مەشھۇر سازەندە، ئىجتىھاتلىق مۇزىكانت ھۇسەنجان جامى چالغان تەمبۇرنى تىڭشىغىنىمدا، گۈزەل رۇخسارى، جۇشقۇن ناخشىلىرى بىلەن داڭق چىقارغان پاشا ئىشاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغان ھاجى راخمانىنىڭ داپ ئۇسسۇلىنى كۆرگىنىمدە، سەرۋىدەك قامىتى، نەپىس ھەرىكەت - سۈلكىتى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ئايتىللا قاسىمنىڭ ئۇسسۇللىرىدىن ھوزۇرلانغىنىمدا... ئۇلار ئۆمۈرۋايەت شۇ ھالىتىدە تۇرسا ئىكەن، دەپ ئارزۇ قىلغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدىكەن. قۇربان ھېيتسىز يىلنىڭ تىنجىق تومۇز كۈنلىرىدىمۇ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان كۈز ئايلىرىدىمۇ، قار ياغقان ۋاقىتلاردىمۇ، رەڭگارەڭ چېچەكلەر ئېچىلغان چاغلاردىمۇ كېلىپ، يەنە ياز پەسلىدە شادىيانىسىنى ياڭرىتىۋاتقىنىغا بىر نەچچە يىل بولدى. بىر قەرنە شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. دۇنيادا ۋە مەملىكىتىمىزدە كۈتكەن ۋە كۈتۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئاتمۇ، ماددىمۇ، تۇيغۇمۇ، پىكىرمۇ يېڭىلاندى. ئاشۇ قارا چاچلارغا ئاق چۈشتى، چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلەر خىرەلەشتى، ئايدەك نۇرلۇق يۈزلەر قورۇلۇپ پۈرۈشتى، ياڭراق، مۇڭلۇق، لەرزان، زىل سادالار ئەينى ۋاقىتتىكى سېھىرىي كۈچىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. زىبا قامەتلەر قېتىشىپ، ئەۋرىشىمچانلىقىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ھارماس پۇتلار، تالماس قوللار سىقراپ ئاغرىيدىغان، تىترەيدىغان بولۇپ قالدى. تۇرمۇش داۋاملىشىۋەردى. قوي قوزىلىدى. ئانا باغرىدا يېڭى بوۋاق تېپىرلاپ، ئالەمگە يىغلاپ كۆز ئاچتى.

كاشكى، 50 - يىللاردا تېلېۋىزور بولغان بولسا، ئاشۇ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ھاياتى كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان دەۋرىدىكى ساھىبجامالى، نازاكەت - سۈلكىتى، ناز - كەرەشمىسى، ياڭراق ساداسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنى زوقلاندۇرغان، ھوزۇرلاندۇرغان بولاتتى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ گۈزەل ياشلىقىنى ئەمدى كۆرەلمەيمىز.

«يىلان ئۇسسۇلى» داۋام قىلماقتا،

ياشلىقنىڭ سېھىرلىك ئاۋازى دالىنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە. ياشلىقنىڭ شەمشاد قەددى، ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىگاھى، ياشلىقنىڭ نۇرلۇق چىرايى، ياشلىقنىڭ خۇش تەبەسسۇمى، ياشلىقنىڭ قايغۇسى، ياشلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئالدىمدا نامايان بولماقتا. ئاھ، ياشلىق...

5

يادەك ئېگىلگەن لىۋەن قامەت، تولغانغان ئەۋرىشىم بىلەك، باغرىنى زېمىنغا يېقىپ سوزۇلۇپ ياتقان يىلان...

بۇگۇنمۇ تېلېۋىزوردىن بۇ ئۇسسۇلنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمدا، «تۇتىنامە» دىكى بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى. ئۇنىڭدا ئادەم مىجەزىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى مۇزىكىنى ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاش ئاڭلىماسلىقىدىن بىلگىلى بولىدىغانلىقى، ياخشى مىجەزلىك، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ مۇزىكا خۇمار كېلىدىغانلىقى، مىجەزى ئوسال، ئالانىيەت ئادەملەرنىڭ مۇزىكىنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇ خاراكتېرىستىكا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىمىزگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان روھىي ھالىتىمىزنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، مۇنداق تونۇشقا كېلىمىز:


ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تەبىئىتىدىكى مۇلايىملىق، خۇش خۇيلۇق، غەيۇرلۇق، مەردانىلىق ناخشا - مۇزىكىغا بېرىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان، ئۇنىڭغا بېرىلمىگەن چاغلاردا ئۇلار جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، يۇۋاشلىشىپلا قالماستىن، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ، ئېتىقاد - ئەقىدىسى سۇسلىشىپ، ۋاپا - ساداقىتى ئاجىزلىشىپ، قولچىلىق ھېسسىياتى كۈچىيىپ، قاششاقلىشىپ كەتكەن...

دېمەك، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا خەلقىمىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقى. ئۇنى قەدىرلىشىمىز، سانىنى كۆپەيتىشىمىز، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، بۇ بايلىقنىڭ كەمسىتىلىشىگە، خوراپ كېتىشىگە ئەسلا يول قويماسلىقىمىز لازىم. 12 مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كلاسسىك ناخشا — ئۇسسۇللىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، يېڭى زامان مىللىي سەنئىتىمىزنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك، بۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى، دەۋرنىڭ تەلىپى.

ھازىرقى دەۋر — ئىشىك ھەممە تەرەپكە ئېچىلغان، گۈللىنىشكە، ياشناشقا شارائىت ھازىرلىنىۋاتقان دەۋر. بۇ دەۋرنىڭ قىممىتىنى تونۇپلا قالماي، ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ توغرا تونۇساق، ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشىمىزدىن ئۈمىد زور.

ھازىرقى مىللىي سەنئىتىمىزدىكى يېڭىلىقلار يېڭىچە مىللىي روھنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىشى. بۇ روھ — شەيئىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدىغان، ئىچكى ۋە تاشقى دۇنيانى يېڭىلايدىغان روھ. ئەمدى گەپ ئەنە شۇ يېڭى روھنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە گەۋدىلەندۈرۈپ، مىجەزىمىزدىكى ئوساللىقنى تۈگىتىپ، سائادەتلىك كەلگۈسىگە يول ئېچىشتا قالدى.

تېلېۋىزوردىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرىمەن. ئەنە، چىپار يىلان تولغىنىپ، سوزۇلۇپ ئۆمىلىمەكتە، كۆك ئوت ئۈستىدە تۈگۈلۈپ، چەمبىرەك بولۇپ دومىلىماقتا. ئالغا ئىنتىلىپ يول ئاچماقتا... ياق، بۇ، يىلان ئەمەس، ئەلگە يېڭىلىق، يېڭى روھ تەقدىم قىلىۋاتقان دىلرابا سەنئەتكار.






(پوۋېست)

**مۇھەممەت باغراش**

ئادەمدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

دەريانىڭ كۆلگە قۇيۇلىدىغان ئېغىز قىرغىقىغا جايلاشقان كۆجۇم مەھەللە. مەھەللىنىڭ قايسىلا تەرىپىدىن قارىسا، ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا بىلەن نېرىقى چېتى ئۇپۇققا تۇتىشىپ، كۆك ئاسماننىڭ پارچىسىدەك سوزۇلۇپ ياتقان ھەيۋەتلىك كۆك كۆل كۆزگە تاشلىناتتى. مەھەللە ئىككى پېشى تاغ تەرەپكە قاراپ ئېگىزلەپ بارغان ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا، دەريا بىلەن كۆل بولسا ئاشۇ ئويمانلىقنىڭ يۇقىرى پېشىگە جايلاشقانىدى، شۇڭا، دەريا بىلەن كۆل مەھەللىدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى.

مەھەللىدە ئاران 40 — 50 تۈتۈن ياشايتتى. مېۋىلىك باغلار ھويلا - ئاراملارنى پۈركەپ ياتاتتى.

بۇ مەھەللىدە نە كىنوخانا، نە قىرائەتخانا يوق ئىدى. تولىمۇ چەت بولغاچقا، يېزىنىڭ كىنوچىسىمۇ كەمدىن كەم كېلەتتى.

بۇ يەردىكىلەر، بولۇپمۇ چوڭلار كىنو
كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى. شۇڭا، كىنو
كەلسە پەقەت كىچىك بالىلار ۋە بەزى
ياشلارلا كۆرەتتى. مەھەللىدە ئېلېكتىر چى-
لېكتىر يوق ئىدى. پەنەر، قاراچىراغ يېقى-
شاتتى. ئادەملەر كەچ بولۇش بىلەنلا يې-
تىپ قېلىشاتتى. پۈكمىنى كېسەكتىن
قوپارغان كىچىككىنە بىر مىلىش مال
دۇكىنى بار ئىدى. بۇ يەردە ئەرزان با-
ھالىق رەختلەر، شام - كىرسىن، تۇز-
چاي، قەنت - گېزەك، ئارغامچا - توقۇناق
دېگەندەك نەرسىلەر سېتىلاتتى. دېھقانلاردا
پۇل يوق ئىدى. تاپقان - تەرگىنى چاي
بىلەن تۇزغا ئاران چىقىش قىلاتتى. بەزى
كىشىلەر ئاشۇ لازىملىقلىرىنىمۇ ھېساب
دەپتەرگە پۈتكۈزۈپ قويۇپ ئېلىشاتتى.
پۇلىنى قولى قاچان پۇل كۆرسە، شۇ
چاغدا بېرىشەتتى. قەنت - گېزەك دېگەن-
لەرنى سېتىۋالىدىغان ئادەم بولمىغاچ توپا
بېسىپ ياتاتتى. رەختلەر ۋە كىيىم - كې-
چەكلەرمۇ ئىس ۋە توپا - توزان دەستىدىن
قول تەگمەي تۇرۇپ كونىراپ كېتەتتى.
گۆش - كۆ... ۋە ئاشلىقى قەدىر - ئەھ-
ۋال يېتىشەتتى، سىرتتىن سېتىۋالمايتتى،
سىرتقىمۇ ساتمايتتى. شۇڭا، بۇ يەردە
بازار بولمايتتى.

مەھەللىلىكلەر بىر - بىرى بىلەن ئىناق
ئۆتىشەتتى. يىللار ئۆتۈپمۇ كىشى ئۆندە-
رىگۇدەك بىرەر ئىش سادىر بولمايتتى.
مەھەللە ھاياتى ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن
بىر خىلدا، جىمجىت ئاقىدىغان دەرياغا
ئوخشايتتى. ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن
ئىشلىرى پۈتۈن مەھەللىلىكلەرنىڭ قاتنى-
شىشى ۋە قولمۇ قول ياردىمى بىلەن
ئۆتكۈزۈلەتتى. بىرەر ئائىلىگە كەلگەن
بەختسىزلىككە ھەممە كىشى بىردەك قايغۇ-
راتتى. بۇنداقلارنى قوشنا - قولۇملىرى

نۆۋەت بىلەن چايغا چىللاپ تەسەللىي بېرى-
شەتتى. بىرەركىم قازا قىلسا، ھەممە ئائىلە
ھازىدارلارنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇيتتى. ئۇ-
لارنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا روزىغارى-
دىكى بارىنى ئاياپ ئولتۇرمايتتى. تۆي
سېلىش، ئورما ئورۇش، خامان ئېلىش،
تام چۆرۈش ... تەك بىر قەدەر چوڭ ئىش-
لاردا ھەممە ئائىلە بىر - بىرىگە «ھە،
ھۇ» دېيىشىپ ياردەم قىلىشاتتى. بۇ، قە-
دىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان
ئادەت ئىدى. باشقىچە بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ئېيتىشلىرىچە، بىر چاغلاردا
دەريا سۈيى پات - پات قاشنى چېقىپ
كېتىپ مەھەللىگە كەلگۈن ئارام بەرمەي
ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جېنىغا زامىن
بولاتتىكەن. دەريا قېشىنى قاشلاش بۇ
يەردىكىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەمگىكى بولغانى-
كەن. مەھەللىلىكلەر بىر ياقىدىن باش
چىقىرىپ، بارنى تەڭ كۆرۈپ، بىر - بىرى-
گە ھەمدەم بولۇشۇپ كەلگۈندىن قوغدى-
نىپ كەلگەنىكەن. پات - پات بولۇپ
تۇرىدىغان كەلكۈن ۋەھىمىسى ئۇلارغا
بىر ئادەمنىڭ ياشىشى ئۈچۈن، نۇرغۇن
ئادەمنىڭ ياشىشىنىڭ لازىملىقىنى، شۇڭ-
لاشقا كۆپنىڭ كۈچىگە تايىنىش، كۆپ
تۇرغان يەردە تۇرۇش، كۆپچىلىكنىڭ قاتا-
رىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق، كۆپچىلىك-
نىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالماسلىق، كۆپ-
نىڭ غەزىپىگە يولۇقماسلىق ئۈچۈن تاپ-
تىن چىقماي، ئىنساب بىلەن پاكىز ياشاش
لازىملىقىنى ئۆگەتكەنىكەن. قېرىلارنىڭ
ئولتۇرسا - قوپسا ئۆگۈت قىلىدىغىنىمۇ
مۇشۇ ئىدى. ياش - ئۆسمۈرلەرمۇ ئاتا-
ئانىسىنى ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغۇچى
سۈپىتىدە ئۇلۇغلىسا، ئاتا سۆزىنى ياشاش
مىزانى دەپ بىلىشەتتى. مەھەللە ھاياتىدى-
كى تىنچلىق ۋە بىر خىللىق مەھەللىلىكلەرنىڭ

قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ قۇدرەتلىك روھىي كۈچنى ھىمات قىلغانىدى...

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، مەھەللىنىڭ ئاياغ چېتىدىكە، دەرياغا يېقىن قىيپاس تۈزلەڭگە مەھەللىنىڭ ئايىغىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىغا بىر ئاشپۇزۇل ئېچىلدى. بۇ، مەھەللىگە نىسبەتەن ئاجايىپ يېڭىلىق ئىدى. قېرىلار ھەيران بولسا، ياش - ئۆسمۈرلەر خۇشال بولۇشتى. بۇ، ئۇلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ يېڭىلىق تۇيۇلغانىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يەردىكىلەر ئاشپۇزۇلدا تاماق يەپ ئۆگەنمىگەنىدى. ئايدا - يىلدا، بىرەر قېتىم، ئېشەك بىلەن ماڭسا، قاتتىق بىر كۈنلۈك (يول) يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا بېرىشقىنىدا سامىسخانا ياكى ئاشخانىغا تەرەپبال كىرىپ قېلىشمىسا، ئاشخانا دېگەنلەرگە يېقىن يولىمايتتى؛ بالا - ۋاقا بىلەن بىر داستىخاندا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ غىزالانمىسا، يېگەن غىزا غىزا بولمايتتى. خۇددى ئۆيدىكىلەرنىڭ رىسقىنى يەۋالغاندەك گۇناھلىق تۇيۇلاتتى. ئاشپۇزۇلدا تاماق يەپ يۈرۈش، پەقەت خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان كۈنلىرىگە شۈكرى قىلمايدىغان، ئۆي - ۋاقىلىق بولغۇسى، جاھان تۇتقۇسى كەلمەيدىغان، كەلدى - كەتتىسىنىڭ، ئالدى - بەردىسىنىڭ تايىنى يوق، تۇتسا سېپى، قىچقارسا ئېتى يوق ماكانسىز سايىقلارنىڭ، يا بولمىسا تەكەببۇر ئاكابىر - چوڭچىلارنىڭ قىلىدىغان قىلىقى ئىدى. شۇڭا، بىرەر ئىش - كۈش بىلەن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ قالغانلار قورسىقى ئاچسا، بېلىگە تۈگكۈۋالغان نانلىرىنى ئۆستەڭ سۈيىگە چىلاپ، بەلبېغىنى داستىخان قىلىپ سېلىپ ئولتۇرۇپ يەيتتى. ناھايىتى كەلسە، ئۆيلىرىگە بىرەر يېرىم جىڭ گۆش ئالغاچ كېتەتتى. ياش - ئۆسمۈرلەر بىرەر ئاشخانىغا تاسادىپىي كىرىپ قالغان بولسا، قايتىپ بارغاندىن كېيىن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆزى كىرگەن ھېلىقى ئاشپۇزۇلنىڭ گېپىنى قىلاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارغا بازار بالىلىرىنىڭ ئاشپۇزۇللاردا توپ - توپى بىلەن كېرىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، كۆلكە چاقچاق، قىيا - چىيا قىلىشىپ غىزالىنىشلىرى يېڭىچە تۇيۇلاتتى. ئۇلارغا ھەۋەسمۇ قىلىشاتتى...

ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى ھادى دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېھقان بالىسى بولسىمۇ، دېھقانچىلىقنى ياراتمايمۇ ياكى كومۇناغا ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن جان تىكىپ ئىشلىسىمۇ، يىل ئاخىرىدا يەنىلا ئۇۋاچ پۇلىغا قەرزدار بولۇش ئۇنىڭ جېنىغا تەگدىمۇ، ئىشقىلىپ ئەتىرەتتىن: «دەريا قاشلىغىلى بارىسەن» دەپ ئۇقتۇرغان بىر كۈنى كېچىدىلا قوپۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا ھادىنىڭ تازا قىران چاغلىرى ئىدى. قېرىپ كۈچىدىن قالغان ئاتا - ئانىسى زار - زار يىغلاپ توسقان بولسىمۇ، ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، نە ئاتا - ئانىسىغا، نە مەھەللىدىكىلەرگە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭدىن نە خەت - چەك، نە خەۋەر كەلمىدى. ئۇ، يېزىدىن ئەڭ ئۇزۇن ئايرىلغان تۇنجى مەھەللىلىك ئىدى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئۇ ئۇشتۇمتۇت مەھەللىدە پەيدا بولدى. ھادى ئەمدى 46 — 47 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن چاچلىرى ساپسېرىق، كۆزلىرى كۆك ۋە ئېگىزگىنە بىر خوتۇن بىللە كەلدى. بۇ خوتۇننى «ئايالىم» دەپ تونۇشتۇردى ئۇ مەھەللىدىكىلەرگە. كىشىلەر ئۇنىڭ «بىزنىڭ بالىلار بولىدۇ» دېمەستىن، تۇغرىدىن

توغرا جىمى ئادەملەرنىڭ يۈزىچە، قىزار-
ماي تۇرۇپ: «ئايالىم» دېگىنىدىن ھەيران
قالدى. بۇ يەردىكىلەر ئايالىنى ئۇنداق
دېيىشمەيتتى. پەقەت: «بىزنىڭ بالىلار»،
«بالىنىڭ ئانىسى»، ياكى بولمىسا «بىز-
نىڭ ئۆيدىكىلەر» دېيىشەتتى. ھېچكىم
ھادىدەك ئۇنداق تولۇمدىن توقماق چە-
ققاندەك ئايالىم دەپ ئاتاشمايتتى. ئۇنداق
ئاتاش، ئەلۋەتتە ئەدەبسىزلىك ئىدى. لې-
كىن ھادى بۇلارنى ئويلاپمۇ قويمىدى.
ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ ئۆزگىرىپ كەت-
كەن، ئاغزىغا ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋال-
غانىدى. پايدا قىلارمىش. «زىيان» دەيدى-
غان نېمىنى چېكىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ
ھېلىقى مۇشۈككە ئوخشايدىغان كۆككۆز
ئايالى بولسا، قاشلىقنى بولۇشىغا ئېتىپ
كالپۇكنى بويىۋاپتۇ. بۇ يەردىكى قىز-
چوكانلار ئوسما قويۇپلا، قاشلىق ئەتمەيت-
تى. ئەگلىك - پەگلىك دېگەنلەرنى يېقىن
يولاتمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆگى-
نىڭ ئېقى - ئاق، قىزىلى - قىزىل تۇراتتى.
يۈز - كۆزلىرىنى گۈل سوپۇن بىلەن
يۇيىۋالغان كۈنلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ
يۈزى مىس تاۋاقتەك يالتىراپ كېتەتتى.
مۇنۇ خوتۇنىنىڭ ھېچ ئىزا تارتماي، شۆ-
پۈكتەك نېپىز كالپۇكنى بولۇشىغا بوياپ،
يېپتەك قاشلىق ئېتىپ، مەھەللە كوچىسى-
دا قىسىپ دەسسەپ، تىككىسلاپ مېڭىپ يۈر-
گىنىنى كۆرۈپ، مەھەللىدىكى قىز - چوكان-
لارنىڭ «ھو» قىلغۇسى كەلدى. شۇنىڭ
بىلەن مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ - ئۆس-
كەن ھادى ئۆز مەھەللىدىكىلىرىنىڭ نەزەرى-
دە يات ۋە يۆچۈن ئادەم بولۇپ قالدى.
كىشىلەر قائىدە يۈزىسىدىن ھادى بىلەن
ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆي بېسىپ ئۆيلىرىگە
چاقىرىپ، تاپقان - تەرگىنىنى ئاياپ
ئولتۇرماي مېھمان قىلىۋاتقان بولسىمۇ،
ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىشاتتى. لېكىن
ھادى مەھەللىدىكىلىرىنىڭ مۇئامىلىسىدىكى بۇ
ئۆزگىرىشنى بايقىمىغاندەك ئىدى. ئۇ،
يەيدىغىنىنى يەپ، ئىچىدىغىنىنى ئىچىپ،
خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ
مېھمان بولۇۋەردى. ھادى گەپچى ۋە خۇش
چاقچاق بولۇپ قالغانىدى. قىزىق - قىزىق لەتى-
پىلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ، ئادەملەرنى كۈلدۈ-
رۈشنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى
يوق ئىكەن. ئۈرۈمچىدىكى كاتتا مېھمان-
خانا، ئاۋات بازار - باغچىلار، ئېگىز بى-
نالار، ئىككى قەۋەتلىك كۆۋرۈكلەر، مۇكى-
دەك چېپىپ يۈرىدىغان ماشىنىلار، ئۇۋى-
سى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك قىمىلدىشىپ
يۈرگەن ئادەملەر توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزى-
غا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئۈرۈمچىدە ئەر -
ئاياللارنىڭ كۈپكۈندۈزدە بىر - بىرى
بىلەن قولتۇقلىشىپ ماڭىدىغانلىقى، بالى-
لىق ئەر - ئاياللار كوچىغا چىقسا، بالى-
نى ئەر كىشى كۆتۈرۈدىغانلىقى، ئۇ يەردى-
كى 40—50 ياشلىق ئاياللارنىڭمۇ پەدەز
بىلەن قىز بالىدەك ياسىنىپ يۈرىدىغان-
لىقى سورۇندىكى ئاياللارنى تاڭ قالدۇر-
غان بولسا، ئۈرۈمچىدە پۇل دېگەننىڭ شۇ
قەدەر كۆپلىكى، يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى
ماگىزىنىدىن مال ئېلىپ، بۇ دوقمۇشقا ئۆ-
تۈپلا ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە باھا چاپلاپ
ساتسا، خەقلەرنىڭ يەنىلا تالىشىپ ئالى-
دىغانلىقى، ئۇ يەردە پۇل تاپماقنىڭ
ئوڭايلىقى، ئايروپىلان بىلەن بىر كۈندە
شاڭخەي، گۇاڭجۇ دەيدىغان شەھەرلەرنى
ئايلىنىپ يەنە ئۈرۈمچىگە يېنىپ كەلگىلى
بولىدىغانلىقى، ھازىر ئانچىكى بىر ئو-
قەتچىلەرنىڭمۇ ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئو-
قەت قىلىشىدىغانلىقى، ئۇلار ئەتىگەنلىك
چاينى ئۈرۈمچىدە ئىچسە، چۈشلۈك تاما-
قىنى شاڭخەيدە، كەچلىكىنى بېيجىڭدا

يەيدىغانلىقى، دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىگە
تېلېفون ئۇرسا، يېرىم پىيالە چاينى سۇ-
مۇرۇپ بولغىچىلىك ئۇلىنىدىغانلىقى،
ئۇرۇمچى بازارلىرىدا شەخسلەرنىڭ ماشى-
نا ئېلىپ - ساتىدىغانلىقى، سەپسىن چەت
ئەل ماللىرى بىلەن سودا قىلىشىدىغانلىقى،
ياپياشلا يىگىتلەرنىڭ مۇشۇ يېزىنى سې-
تىۋالغۇدەك پۇلى بارلىقى ... توغرىسىدى-
كى گەپلەر سورۇندىكى ياشلارنى ھەيرانۇ
ھەس قىلسا، ئۇرۇمچى دېگەن يەردە قارى-
سا ئادەمنىڭ بۆكى چۈشۈپ كەتكۈدەك
ئېگىز بىنالارنىڭ بارلىقى، خەقلەرنىڭ ھېچ
قورقماي ئاشۇ بىنالاردا ئولتۇرۇدىغانلىقى،
ئۇ بىنالاردا تالادىن سۇ توشۇپ ئىچمەي-
دىغانلىقى، سۇنىڭ قازان بېشىغىلا كېلى-
دىغانلىقى، ئوچاققا ئوتۇن ياكى كۆمۈر
قالىماي قانداقتۇ «گاز» دەيدىغان نېمى-
نى يېقىپلا قويسا تاماق پىشىدىغانلىقى،
ئۆينىڭ ئىچىدە ھاجەتخانىمۇ بار ئىكەنلى-
كى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھاجەت قىلىدىغانلى-
قى، كوچىدىكى ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بول-
سا پۇل تۆلەيدىغانلىقى، بۇ ھاجەتخانىنىڭ
مېھمانخانىدەك پاكىز ۋە ياسىداق ئىكەن-
لىكى، نىجاسەتلەرنى سۇ بىلەن ئېقىتىپ
كېتىدىغانلىقى، ئۇ يەردە داڭگال ئىشلەت-
مەي، يۇمشاق قەغەز ئىشلىتىدىغانلىقى ...
توغرىسىدىكى گەپلەر قېرىلارنى ھاڭ - تاڭ
قالدۇردى. ئۇلار دەسلەپىدە ھاڭۋاقتىنىدىن
ئاغزىنى كۇشۇكتەك ئېچىپ ئولتۇرۇپ
قالغان بولسا، ئاخىرىغا كېلىپ: «ۋاي بى-
چارىلەرەي... » دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇ-
تۇشتى. بىچارە بولمايچۇ؟! بۇ ئادەملەر
ئۆيلىرىگە ھاجەت قىلىشىدىكەن، پۇلى
بولمىسا تالادىكى ھاجەتخانىلارغا كىرەل-
مەيدىكەن تېخى، پۇلى يوق چاغدا ئىش-
تىنىغا قويۇپ بېرەمدىغاندۇ؟ ... يېتىپ-
قوپۇدىغان، تاماق يەپ، ناماز ئۆتەيدىغان،
مېھمان كۈتۈدىغان ئۆيلىرىگە ھاجەت قىلى-
دىغان قانداق ئادەملەر - ئۇ؟ يا خۇدا-
يىم، قۇلىقىم ساغىرۇ، بىزدەك بەندەڭگە
شۇنداق كۈننى راۋا كۆرمىگەيسەن! ھاۋا-
يى - مۇئەللەقنىڭ تۆپىسىدە ياشايدىغى-
نىچۇ تېخى؟ ئالىمادىس يەر تەۋرەپ قال-
سا، يا قاتتىقراق بوران چىقىپ كەتسە
كۆر، بىچارىلەرنىڭ جېنىغا ۋاي ... ئۇۋۇ-
سىنى بوران ئۇچۇرتۇپ كەتكەن قۇچقاچ
باللىرىدەك «پوك - پوك» چۈشكىلى تۇر-
سا، كۆر!

هادى مېھماندارچىلىق سەل سىلىككەن-
دىن كېيىن، يۇرتقا نەزىر بەردى.
ئۇنىڭ بىچارە ئاتا - ئانىسى ھادى كې-
تىپ ئۈچىنچى يىلىلا ئارقا - ئارقىدىن
ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار يالغۇز ئوغلى-
نىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ جان بەرگەنىدى.
شۇ چاغدا مەھەللىلىكلەر ھادىنى يوقسىنىش-
قان، گاھىلىرى ھادىنى قارغىغانىدى. شۇمۇ
ئوغۇل بوپتۇمۇ؟ ئاتا - ئانا بالادېگەننى
نېمىگە باقىدۇ!

هادىنىڭ نەزىر بەرگىنى مەھەللىلىكلەرنى
خۇش قىلدى، كېچىككەن بولسىمۇ! مەھەل-
لىنىڭ ئەڭ مويسىپىتى جامالىددىنباي (بۇ
يەردە كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىنىڭ ئاخى-
رىغا «باي»، «بەگ» لەرنى قوشۇۋېلىشقا
ئامراق) نەزىرنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ بەردى.
ئۇنىڭ ئوغلى كامالىددىن ۋە جىمى قولۇم-
قوشنىلار ھادىنىڭ ئىشلىرىغا يۈگۈرۈشتى.
يۇرتقا ئاش تارتىلدى. قەبرە قاتۇرۇشتى.
تۇپراق بېشىدا ئۈچ كۈن خەتمە قۇرئان
قىلىندى. مانا ئەمدىلا مەھەللىلىكلەرنىڭ،
بولۇپمۇ قېرىلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈش-
كەندەك بولدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇ يان
هادىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قازايىۇ -
قەدىرىگە ئىگە بولمىدىغان ئوغلى چىقمىغىنى
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇشقانىدى،

ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى مۇ-
شۇنداق بولىدىغاندەك.

جامالىددىنباي ساقىلى ئۇچىدەك ئاقارغان
بەستلىك بوۋاي ئىدى. يۇرت ئىچىدە
ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. ئۇ، نەزىر - چىراغ-
نى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى.
جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە
بۇرۇلغان چاغدا، ئىككى بالىلىق بولۇپ
قالغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ كۆزىگە يەنىلا
ئون ياشلىق بالىدەك كۆرۈنىدىغان كەنجى
ئوغلى كامالىددىننى توپتىن چاقىرىۋالدى.
بۇ بوۋاي نېمىشقىدۇر مۇشۇ ئوغلىغا ئام-
راق ئىدى. ئۇنىڭ ھەر دائىم ئۆز يېنى-
دا بولۇشىنى خالايتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىل-
غۇسى كەلمەيتتى، ھاسىدىن ئايرىلال-
مىغاندەك.

— ھادى نەزىر بەردى، — دېدى بوۋاي
ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئالدىرىماي كېتى-
ۋېتىپ، ئۆزىگە سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان
ئوغلىغا، — نەزىر ئېشىنى جامائەت يېدى،
بىز يېنىپ كەلدۇق، ئىش تۈگىدىمۇ؟
ياق ... ئىش تۈگىمىدى، ھادى تۇپراققا
كىرگىچە تۈگىمەيدۇ. دۇرۇس، بۈگۈن خۇدا
بىلىدۇكى، ھادىنىڭ رەھمەتلىك ئاتا -
ئانىسىنىڭ روھى بىر قېتىم خۇش بولدى،
قۇۋۋەت تاپتى. ئەمدى ئۇلار كېلىدىغان
جۈمەدىكى ھەككە - مۇكەررەم سەپىرىدە
باشقا روھ - ئەرۋاھلارغا يېتىشىپ ماڭا-
لايدۇ. ئەمما كېيىنچۇ؟ ھادى بىر قېتىم
نەزىر بېرىپلا «ئىشىم تۈگىدى» دەپ ئاتا-
ئانىسىغا دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالسىچۇ؟
ئۇ چاغدا رەھمەتلىكلەرنىڭ روھى يەنە
كۆچتىن قالىدۇ، يېتىمسىراپ قالىدۇ. مەك-
كە - مۇكەررەمگە بېرىپ جۈمە نامىزىغا
داخىل بولالمايدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كې-
يىن ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، مۇشۇ ئالەمنى
كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇرۇق - پۇشتىدىن دۇئا

تەلەپ قىلىدۇ، خالىس نىيەت ئادەملەردىن
دۇئا تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئاشۇ دۇئانى
ئوزۇق قىلىدۇ. مۇبادا كىشىلەر تەرىپىدىن
ئۇنتۇلۇپ قالسا، ئۇ چاغدا — شۇڭا دەي-
مەنكى ئوغلۇم، ھەرۋاق تائامدىن كېيىن
ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ، ئەجداد-
لىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلماقنىڭ خاسىيىتى
بەك ئۇلۇغ. بۇنىڭ خاسىيىتى ئىككى،
بىرى، ئەجدادىڭنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماي-
سەن، ئەجدادىڭنىڭ نامى - سىماسىنى كۆز
ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭ، ئۆزۈڭنى پاكلاپ
تۇرىسەن، ياخشى - يامان يولغا ماڭماي-
سەن، ئەجداد يولىدىن چىقىپ گۇمراھلىق
يولىغا كىرىپ كەتمەيسەن؛ يەنە بىرى،
ئەجدادىڭنىڭ روھى سەندىن رازى بولىدۇ،
سېنى يۆلەيدۇ، سېنى ھىمايە قىلىدۇ،
خېيىم - خەتەر، بالا - قازادىن ساقلايدۇ،
شۇنىڭ بىلەن قىلغان ئىشىڭ راۋاج تې-
پىپ، ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ كۆپىيىپ، يىلتىز
تارتىسەن. كۆكلەپ، گۈللەيسەن. ئەۋ-
لادىڭمۇ ئەجدادىنى ئۇنتۇمايدىغان ئادەم
بولۇپ چىقىدۇ.

بوۋاي ھاسىسىنى بېلىگە قويۇۋېلىپ،
ئىككى قولىنى ھاسىغا ئارتىۋالدى. ئۇنىڭ
بېلى تالغانىدى.

— يەنە بىر مۇھىم گەپ بار، ھېلىقى
سۇ پەرىلىرى توغرىسىدىكى گەپنى ئۇن-
تۇمىغانسەن؟ ھە ... ئۇ يالغان گەپ ئەمەس،
ئاتا - بوۋاڭنىڭ روھىغىلا دۇئا قىلىش
كۇپايە قىلمايدۇ، ئاشۇ پەرىلەرگىمۇ
دۇئا قىلىش كېرەك، ئۇلار بىزنى، مەھەل-
لىمىزنى كەلكۈندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
سۇغا قۇربانلىق قىلىنغانلارنىڭ روھى.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جېنىدىن كەچمىگەن
بولسا، مەنمۇ، سەنمۇ، بالىلىرىڭمۇ، مۇشۇ
مەھەللىمۇ بولماس ئىدى. قەدىمدىن شۇن-
داق، ئۇلار دېگەن تۈگىمەس ساۋابنىڭ

ئىگىلىرى، ئاللانىڭ ھىممىتىگە نائىل بول-
غانلار، ئۇلار دېگەن ياخشىلىق ... ئۇلار-
مۇ تىرىكلەردىن دۇئا تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم-
لەرنىڭ توغرا، ھالال ياشىشىنى، پاسىق،
گۇناھكار، گۇمراھ بولماسلىقىنى تىلەيدۇ،
شۇڭا باللىرىڭغىلا سۆزلەپ بېرىپ قالماي،
ئۆزۈڭمۇ سوغۇق سۇ ئىچسەڭمۇ ئۇلارغا
دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇما، بۇنىڭ خاسىيىتىدىن
توغرا، ھالال ئادەم بولىسەن، ئىنساب
ۋە ياخشىلىقنى دوست تۇتىسەن ... ھەممىلا
ئادەم شۇنداق بولسا، شۇلارنىڭ كۈتكى-
نىدەك ياشىسا، ئاندىن ئۇلارنىڭ روھى
قۇۋۋەت تېپىپ، خۇدائى ئارامغا ئېرىشىدۇ.
ئادىمىلىك دېگەن مانا شۇ؛
ئۆزلىرىمۇ ئۇ ئالەمدە خاتىرجەم، خۇشال-
خۇرام ياشايدۇ. مابادا بىز ئۇلارنى ئۇنۇ-
تۇپ قالساق، ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە قىلغان
ياخشىلىقىغا، پاك نىيىتىگە، ئادەملەرنىڭ
بەختى ئۈچۈن جېنىدىن كېچىپ قىلغان
ئەقىدىسىگە تۇزكورلۇق قىلساق، ئۇ چاغ-
دا بۇ دۇنيادا بىزنى ھامان بىر پالاكەت
باسىدۇ، ئۇ دۇنيادا بولسا تۈگىمەس
ئازاب - ئوقۇبەتكە قالىمىز ...

جامالىددىنباينىڭ غىلاجىددىن، سىراجىد-
دىن دېگەن ئوغۇللىرىمۇ بار، ئۇلارغىمۇ
دەيدىغاندۇ بۇنداق گەپلەرنى، لېكىن
كامالىددىنغا بولسا، ئولتۇرسا - قوپسا
دەيدىغىنى مۇشۇ ئىدى. بۇنى كامالىددىن
چۈشىنەلمەيتتى.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن دادا، ئۇنتۇپ
قالىدۇ دەپ ئويلىماڭ ... — كامالىددىن
ئەمدىلىكتە دادىسى بىلەن مۈرىدىشىپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇ، دادىسىنىڭ سۆزلىرىگە
دادىسى رازى بولغىدەك جاۋاب ئىزدەيتتى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتۈكنىڭ باشلىقىغا
تىكىلگەنىدى. ئۆتۈك كونىراپ كەتكەن،
بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. ئاكىسى
كېيىپ ئۇنىڭغا بەرگەن، ئاكىسىغا چوڭ
ئاكىسىدىن قالغانىدى. «ئادەمدەك ياشار-
مىز، ئادەمدەك ياشاپ ئۆتەرمىز جاھاندىن».

شۇنداق، كامالىددىن ئىنسابلىق، كۆيۈم-
چان، ئەدەبلىك يىگىت بولدى. ئاتا -
ئانىسىغا تىك قارىمايدۇ، ئاكىلىرىنىڭ ئال-
دىدىن توغرا ئۆتمەيدۇ، تا شۇ كۈنگىچە
ئاتا - ئانىسىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ،
ئۇلار سۇنغان ئاشنى يەيدۇ، ئاكىلىرى
كېيىپ تاشلىغاننى كىيىدۇ. تاپقان - تەر-
گىنىنى دادىسىنىڭ پېشىگە تۆكىدۇ. ئاتا
ئىزىنى بېسىپ،مەھەللە ئىچىدە يۈزى يورۇق
ياشاۋاتىدۇ ... نومۇسلۇق بالا بولدى،
جىگەرلىك ئەر بولدى ... ئاتا يولىنى
تاشلىمايدۇ، ئەجداد چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدۇ،
نومۇسنى بۇلغىمايدۇ، خۇدايىم بۇيە-
رۇسا ... جامالىددىنباي يېنىك تىن ئالدى.
قەدىمى ئىتتىكلىدى.

2

ھادى ئاشپۇزۇلنى ئاچقان كۈنى مەس-
چىت جامائىتىنى چىللاپ، ئاشپۇزۇلدا چاي
بەردى. پاقلان سويۇپ ئاش - مانتا قىل-
غانىدى. جامائەت ھەيران بولسىمۇ تەرسا
بولمىدى، داستىخانغا ئوبدان داخىل بو-
لۇپ بەردى. شۇغىنىسى، ھادىنىڭ ھېلىقى
كۆككۆز خوتۇنى جامائەتنىڭ ئالدىدا بې-
شىغا ياغلىقمۇ سالماي، ئۇياقتىن - بۇياق-
قا، بۇياقتىن - ئۇياققا نايناقشىپ چېپىپ
يۈردى. پەقەت مۇشۇ ئىشلا جامائەتنىڭ
كۆڭلىگە تەگدى. يامان خوتۇن ئىكەن،
چىشى ئالۋاستىنىڭ ئۆزىلا. يالاڭباش بو-
لۇۋېلىپ، ساغرىسىنى ئوينىتىپ غىتىلداپ
يۈرگىنى يەتمىگەندەك، شۇنچە ئادەمنىڭ،
تېخى ئېرى بولغان ھادىنىڭ كۆزىچىلا
ئاشخانىغا قارىشىۋاتقان ياش باللارغا
قاش - قاپاقلىرىنى سوزۇپ غىلجىڭلاشلىرى-
چۇ، تېخى!ھەتتا ھادىنىمۇ ھېلىدىن - ھېلىغا

چاقىرىپ، جامائەت بىلەن بىللە ئارامـ
خۇدا ئولتۇرغىلى قويمىدى. جامائەتنىڭ
ئۆزىگە قاراپ ياقىسىنى تۇتۇپ تۇۋاـ
ئىستىغپار ئېيتقانلىرىنى، كۆزلىرىنىڭ
پاختىسىنى چىقىرىشىپ ئۈنلۈك غۇدىراشلىرىـ
نى ئاڭلاپ تۇرۇپ قىرىغىنى ئېلىپ قويمىـ
دى. هار كەلدى، بوۋايلارغا، ساقاللىرىنىڭ
ئۇچلىرىنى زەردە بىلەن چىشلەپ قويۇشـ
تى. لېكىن كۆڭۈلگە هار كەلگەن بىلەن
ئىشتەيگە هار كەلمىدى. لىگەنلەرنى يالىـ
ۋەتتى. قوللىرىدىكى ياغ يۇقلىرىنى ساـ
قال - بۇرۇتلىرىغا، ئاشقىنىنى مەيسىسىنىڭ
قونچى - باشلىرىغا سۇۋاشتى. ئۇلار بۇنـ
داق مېهماندارچىلىقنى 30 — 40 يىلدىن
بېرى ئاز كۆرگەنىدى. لەززەتلىك تائامغا
تازا تويۇنۇشتى، شامال ۋە ئاپتاپتا يېرىـ
لىپ كەتكەن يۈز - كۆزى، يۇلغۇن
قاقشىلىدەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى،
ياغسىراپ، يوغانسىراپ قالغان، ئاداپ
قۇرۇپ كەتكەن ئىچى - باغرى ياغلىشىپ
يۇمشىدى. ئىلىك - ئىللىكلىرىگە ئىسسىق
ئۆتۈپ، تارتىشىپ كەتكەن ئەزايى - بەدەنـ
لەر راھەتلىنىپ بوشاشتى. كېكىرىشتى،
لەۋلىرىنى يالاشتى، تائام ھوزۇرى بىلەن
مەست بولۇشتى، ياغقا چىلىشىپ يايراپ
ياتقان يېڭى پىلىكتەك...

ياشلارغا بولۇپ بەردى، بوۋايلار قايتىشـ
قاندىن كېيىن مەشرەپ قىلىشتى. دەسلىـ
پىدە تارتىنغاندەك قىلىشىدى، هادى ئەدەپ
كەتتى، خوتۇنىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتـ
تى. كېيىن ئۇلارنىڭ كەيپى بالىلارغا ئۆتـ
تى - دە، ئاستا - ئاستا ئېچىلغىلى تۇرـ
دى. سەھرانىڭ مۆلك بالىلىرى بىردىنلا
هۆركىرىشىپ سورۇنغا تاشلىنىپ، قىيغىتىپ
چىچاڭ ئاتقىلى تۇردى، ئېغىلدىن قېچىپ
چىققان غۇنۇجۇندەك. گاھىلىرى چولاق دۇـ
تارغا تەڭكەش قىلىپ ئالا - تاغىل ۋارـ
قىرىشىپ ناخشا توۋلايتتى، سەپىن سەھـ
را ناخشىلىرىنى:

ئېشىكىم ئورۇق دېسەم،
يوغان تاغارنى ئارتىدۇ.
چۆنتىكىمدە موچەن يوق،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.

كامالىددىن باشتا ئۇسسۇلغا چۈشىدى،
ناخشىغا جۆر بولدى، قورۇنۇپراق. ئۇنىڭ
يۈز - كۆزى ئوت ئالدىغاندەك لاۋۇلداپ
كەتكەنىدى. كېيىن ئۆزىمۇ سەزمەستىن
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. قارا تەرگە چۆمـ
دى، كارنىيى قىزىپ تاماقى قۇرۇدى،
ئاۋازى خىرىلداپ قالدى. ئۇ خۇشال بولـ
دى. ئۇلار خۇشال بولدى. ئىلگىرى بۇلـ
چىلىك خۇشال بولۇشۇپ باقمىغانىدى،
زەيكەش، شورتاڭ يەرمۇ، كۆل ئاسمىنىمۇ،
دەريامۇ، هاۋامۇ ... يۇلتۇزمۇ ...

غالجىرانە قىزغىنلىق ئىچىدە ئەۋجىگە
كۆتۈرۈلگەن قىقاس - چۇقاندىن مەھەلـ
لىدىكى قىز - چوكانلار ئالاقزادە بولۇشـ
تى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن قىزلار
كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىشىپ، ئۆيلىرىنـ
نىڭ روجەكلىرىدىن، هويلىنىڭ قاشاسىـ
دىن، باغ شورلىرىدىن بويۇنلىرىنى
سوزۇشۇپ، ئاشپۇزۇل تەرەپكە - مەھەللىـ
نىڭ چېتىدىكى ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداـ
ۋاتقان كىچىككىنە توزلەڭلىككە سارىسىمە،
دەككە - دۈككە ئىچىدە قورقۇمسىراپ
قاراشتى. چوكانلار هېچنېمىدىن هېچنېمە
يوقلا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بوۋاقلىرىنى
باغرىغا مەھكەم تېڭىشتى. بوۋاي - مومايـ
لار بىر - بىرىگە ئۈنسىز تىكىلىشىپ،
ۋەهىمە ئىچىدە ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئۇـ
لارنىڭ كۆڭلى نېمىدۇر بىر نەرسىنى تۇيـ
غاندەك ئۆيۈپ، يۈرەكلىرى ئاغرىقلى تۇرـ
دى. شامنىڭ ئاداققى يالقۇنىدەك كۈچسىزـ
گىنە لىپىلداپ، تىترەپ تۇرغان نازۇك

دىللىرىغا نامەلۇم قايغۇنىڭ سوغۇق شامىلى
ئۇرۇپ ئۆتكەندەك بولۇپ ئەندىكىشتى،
ئارامسىزلىنىشتى. سىنەلىرىنى تولدۇرۇپ —
تىترىتىپ، چوڭقۇر تىنىپ قويۇشتى ...

3

سەھرادىكى مەھەللىلەرنىڭ يۈرىكى بول-
دۇ، ئادەملەر چاقىرمىسىمۇ ئۆزلىكىدىن
كېلىشىپ توپلىشىپ قالىدىغان، تاغدىن -
باغدىن سۆزلىشىدىغان، نەرقى - ناۋانى،
ئۆلۈم - يېتىمنى، توي - تۆكۈننى سورى-
شىدىغان، ماختىنىدىغان، قارغىشىدىغان،
غاجىشىدىغان ... ھايات ۋە ئۆلۈم توغرىس-
ىكى پەلسەپەلەر يارىتىشىدىغان. كىملەرنىدۇ
تۇغدۇرۇپ، كىملەرنىدۇ ئۆلتۈرۈشىدىغان ...
ھادىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇنىڭ ياسانچۇق،
ناييناق كۆككۆز خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ قىلىق-
لىرى مەھەللە قېرىلىرىنى چۆچۈتكەن، ھەت-
تا ئۆچلىكىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ،
ھادى جامائەتكەچاي بەرگەن كۈندىن ئېتىبارەن
ئۇنىڭ ئاشپۇزۇلى مەھەللىنىڭ يۈرىكىگە
ئايلىنىپ قالدى. ياش - ئۆسمۈرلەر قولىرى
ئىشتىن ئارا بولسىلا (مەھەللىدە يەرلەرنى
كۆتۈرىگە بېرىشكەندىن كېيىن، ھېچقانچە
ئىش قالمىغانىدى) ئاشپۇزۇلغا چاپاتتى.
قېرىلارمۇ مەسچىتتىن تارقاشقاندىن كېيىن
بىرلەپ - ئىككىلەپ ھادى تامان جۆنەيت-
تى. ياشلار داق يەردە ئولتۇرۇپ كورت
ئويناشاتتى. قېرىلار سۇپىغا سېلىنغان
كىگىز - ئەدىيال، شىرداق ئۈستىدە بە-
داشقان قۇرۇشۇپ ئولتۇرۇپ ئاجايىپ ياش-
لىقلىرى توغرىسىدا، كۆلدىكى سۇ ئاستى
شەھىرىدە ياشايدىغان سۇ ئادەملىرى توغ-
رىسىدا، دەريا، ئېكىن، ئىسسىق - سوغۇق،
يەل - يېشىن، مول ھوسۇل، ئۆلۈكلەر
ۋە تىرىكلەر توغرىسىدا، ئەۋلىيا - ئەنبى-
يا، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسمەتلىرى توغرىس-
دا، باقىي ۋە پانىي ئالەمنىڭ سىرلىرى

توغرىسىدا ... ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سۆز-
لىشەتتى. گەپ دېگەن چىقىپ تۇراتتى،
ھەر كۈنى قىرىپ تۇرسا ئۆسۈپ تۇرىدى-
غان ساقالدەك. كۈنلەپ ئولتۇرۇشسىمۇ، ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ھادىنىڭ تامىقىنى يەيدىغانلار ئاز
ئىدى. ھېلىقى مېھمانىدارچىلىقنىڭ ئەتىسى-
دىن باشلاپ ھادى دېگىنى تامىقىنى پۇل-
غا بېرىدىغان بولىۋالغانىدى. ھېچكىمدە
پۇل يوق ئىدى. ئاز - تولا پۇلى بارلىرى
ئۆيدە قازان قايناۋاتسا، بۇ يەردە مۇسا-
پىردەك تاماق يەپ ئولتۇرمايتتى، ئەلۋەتتە.
شۇڭا، ئاشخانىنىڭ ئوقىتى ئانچە ئاقماي-
ۋاتاتتى. بۇ يەردە پەقەت كۆلگە بېلىققا
ماڭغان شەھەرلىك ئېلىپ - ساتارلار، كۆل-
دىن بېلىق ياكى قومۇش بېسىپ چىققان
بىرە - سىرە شوپۇرلار ياكى كۆلدىن زې-
رىكىپ قاڭقىپ كېلىپ قالغان بىردە - يې-
رىم بېلىقچى گەدەنكەشلەرلا تاماق يەيتتى.
لېكىن ئۇنداقلار ئاندا - ساندا ئىدى.
ھادى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى چىۋىن قورۇپ
ئولتۇرۇپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ھادى ئاش-
پۇزۇلنى تاقىمىدى، تاقىۋېتىشنى ئويلاپمۇ
قويمىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ يۈر-
گىنىنى بىر خۇدا بىلەتتى. سودا بولسۇن،
بولمىسۇن ئۇ دۇكاننى بىر خىلدا ئېچىۋەر-
دى، ۋايسىماپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى
پەدىزىنى جايىدا قىلىپ، قولىغا تۆت تال
چىغنى ئېلىۋېلىپ، رەڭگارەڭ يىپلارنى
كاللەكلىۋالاتتى - دە، بىر چەتتە سۈزۈلۈپ
ئولتۇرۇپ توقۇش توقۇيتتى. ھادى گاھى ياشلار
ئارىسىدا كورت ئوينىسا، گاھى قېرىلار-
نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھېچكىمگە گەپ
بەرمەي ۋاتىلدايتتى. ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى
يوق ئىدى. نەدىن سورساڭ شۇ يەردىن
چىقاتتى. بولۇشىغا لاپ ئۇراتتى. قېرىلار-
گاھ ھەيرانلىق، گاھ تېڭىرقاش، گاھ چۆ-
چۈش، گاھ ئىشەنمەسلىك ۋە گاھ بىزارلىق

تەۋىيغۇسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا
بېقىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھادى كۆزىنى يۇمۇ-
ۋېلىپ يالغان - ياۋىداقنى توقۇۋېرەتتى.
بولۇپمۇ قېرىلاردىن زېرىككەندە. قانداقتۇر
ھازىر ئادەم ياسايدىغان زاۋۇتلارنىڭ
قۇرۇلىۋاتقانلىقى، ئۇرۇمچىنىڭ باغچىسىدا
ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدىغان مۇشۇكلەرنىڭ
بارلىقى، بىر تال يەۋالسا ئادەمنى ئون ياش
ياشارتىدىغان دورا چىققانلىقى، قاقچىلىك
يەۋالسا بەش يىلغىچە قورساق ئاچمايدى-
غان كومۇلاچ ياسالغانلىقى، بۇنىڭدىن
كېيىن بۇغداي، قوناق تېرىمىسىمۇ بولى-
دىغانلىقى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھېلىقى
يېمەككە ئۆگىنىپ كېتىدىغانلىقى، ھازىر
ھۆكۈمەت خالىغان چاغدا ئاسماندىن قار-
يامغۇر ياغدۇرالايدىغانلىقى، تاشلىۋەت-
كەن ئەخلەت - چاۋارلاردىن قەنت - گېزەك،
چاي - دورا ياسايدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كې-
يىن پۇل بولمىسا ياشىغىلى بولمايدىغان-
لىقى، پۇلى يوق ئادەملەر نوپۇستىن ئۆ-
چۈرۈلىدىغانلىقى، بالىسىنىڭ پۇلى بولمى-
سا دادىسى بالا قىلمايدىغان، دادىسىنىڭ
پۇلى بولمىسا بالىسى دادىسىدىن تانىدى-
غان كۈنلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ... توغرى-
سىدا بىلجىرلايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى قې-
رىلارنىڭ كۆڭلىگە دەھشەت سالاتتى. ئۇ-
لارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، روھى چى-
قىپ كەتكەندەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ
ئولتۇرۇپ قالاتتى. گاھىلىرى كۆزلىرىگە
ياش ئالاتتى - دە، ئىچىۋاتقان چېيىنى
تاشلاپ بىر - بىرلەپ كېتىپ قالاتتى،
ئىچىدە ھادىنى مىڭنى تىلللايتتى. ئۇنى
دىنسىز — كاپىرغا چىقىرىۋېتەتتى. ھادى
ئىچىدە كۈلەتتى. ئۇمۇ مۇشۇنى كۈتەتتى.
بولمىسا، بۇ قېرىلار بىر ئولتۇرۇۋالسا
لەچچە ئاش پىشىم ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۇلار-
نى «كەت» دېگىلى بولمايتتى. لېكىن

ھادى ئۇلاردىن قۇتۇلالمايتتى. تىللىغان
بىلەن ئەتىسى يەنە كېلىشەتتى، يەنە ھادى-
دىن ئۇنى - بۇنى سورىشاتتى. دېمىسى-
مۇ شۇ كۈنلەردە ھادىنىڭ سۆزلىرى كىشى-
لەرنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، راست - يال-
غاننى پەرق ئەتكۈسىز قىلىپ قويغانىدى.
قېرىلارلا ئەمەس، كامالىددىندەك ئەقلى -
ھوشى جايىدا يىگىتلەرمۇ ھادىنىڭ گەپ
سۆزلىرىنىڭ غاز بىلەن ئۆردەكنى ئايرىپ
بولالماي دۇت يۇتۇپ يۈرەتتى. شۇنداق
دېگەنبىلەن كامالىددىنمۇ ھادىنىڭ ئاشۇ
بىلجىرلاشلىرىغا ھېرىسمەن ئىدى. چۈن-
كى ئۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ ۋالاقلاشلىرىدىن
بىرەر ھەق نەرسىنى ئۇچرىتىپ قالغىلى
بولارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ھېچ-
بولمىغاندا ئاشۇ ھادى — ۋالاقتەككۇر،
يالغانچى، ساپساپچى ھادى ھازىر كىشىلەر
دەپ يۈرگەن ھېلىقى تېلېۋىزور دېگەن
نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ يەردىكى-
لەرنىڭ قولى قىسقا ئىدى. توكمۇ يوق
ئىدى. شۇڭا، ھېچكىم تېخىچە تېلېۋىزور دې-
گەن نەرسىگە ئېرىشكىنى يوق. مانا، ھادى-
نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسا، ئادەم تېلېۋىزور
كۆرگەندەك بولۇپ قالاتتى.

راست گەپنى قىلغاندا، كامالىددىنغا بۇ
يەر كۆڭۈللۈك ئىدى. ئەركىن ئىدى.
ياش ئەمەسمۇ، چەللىدە ئات چاپتۇرغىسى
كېلىپ تۇرۇدىغان! كامالىددىننىڭ كىچىككى-
نە تۇڭلۇكى بار، تۆپىسىدىن قومۇش پا-
يىسى ساڭگىلىشىپ تۇرۇدىغان، سېلىنغان-
دىن بۇيان تېمى ھاك كۆرمىگەن، تاملىرى
قېلىن، گۆردەك قاراڭغۇ ۋە جىمجىت ئۆيە-
دە قاتتىق قول، دىلى نازۇك، كېيى ئۇش-
شاق ئاتا - ئانا ئالدىدا سىقىلىپ، قىسى-
لىپ، بۇرۇقتۇم بولۇپ، تۇنجۇققان جېنى
بۇ يەردە بىردەم بولسىمۇ يايرىۋالاتتى.
ئۇ ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقى

ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمىغانىدى.
مانا ئەمدى ھادى كېلىپ كۆڭۈلگە بىردىنلا غولغۇي سالدى. كامالىددىن ھەيران بولدى، ئۇنىڭغا ئاشۇ ئۆيى — شۇ كۈنگىچە يۇمشاق تۈشەك، راھەتلىك بوشۇك، ئەبەدىيلىك تۇرالغۇ - ماكان بولۇپ تۇيۇلغان ئاشۇ ئۆيى ئەمدى ھادى كەلگەندىن بېرى تار ۋە قىستاڭ قەپەس، ئۆينىڭ قېلىن تاملىرى ئۇنىڭغا شەپقەتسىز ۋە نەپرەتلىك دۈشمەن بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. كامالىددىن ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن تۇرۇپ چۆچۈپ قالىدۇ، ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ، لېكىن بۇ خىل تۇيغۇ كۈچىيۈۋېرىدۇ، ئۇنى بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ ۋارقىرىغىسى، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغىسى كېلىدۇ. ياق، ئاغزىنى ئاچالمايدۇ، جۈرئەت قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇ يېرىم كېچىگىچە، ھەتتا توخۇ چىللاپ كۆل تەرەپنىڭ ئاسمىنى ئاقارغىچە ئۆيىگە كىرمەيدۇ، ئۆيى ئۇنىڭ تېنىنى تەرەپ - تەرەپتىن چاقىدىغاندەك. ھادى كامالىددىننى قوغلىمايتتى، يەنە بىر نەچچىسىنى — مەھەللىنىڭ ئوتتۇرا قولدەك يىگىتلىرىنى، چېچەن، «خېلى سۈيى بار يىگىت» دېيىلىدىغانلارنى، «بولىدىغان بالا» دېيىلىدىغانلارنى... ھادىلارمۇ ئۆيۈدىن، يالغۇزلۇقتىن قاچىدىكەن، ياش باللارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئۇلارغا — ھادى بىلەن كۆككۆز خوتۇنغا ياقىدىغان چېغى. ۋاقتى كەلسە ئۇلارمۇ قوشۇلۇپ ئاق مۇشۇك - قارا مۇشۇك بولۇشۇپ كېتەتتى. ئۇلارنى — ئاشۇ يېرىم ياۋايى، تارتىنچاق، لېكىن قىزىپ كەتسە توختىيالمايدىغان سەھرا باللىرىنى ياخشى كۆرەتتى، زاڭ كولكە، ئاچچىق چاي ۋە قىزىقتۇرغۇچ لاپلىرى بىلەن ...

ھادى بۇلارغا — ئاشۇ تەشنا، چاڭقاق تەلۋىلەرگە، قىزلارغا سۆزلىگىنىدىنمۇ بەتتەررەك قورقۇنچلۇق لېكىن قىزىقارلىق نەرسىلەر توغرىسىدا — ئۈرۈمچىدىكى ئاجايىپ ئىچمىش، چېكىش سورۇنلىرى، ئەر-ئايال ئولتۇرۇشلىرى، ئەر - ئاياللارنىڭ قۇچاقلاشما ئۇسسۇللىرى توغرىسىدا، 40—50 كوي بەرسە پۈتۈن كېچە ھەمراھ بولىدىغان ئالىي مەلۇماتلىق قىزلار توغرىسىدا، «لۇشياڭ» دەيدىغان، ئۆيدە كۆرۈدىغان مەخسۇس فىلىملەردىكى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشلەر توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇلار يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل ئەمەسمىش، دۇنيا دېگەننىڭ راھىتى جىقمىش، پەقەت پۇل بولسىلا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولارمىش. ئۈرۈمچى دېگەندە سەھرالىقلارمۇ بەگدەك ياشارمىش، پۇلى بولسا ھېچكىمنى سەھرالىق دېمەيدىكەن، ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ مەدەنىي سەتەڭلىرىمۇ!... كامالىددىن ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قېلىشاتتى. كېيىن بولسا تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلەتتى، ھاياسىزلارچە، ئاچكۆزلەرچە. ئاخىرىدا بولسا خىيالغا چۆكەتتى، خامۇشلارچە، بىچارىلەرچە.

كامالىددىننىڭ تۇرۇپلا ئۆزىگە ئىچى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇلاردا پۇل يوق ئىدى. ئۇنداق مەينەت تۇرمۇش ئۈچۈن بولمىسىمۇ، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. مەلۇم بولدىكى، پۇل نېمىنى تىلىسە شۇنى ئىجابەت قىلىپ بېرىدىغان خىزىر ئىكەن. بۇ خىزىرنىڭ قولىنى ئۇتالمىغانلار ھېچنېمە ئەمەس ئىكەن، ھەتتا ئادەممۇ! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە مۇشۇ خىزىر ئازراق ئىلتىپات قىلغان بولسا، مۇشۇ مەھەللىدە ھەممە نەرسە — تېلېۋىزور، كىنو، ئېلېكتىر، ماشىنا، يېڭى ئۆي، يېڭى ئۆتۈك...

ئىشقىلىپ كامالىددىن مۇشۇ كۆنلەردە ئار-
زۇ قىلىشقا باشلىغان ھەممىلا نەرسە تەل
بولار ئىكەن. ئەنە ھادىنىڭ قازىنىدا شور-
پا، قاسقىنىدا مانتا، چوغلۇقىدا كاۋاب، ئۇنىڭ
ھىدى ئادەمنى ساراڭ قىلىدۇ. لېكىن ئاشۇ
پۇل، ئاشۇ خىزىر بولمىغىنى ئۈچۈن،
كامالىددىندەك يىگىتلەر تۆكۈرۈكىنى
يۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مانا، پۇل
بولمىسا ھېچنېمە بولالمىغىدەك، ھەتتا
سەھرالىقمۇ؟ كامالىددىن تېخىچە ھېچنېمە
ئەمەس ئىكەن، ئادەممۇ، سەھرالىقمۇ!

كامالىددىنىڭ نەزەرىدە ھادى كۆنسې-
رى، ياق، سائەتسېرى بۈيۈمەكتە ئىدى. ھادى-
نىڭ گەپلىرى ئۇنى كۆزگە كۆرۈنمەس قىل
بىلەن باغلىۋالدى. ئۇنىڭ تەگتۇشلىرىنى
قوغلىسىمۇ كەتمەس قىلىۋەتتى، بىرخون
سۆپكەشلىۋەتكەندەك. ھادى ئۇلارنىڭ يۈر-
كىگە بىر ئوت، ئادەم بولغىنى ئۈچۈن
ئادەمچە ياشاش، ياق، ھېچبولمىغاندا سەھ-
رالىق بولغىنى ئۈچۈن، باشقا يەرنىڭ
سەھرالىقلىرىدەك بولسىمۇ ياشاش ئوتىنى
يېقىۋەتكەنىدى. كامالىددىن تەگتۇشلىرى
بىلەن بۇ يەردە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆزھال
ئويناپ - كۈلگەن بولسا، ئۆيگە يانارىدا
دەررۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يادىغا ئالاتتى—
ئەنە شۇ نامرات، قىستاڭ، قاراڭغۇ ئۆي ۋە
تەرەپ - تەرەپتىن ياغىدىغان جىملەشلەر،
ھەسرەتلىك ئۇھسىنىشلار ۋە بىر خىل-
دىكى زېرىكىشلىك ئىش - كۈش، چام-
غۇر توغرىغان ئۇگرە ئاش ياكى بىر خىل-
دىلا بولىدىغان تۇكۇر لەغمەن، پىياز
چۆپ، نان بىلەن چاي ... كۈتەتتى. شۇ-
لارنى ئويلاۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتە، مېگ-
سىنىڭ، ياق، يۈرىكىنىڭ يەنە بىر بۇرجى-
كىدە ھادى سۆزلەپ بەرگەن ئاجايىباتلار-
نىڭ ئەلەگكىپ تۇرغان كۈلەڭگىسىنى كۆ-
رەتتى. كۆز ئالدىدىكى ئۆزھاللىق بىلەن
مېگىسىنىڭ يەنە بىر قىسمىدىكى بوشلۇق-
تا ئەلەگكىپ يۈرگەن خىيالىيلىق ئۆزئارا
كىشىنىشىپ، چىشلىشىپ، تارتىشىپ، تۇر-
تۇشۇپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى، پىكرىنى، تۇي-
غۇسىنى، سېزىملىرىنى ھالسىرىتىۋېتەتتى...
ئاشپۇزۇلغا ئاتتەك چېپىپ بارغان كامال-
ددىنىڭ پۇتلىرى ئەمدىلىكتە ئۆيگە يانار-
دا تاش ئېسىۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كې-
تەتتى. مانا مۇشۇ ئازابلىق ئىزتىراپ
ئۇنى ئەتىسى يەنە ئاشپۇزۇل تەرەپكە
ئىتتىرەتتى. كامالىددىندەك ئىنسابلىق،
مۆمىن يىگىتمۇ ئاشۇ ئىزتىراپ ئىچىدە،
تىرىكلىكنىڭ ئىزتىراپى ئىچىدە تالاي تۈن-
لەرنى كىرپىك قاقماي گۇناھلىق خىياللار
بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
ئەمدى پۇلنىڭ، ئاشۇ خىزىرنىڭ سايىسى
پۇلاڭلايدىغان بولۇپ قالدى — خىزىر،
ئاشۇ كەم دىدار، تۇغۇشلۇق، ھەر بېقىشى-
دا مىڭ قىزنىڭ ئوتى بار خىزىر، بۇ چەت-
خىلۋەت ۋە نامرات سەھرادىكى قولى قىس-
قا، كۆڭلى سۇنۇق ئوغۇل باللارغىمۇ ئان-
چە - مۇنچە كۆرۈنۈش قىلسا، ئۇلارنىڭمۇ
قەددىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭلىنى ئۆستۈرۈپ
قويسا، ئادەمچە ياشاشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ
قويسا ... نېمىسى كېتەرئىدى؟ بېشى كۆك-
كە يېتىپ كېتەر ئىدى سەھرالىقلارنىڭ،
جاھاننىڭ شۇنچىلىك خۇۋلۇقىنى كۆردۇق
دېيىشىپ ... ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئادەم تۇر-
ماق يەرمۇ، ئاسمانمۇ، كۆلمۇ، دەريامۇ
ئەلۋەتتە...

4

كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەھەل. كەچ-
كۈز شاملى ئىزغىرىن بولۇپ ئۇراتتى.
ئاشپۇزۇل ئالدىدىكى مەيدانچاقتا ئاجىزغى-
نە پورپاڭ توزۇيتتى. قۇرۇۋاتقان قوراي،
چىغ، يىكەن ۋە شىۋاقلارنىڭ غوللىرى
شامال يۆنىلىشىگە ئىگىلەتتى. ئەتلىنىشكە

باشلىغان ئاق قۇشقاچلار توپ - توپ بولۇۋېلىپ مەيدانچاقتا پۇرۇلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. بەزىلىرى تېخى ھېچ ھېيىقماي قازان بېشىغا قونۇۋېلىپ، بەھۇزۇر چۇرۇقلىشىپ يۈرەتتى.

قازان بېشى سوۋۇپ قالغانىدى. ھادىنىڭ جىننەك خوتۇنى ئەتىدىن كەچكىچە ئەسنەپ ئولتۇرۇپ، تېخى يېڭىراقتا ئۇخلاش ئۈچۈن يان ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى. ھادى يەرگە سېلىنغان كونا ئەدىيال ۋە كىگىزلەردە ھەررەڭ - سەررەڭ ئولتۇرۇشقان مۇشۇ مەھەللىلىك بەش - ئالتە بالا بىلەن موخۇركا چېكىشىپ ئولتۇراتتى. بىكارچىلىق ئۇنىمۇ زېرىكتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ قازان بېشىدىكى قۇشقاچلارنى قوغلاپ قويۇشقىمۇ ھەپىلىسى يوق ئىدى. كامالدىن پاراڭغا ئارىلاشماي، مەيدانچاقنىڭ نېرىسىدىكى شىۋاقلىق دالىغا تىكىلىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى، لەۋلىرى قۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەنىدى. ھادىنىڭ سوغۇلۇپ كەتكەن تەمسىز ئىلمان چېيى، يەنە دېسە يەنە شۇ گەپلىرى، ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئېيتىۋالغان يىرىك، قاڭسىق، كۆكى جىق كۈچلۈك تاماكىسى بۈگۈن ئۇنى قىزىقتۇرمايتتى.

يىراقتىن، قويۇق چاڭ ئارىسىدا ئۆرلەكتەك ئىغاڭلاپ كېلىۋاتقان بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ھەممەيلەن قىلىۋاتقان گەپلىرىنى توختىتىپ، ئۇ تەرەپكە قاراپ قېلىشتى. بۇ تەرەپكە ماشىنا ئۆتمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغان، شۇڭا، ھادىنىڭ ئاشپۇزۇلى ھۇۋۇلداپ قالغانىدى.

ئۇزايىدىن ماشىنا شەھەردىن خېلى ئەتىگەن چىققاندەك ئىدى. شەھەر يولى بەك يامان ئىدى. قوغۇنلۇقنىڭ چۆنەكىدەك بەلدەم - بەلدەم ئېرىق بولۇپ كەتكەنىدى. ماشىنا، تراكتورنىڭ جۇلدۇقى چىقىپ، شوپۇر دېگەننىڭ ئىچى - قارنى ئېلىشىپ كېتەتتى. شۇڭىمۇ شوپۇرلار بۇ يولدىن قاچاتتى، قورقاتتى، بىزار ئىدى — دۈمبىسى يېغىر، ئۇچچۇلۇقسىز، ئەبگاھ ئېشەكتۇتۇن ئارتىشتىن قورققاندەك.

ماشىنا يېقىنلاپ كەلدى. ئۆز ھالىچە ئولتۇرۇشقانلار ئەمدى ئۆرە بولۇشتى. ماشىنا ئارىشقا كېلىپ قالغانىدى. ماشىنا توختىدى. كابىنكىدىن كىمدۇر بىرى سەكرەپ چۈشتى ۋە شوپۇر بىلەن نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ قولى بىلەن مەھەللە تەرەپنى جۇنىدى. ئۇنىڭ قولىدا چوڭ بىر سومكا بار ئىدى. ماشىنا كۆل تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. سومكا كۆتۈرۈۋالغان ئادەم ئاشپۇزۇلنى قارارلىغاندەك ئۇدۇل بۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئاشپۇزۇلدىكىلەر بۇ ئادەمگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن سىنچىلاپ قاراشتى. بۇ ئادەمنىڭ كېلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ بويلىرى ئۆسۈپ قالمىغاندەك، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئادەم بىر توپ چىشى قىچىشىپ ئولتۇرغانلارغا بىكىرىغا چاچقۇ چېچىپ بېرىدىغاندەك. كامالدىدىن ئىچىدە كۈلدى. ئۆزىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدىغۇ؟ ياق، نېمىلا بولمىسۇن بىر يېڭىلىقتە، يېڭى گەپ، ھېچ بولمىسا، كىچىككىنە بولسىمۇ...

ئۇ ئادەم ئاشپۇزۇلغا يېقىنلاپ كېلىپ توپقا قاراپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ توپقا بەرگەن سالىمى ئولتۇرغانلارنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. كامالدىدىن كەلگىنىدىگە كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ سالىمى بۇ يەردىكىلەرنىڭ سالىمىغا ئوخشىمايتتى، ياق، ھېچ سالامغا ئوخشىمايتتى. سالام دېگەننى قولنى قوۋۇشتۇرۇپ، سەل ئېگىلىپ، مۇلايىم، خۇش چىراي، سەل قىسىلىش

ئىچىدە قىلغانلىنى كۆرگەن. لەدىكىنى، ئۇ فادايىغىنىچە بىر قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى سەلگىنە كىلدىڭشىتىپ قويدى، خالاس. بالىلىرىغا تىيىن تاشلاپ بېرىپ: «ھە، ئەمدى بولدىمۇ؟» دەۋاتقاندەك. ئۇ ياڭلاباش ئىدى. چاچلىرى كىمدە ئىدى. قوش بۇرۇن، ئۇچلۇق ئېڭەك بولۇپ، ئىنچكە بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. بۇرۇتلىرى شۇنچە ياراشقانىكەنۇ، لېكىن بۇرۇتلىرىنىڭ دىڭگىيەشلىرى شوخ ۋە ئەدەبسىز، رەسىدە بولغان سەھرالىق قىز بالىنى قورقۇتقۇدەك. كۆزلىرىچۇ ئۇنىڭ، قاپقارا، ئىچكىرى. ئۇزۇن ۋە قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدا يالىلدايدۇ، يېنىۋاتقان كۆمۈر پارچىسىدەك، تۈندىكى بۆرىنىڭ كۆزىدەك.

ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن ئوخچۇپ دېگۇدەك تۇرۇپ كېتىشتى. كامالىددىنمۇ ئۆزى بىلىپ - بىلمەي، ھەتتا ھادىمۇ... يۆچۈن ئادەم ئۇدۇل كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قارىشىپ قالغانلارغا بىر - بىرلەپ كۆز سالدى. ئەھۋال سورىغىنىمىكىن، كۆلۈمسىرەپ قويدى. سەھرالىقلار ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشتى ۋە: «تىنىچمۇسىز» دېيىشىپ قويۇپلا كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ يەرگە قاراشقىنىچە جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ئىلگىرىكىدەك، تاشلاپ قويغان ئەسكى چاپان سىياق، ھەررەڭ - سەررەڭ ئەمەس، قائىدە بويىچە يۈكۈنۈپ، كامالىددىن بەدەشقان قۇرۇپ. پەقەت ھادىلا ئۆرە تۇرۇۋەردى، سەھرالىقلارنىڭ كۆزىچە ئۆز قىممىتىنى ساقلىماقچى بولغانىدەك. لېكىن كەلگىنىگە قاراپ: «ھارغانسىز» دەپ قويدى كونا تونۇشلارچە. مېھمان: «رەھمەت» دېدى ھادىغا يەر ئاستىدىن سەپسالغاچ. ھادى ئالدىرىماي بېرىپ بىر چەينەك چاي دەملەپ كېلىپ پىيالە بىلەن مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ، مېھماننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، سەھرالىقلارنىڭ قاتارىغا ئەمەس. ئۇ، چاينى ئەتەي ئۆزى قويۇپ بەرمىدى. يەنە ئىززىتىنى پەش قىلىۋاتاتتى. ياكى قىتىغۇرلۇقى تۇتۇۋاتامدىكىن؟ كامالىددىن ئىچىدە ھىجايدى. مېھمان چاينى سورۇپ قويۇپ ئالدىرىماي سۈمۈردى، ئۇ ئۇسسىغاندەك ئىدى. چاينى ئالدىرىماي ئاز - ئازدىن سۈمۈرەتتى. ئۇسسۇمامدۇ؟ پۈتۈن بىر كۈن دەشتۇ - قاقاستا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ كەلگەن ئادەم، تۈزۈتى بولمامدۇ؟

ھادى كامالىددىننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. كامالىددىن ھادىغا قارىماي ئولتۇرۇۋالدى، مېھمان سېزىپ قالسا سەت ئىدى. مېھمان بۇلارنى ئاللىقاچان سېزىۋالغان چېغى، كامالىددىنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. كامالىددىن قىزىرىپ كەتتى. ھەي قەغەز قۇلاق، چاشقاندەك سەزگۈر نېمىكەن - دە، ئۆزى. شەھەر كۆرگەن ئەمەسمۇ؟!

— نەدىن سورايمىز؟ — ھادى ئوراۋاتقان تاماكىسىدىن بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى چوڭ سۈپەتلەرچە سۇزۇك، ئېغىر، تورلۇق ئىدى.

كەلگىنىدى گويا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، پىيالىنى قولىدا ئوينىتىپ پىيالىدىكى چاينىڭ پىيالە دىۋارىنى بويلاپ يېيىلىپ چۆرگىلىشىگە زوق بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. بىركەم بولغاندا، بىردىنلا كۆزىنى پىيالىدىن ئاغدۇرۇپ ھادىغا «لەپپىدە» قارىدى.

— ئۈرۈمچىدىن، گۇاڭجۇدىن، شاڭخەيدىن...

خىرىسمۇ بۇ؟ ئولتۇرغانلار چۆچۈپ

كېتىشتى. ھادىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھ-
مانغا تىكىلگىنىچە ئورنىدا قىمىرلاپ
قويدى، بىر يېرى كۆيگەندەك. ئورۇندۇق
غىچىرلاپ كەتتى. لېكىن شۇ ھامانلا بىپەر-
ۋا قىياپەتكە كىرىۋالدى، تاماكىسى بىلەن
بولدى، بىلىندۇرمەيمەن دېگەندەك. كاما-
لىددىن يەنە ئىچىدە ھىجىيىپ قويدى.
لېكىن دەررۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. نېمە
دەۋاتىدۇ بۇ؟ يېنىدىكىلەرمۇ كامالىددىن-
دەك كۆزلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە:
«نېمە دەۋاتىدۇ، بۇ؟» دېيىشكەندەك كۆز
بېقىشىۋالدى. ئۇلارغا «ئۇ ئالەمدىن،
ئايدىن، جەننەتتىن!» دېگەندەك
تەسىر قىلغانىدى. كامالىددىن كۆزىنى چۆ-
چەكتەك ئېچىپ يوچۇن ئادەمنىڭ باش -
ئايىغىغا قايتىدىن كۆز يۈگۈرتتى. كامالىد-
دىن ئەمدى كۈلىدى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى
تۈرۈلدى. كاللىسى ئىشلىگىلى تۇرغاندا
شۇنداق قىلاتتى. كەلگىنىدى 34 — 35
ياشلاردا ئىكەن، ئۈستىگە ئالدىدا سىرت-
مىسى بار، قۇلۇپلۇق چاپان كىيىۋاپتۇ.
چاپان ئۇنىڭ تارغىنە سارجا شىمىدا
پوسكويۇپ قالغان ساغرىسىغا خالتىدەك
كىيىلىپ قاپتۇ، شەھەر ئېشەكلىرىنىڭ
تىزەك خالتىسىدەك. چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن
ھاۋارەڭ رەختتىن تىكىلگەن غىلدىر -
غىلدىر كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ
شاللاق قىز باللىرىنىڭ كۆڭلىكىدەك. بەك
ئېسىل، تازىمۇ قىممەت بولسا كېرەك!
يۈز - كۆزى پاكىز قىرىلغىنى ئۈچۈن توقاچ
ناندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. قاش - كۆز،
بۇرۇتلىرى قاپقارا بولۇپ يالتىرايدۇ،
ياغلاپ قويغاندەك. پېشانىسىدىن نۇر
تېمىپ، مەڭزى، لەۋلىرى رەڭلىنىپ تۇر-
دۇ، ئېرىگە قانغان چوكانىڭكىدەك.
پەقەت كۆزىنىڭ ئاستىنقى قاپىقى سەلگىنە
سولىشىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس قارىيىپ
قاپتۇ، تازا خوتۇنبازدىن ئوخشايدۇ، بۇ
بەكچەك. ھەددى - ھېسابسىز شەھۋەت
تۆككەن، ئەمدىلىكتە شەھۋىتى قۇرۇۋاتقان
ئادەمنىڭ چىرايى شۇنداق بولىدۇ، يەنە
ئۇيقۇسىز ئۆتكەن تالاي تۈنلەرنىڭ بەل-
گىسى ئۇ! ... بارسىمۇ بارغاندۇ، ئۈرۈمچى،
شاڭخەي، گۇاڭجۇ دېگەن يۇرتلارغا، ئۇ
يەرلەرگە مانا مۇشۇنداق ئادەملەرلا بارالاي-
دىغاندۇ، ھەقىچان؟ ... ئۇ يەرنىڭ ئادەم-
لىرىنىڭ ھەممىسلا مۇشۇنىڭدەك ھىلپىرەك-
لەردىنمىدۇ؟ شەھەرنىڭ كوچا خوتۇنلى-
رىدەك چىرايلىق، ئاجىز، پاكىز ۋە ئەر-
كىن ... كامالىددىن ئېغىر خۇرسىنىپ
قويدى. بىر يېرىدىن خۇشالمۇ بولدى.
ھېلىمۇ ئۇنىڭدەك يارىلىپ قالماپتۇ ئۆزى.
خۇداغا شۈكرى. ھەر نېمە بولسا، سەھرا-
لىق بولسىمۇ ئەركەكتە، تۆت سېنى توشۇق،
ئۇچىغا چىققان ئەركەك. قاسماق، گېپىنى
تېپىپ قىلالمايدىغان مۆڭ بولسىمۇ! ئۇ
شەھەرلىرىڭمۇ بولمايدىغان چېغى ...
ئەرلىرى بۇنىڭدەك بولۇپ كېتىدىغان
بولسا ... نېمىلا دېگەنبىلەن سەھرا
يېرى باشقا گەپ ئىكەن، ئاسمىنى كەڭ،
ئوغۇل باللىرى بۇقىدەك ھۆركىرىشىپ
چوڭ بولىدۇ. لاي بولسىمۇ تىرىك سۇ،
زاغرا نان، تاۋلىق ئاپتاپ، قىزىق يەر،
ئوتلۇق قۇم، خىرامانچىلىق، غەم يوق،
ئەندىشە يوق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرنى
ئەركەك قىلىدىغان، ئوغۇل بالىنىڭ بېلى-
نى تەيلەپ، كۆزىگە قان تىقىپ ھۆركىرى-
تىدىغان نەرسىلەر ... ئىسىت، ئۇلارنىڭ
ئۆمرىگە ... جېنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان،
ياشلىقىغا ئېسەكمەيدىغان نېمىلەر ئوخ-
شايدۇ ھەممىسى، قاراڭلار بۇ شوينا
بەلگە ... تۈزۈكرەك يېمەمدىغاندۇ — يە
گېلىغا... ھادىمۇ شۇڭا يېنىپ كېلىۋالغان
گەپ، لاتىسى سۇغا چېلىشىپ، پالتا -

كەكسىنى ئەتۇر قاقتۇرۇپ. نېمىلا قىلسا سەھرا بالىسى ئەمەسمۇ؟ لەيلەك قانداقلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ - دە! «ئەجەب ماختايسىز ئەنجاننى، باقالمايسىز بىر جاننى» دېگەلدەك. ئاغزىدا «ئۇ، بۇ» دېگەن بىلەن سوغۇق ئەڭگىز چىرماپ، ئىلىكىم سۆيۈلۈپ كېتىپ ئاجىزلاپ كەتمەي دېگەندە — ئۇ! يامان تاز ... ئەمدى تازا خۇش كەلگەندۇر بۇ يەرلەر ...

— كۆلگە ماڭغانمۇ؟ بىرەر تۇغقىنىڭىزنى ئىزدەپ كېلىپ قالدىڭىزمۇ - يا؟

هادى هارۋىكەشچە ئورنۇالغان تاماكىسىنى ياغلىشاڭغۇ ۋە نېپىز لەۋلىرىگە قىستۇرۇپ قاتتىق بىرنى شورىدى. «زىيان» دېگەن نېمىسى بۇ يەردىن تېپىلمىغاچقا يەنە موخۇركىغا قالغانىدى.

— ياقەي، ئۇدۇل مەشەگە، كۆلگىمۇ بارارمىز...

— بىرەر ئىش - كۈش بارمىدى؟

يۆچۈن ئادەم پىيالىنى يەنە ئوينىغىلى تۇردى. ئولتۇرغانلار پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئۈچ بارمىقىدا قاتىرىسىغا يېپىلىنىپ جاپ تۇرغان ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ قالدى، هادىمۇ، كامالىددىنمۇ.

ئەمدى كامالىددىن قۇرۇق يۇتۇنغىلى تۇردى، باشقا سەھرالىقلارمۇ. قۇرۇق يۇتۇنماق قىيىن ئىدى. گال قىسىلىپ، ئاغرىپ، كۆزلەر پارقىراپ چوڭىياتتى. قارچۇقلار مىدىرلىماس ئىدى. ئالتۇن - دە، كۆپلىرىنىڭ ئاڭلىغىنى بولمىسا كۆرۈشى شۇ ئىدى، بۆرە ئوشۇقىغا ھەر بىر ئەركەك قىزىقىسىدۇ كۆرۈپ باققىنى ئاز بولغاندەك.

بۆرە ئوشۇقى ئەركەكنى دۈشمىنىگە سۈرلۈك كۆرسىتىپ، قەستتىن ساقلىسا، ئالتۇن دېگەن گاچىغا تىل بېرىپ سارائىنى ساقايتىدۇ، يۈرەكنى يوغىنىتىدۇ، هوشنى سۈزۈلدۈرىدۇ، ئەقلىنى بىلەيدۇ، ئاين-

غىنى چەبدەس، قولىنى چەپەر قىلىدۇ، سۆزىنى ئۆتكۈر، كۆزىنى ئىتتىك قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى كامالىددىن. يۈرىكى توم نېمە ئىكەن - دە، بايىقى سالام قىلغان چاغدىكى هالى شۇنىڭدىن بولمايزە! دېمىسىمۇ - ھە؟! مۇنۇ سومكىسىدا نېمىلەر باردۇ؟ بوغاز خوتۇندەك كېرىلىپ ياتقان. پۇل - دە، بولمىسا قۇلۇپ سالامدۇ؟ ئامتى بار سومكا! شۇنچە پۇلنى قوينىغا سولاپ ياتىدۇ، لاتا بولسىمۇ! يېرىلىپ كەتمەيدىكەن - ھە؟ ئادەم شۇنچە پۇلنى قۇچاقلاپ ياتسا، ئوت كېتەرمىكىن ئەت يېنىغا؟! قۇرۇقتىن - قۇرۇق، سەرەڭگە ياقمىسىمۇ...

كامالىددىنىنىڭ كۆكرىكى ئاغرىشقا باشلىدى، بىر نەرسە قىسقاندەك، ئىچ ئاغرىتماي قىسىۋاتقاندەك، تاش بېسىۋاتقاندەك، ئېغىر، سوغۇق، قاراتاش.

هادىنىڭ سۆزى ئەمدى سىيلىق چىقتى، قىز بالىنى ئەركىلەتكەندەك. ئەمدى هادى دېگەن تاز ئامەتلىك. ئۇ، كۈلىدۇ، سۆزلەيدۇ، سورايدۇ، تونۇشىدۇ، شۇنچە نۇرغۇن پۇلنىڭ ئىگىسى بىلەن ... كامالىددىن قەدرسىز، توپىدەك، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە يوق، پۇرسەتمۇ، سۆزمۇ، يۈرەكمۇ.

— سودا ئىشى، ئوقەت، ئالىدىغان نەرسىلىرىم بار، سېتىۋالىدىغان، — يۆچۈن ئادەم يانچۇقىدىن ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان قۇتىنى چىقىرىپ، بىر يېرىنى بېسىۋىدى، «تارس» قىلىپ ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە غىچ تاماكا بار ئىكەن — «زىيان» دەيدىغان. قۇيرۇقى سېرىق تاماكىلار خۇددى قاتار تىزىلىپ ياتقان ئوقتەك، كىنودا ئەسكەرنىڭ پىلموتىغا تىزىلىپ كىرىدىغان ئوقلاردەك. كەلگىنىدى هادىغا تەڭلىدى. هادى قولىدا موخۇركىنى تۇرسىمۇ دەررۇ بىر تال سۇغۇرۇۋالدى

ئۇقتىن. ئاندىن سېرىق قۇيرۇقنى لېۋىگە قىستۇردى. قولىدىكىسىنى — هارۋىكەش تاماكىسىنى تاشلىۋەتتى. سېرىق قۇيرۇقنى تەرەپنى ئاغزىغا سېلىپ چېكىشنى بىلىدىكەن، ئاق تەرىپىگە ئوت ياقىدىكەن. هەي هادى، هەر سالادا بار نېمە جۇمۇ! نەگىلا بارسا، نېمىلا قىلسا چانمايدۇ. شەهەر كۆرگەن - دە، ئىككىلىسى. شۇڭا بىلىدىكەن ... ئۇلار راهەت بىلەن شوراشتى، مەززە قىلىپ پۈۋلەشتى. ئاخىرىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى. هادى زادى بوش نېمە ئەمەس ئىكەن. راستتىنلا، بىردەمدە گۆش بىلەن ياغ بولۇۋالدى. يارايدۇ كاساپەت، ئۆزى سەهرالىق، بولمىسا ... تووۋا!...

— سىزگە ئېلىشقا بىرەر نەرسە چىقامدىكىن - تاڭ بۇ سەهرايى قىيامەتتىن.

هادىنىڭ سۆزى هىملىشىپ، سوزۇلۇپ، تاتلىق چىقتى، قىيامدەك، قايماقتەك، يېغى قايماقتەك. يۆچۈن ئادەم تاماكىسىنىڭ كۈلىنى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن ئالدىرىماي قېقىپ چۈشۈردى، هۈنەر كۆرسىتىۋاتقاندەك ئۇستىلىق بىلەن، لەززەت بىلەن. ئۇ هەممە ئىشنى شۇنداق قىلىدىكەن، چاينى سۈمۈرۈشىنىمۇ ... ئولتۇرغاندا ئۆزىنى تۇتۇشىنىمۇ، سۆزلەشىنىمۇ، كۈلۈشىنىمۇ، قاراشىنىمۇ ... ئويۇن قويۇۋاتقاندەك، ئەپچىل، هەۋەس بىلەن، مەززە قىلىپ، چىرايلىق...

— چىقمايزە. مەن هەممىنى سېتىۋالىمەن، هەممىنى.

كۆزلەر يالتىراپ كېتىشتى، قۇلاقلار دىڭگىيىپ، ساقال - بۇرۇتلار تىكلەشتى. شۇبهە ۋە هەيرانلىق ئىچىدە ...

— بۇ يەردىن نېمە سېتىۋېلىشىمنى بىلىمەن، بولمىسا شۇنچە هەرەج تارتىپ بېشىم ئىششىپ قالغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا ۋاقىت دېگەن ئالتۇن، ئالتۇن، دېگەن گەپ.

كامالىدىن چۆچۈپ كەتتى. مانا ئەمسە! كۆر بۇنى، «ۋاقىت — ئالتۇن!»، «ۋاقىتنىمۇ ئالتۇنغا تېگىشەمدىكىن ياكى ئالتۇنغا ساتقىلى بولامدىكەن؟ تووۋا ... ۋاقىتنى - هە؟ ئاشۇ ۋاقىتنى! بۇ يەردىكىلەر ۋاقىتتىن بىزارغۇ، بۇ يەردە نېمە جىق؟ ۋاقىت جىق. هەممە ئادەمدە ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئاشۇ زۇلدا، يولدا، ئېتىزدا، ئۆيدە، كېچىدە، كۈندۈزدە ... هورۇن ئېشەكنىڭ ۋاقتىدىنمۇ جىق ۋاقىت بارغۇ ئۇلاردا! هە ... بۇنداق گەپ ئىكەن - دە! بۇ يىل تاپان ۋاقىت سېتىۋالىدىكەن. قوللىرىدىكى ئاشۇ ئالتۇن ئۈزۈكلەر، ئۇچىسىدىكى ئاۋۇ غىلدىر كۆڭلەكلەر ئاشۇ ۋاقىت سودىسىدىن كەلگەن ئىكەن - دە! ۋاي كاززاپ، ئۆلمە بەچچىغەر، ۋاقىتنى - هە؟ ... تووۋا، بۇ يەردە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بولالماي ئاۋارە، بۇ بولسا ۋاقىتنى دەپ هەرەج تارتىپ يۈرۈپتۇ. توختاپ تۇر، ۋاقىت دېگەن زادى نېمە - ئۇ؟ ئۇنى قانداق ساتىدۇ؟ تۇتۇۋالغىلى، باغلىۋالغىلى بولامدۇ؟ كامالىدىننىڭ ۋاقتىنى، مەهەللىدىكى شۇنچە ئادەمنىڭ ۋاقتىدىن قانداق ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ؟ كۆلنىڭ ئىچىدىكى سۇدىن، كۆلنىڭ ئىلگىرىكى سۈيى بىلەن يېڭىدىن قوشۇلۇۋاتقان دەريا سۈيىنى ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدىغۇ؟ ئۆستەڭ چاپساڭ، ئېرىق چاپساڭ سۇنى خەقنىڭكىدىن ئاجرىتىۋالغىلى بولار، «ماۋۇ ئۆزۈمنىڭ سۈيى!» دەپ. ئەمما، بۇ ۋاقىت دېگەننىڭكى ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپمۇ، پاسىل - قاشا بىلەن قورشاپمۇ، بوينىغا ئارغامچا تاشلاپمۇ ئايرىۋالغىلى بولمايدىغۇ؟ ياكى قاپقا قاچىلىۋالغىلى بولمىسا؟ ئۇنى قانداق سېتىۋالىدىكىن؟ مېتىرلاپمۇ، جىڭلاپمۇ ... قانداق ئەكىتىدۇ دېگىن! ماشىنىغا بېسىپ؟ سومكىسىغا سولاپ؟ ۋاي

كاللىسى ئىششىپ قالغان، ۋاقىتنى سىتى-
ۋالارمىش تېخى! يوق كەپ، لېكىن بۇنىڭدا
بىر ھۆلەر بار. بىكارغا كېلەمدۇ بۇ يەرگە!
مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ! ماۋۇ ھادەك تازمۇ
بىكارغا غىلجىڭلىمايدۇ ئۇنىڭغا، خوتۇنىنى
دوراپ. نەم يەرگە دەسسىمەيدىغان پاخ-
شەك - بۇ! بىر نېمىنى بىلمىسە ...»

كامالىددىن ھادىغا سەپسالدى. ھادىنىڭ
قوشۇمىسى بىردىنلا تۈرۈلدى. ياغاق، غىل-
تاڭ پېشانىسى قورۇلدى، تاز قىزنىڭ
پېشانىسىدەك. ئۇ، تۇرۇپلا سەتلىشىپ
كەتتى، ئەسلىدىمۇ ئۇنچە چىرايلىق نېمە
ئەمەسقۇ (ئازراق پۇلى بولغاچ، چىرايلىق
كۆرۈنۈپ قالغان بۇ يەردىكىلەرگە). ھادى-
نىڭ قارچۇغى دەم يوچۇن ئادەمنىڭ قول-
دىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە، دەم ئۇ ئادەم-
نىڭ كۆزىنىڭ ئەستىرىگە چاشقان تىنىتىپ
يۈرگەن ئاچ مۈشۈكتەك يۈگۈرۈشكە باشلىدى.
ئۇ شۇ تاپتا تۇساتتىن تىنچسىزلىنىپ
قالدى، ئارامسىزلاندى. ئىچىدە بىرەر
نەرسە يۈگۈرۈۋاتقاندەك، ئاچ چاشقان
قارنىنى تاتىلاۋاتقاندەك. قورسىقىغا جىن
كىردى بۇ ئاقسانىڭ. ھادى كامالىددىنغا
قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، كامالىددىننىڭ
ئىچىدىكىنى بىلىۋالدىمىكىن؟ ئۇنىنى چىقى-
رىپ تاشلىدىمۇ - يا؟ كامالىددىننىڭ
يۈزى چىمىرلاپ كەتتى، چۈمۈلە
يۈگۈرگەندەك.

— ھەجەپ قارايىڭ تۇشۇشمىدىغۇ ھەر-
قايسىڭنىڭ؟ زەي يەرگە چاپلاپ ئولتۇرۇ-
شىۋېرەمسەن، تۇخۇمغا ئولتۇرغۇزۇپ
قويغاندەك ...

ھادى ئولتۇرغانلارغا تۇيۇقسىز كۆرگىر-
دى، ئىسرى تۇتقاندەك. ئولتۇرغانلار
ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ چەكچىيىپ قېلىش-
تى. لېكىن ئۆزىنى بىلىپ بىرلەپ قوزغى-
لىشتى. كامالىددىن ھادىغا ھومىيىپ
قويدى. ئۇنىڭ ئىچى ئاداپ كەتتى. خەق-
نىڭ ئالدىدا قىلىۋاتقان قىلىقىنى ما تاز-
نىڭ، يۈزسىز تاز. ئۇرۇش كېرەك ئىدى،
خامىرىنى يېرىش كېرەك ئىدى، خام كاۋىنى
يارغاندەك. لېكىن ئۆگەنمىگەن - دە، ئادەم
بىلەن ئۇرۇشۇپ. دېمىسىمۇ نېمىسىگە ھۆر-
كىرەيدۇ! تۆت كۈن بولمايلا بۇرنى كۆپ-
كىلى تۇرىدىغۇ بۇ سايىقىنىڭ؟ چېتى-
كىرىلىپ كەتتى - يا، بۇ قوڭالتاقىنىڭ؟
خەپ توختا ئەۋرەز پاقىسى، كىم شۇنچە
ئۆزۈلۈڭ؟ ئاشخانىڭنى پەش قىلامسەن؟ ھەس-
سىنەي، خەق بىلەن يامانلاشقۇدەك جاھان
ئەمەستە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈز يېيىشكەن
ئەمەسمۇ؟ بوپتىلا، ئەل قاتارى، دىلى ئازار
يېگەن يالغۇز كامالىددىنمىدى؟ ئەرگە بىر
نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن، ھادەك
دېگەننىڭ ئىچىنى ئەسكى تۇماقنى ئۆرۈ-
ۋەتكەندەك ئۆرۈۋېتىدىغان بىر كۈنلەر
كېلەر ئىگەكىمبا! بوپتۇ.

كامالىددىنمۇ دېھقان - دە، دېھقان
ئەپۇچان كېلىدۇ. يۈز ياكى غورۇر دېگەن-
نى بىلمەيدىغاندەك. كامالىددىنمۇ يولداش-
لىرىنىڭ ئارقىسىدىن چاپىنىنى قېيقىشتۇ-
رۇپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ
ئىچى ئاچچىق ئىدى.

كامالىددىنلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن
ھادى مېھمانغا ئاتىنىڭ قېنىدەك قىلىپ
قايتا چاي دەملىدى. ئاندىن خوتۇنىنى
ئويغىتىپ چىقتى. خوتۇنىنىڭ پەردىزى
بۇزۇلمىغانىدى. ھېچقاچان بۇزۇل-
مايتتى. سۈزۈلۈپ چىقىپ كەلدى. «يىراق-
تىن مېھمان كەلدى» دېگىنى ئۇنى خۇشال
قىلغانىدى. ئۇ بۇ يەردە تۇنجۇققانىدى،
زېرىككەنىدى، ئۆرۈمچىنىڭ ھاۋاسىنى
سېغىنىپ قالغانىدى. كۆردىكى، مېھمان
راستىنلا مېھمان دېگۈچىلىكى بار ئىكەن.
كۆكۈلقويۇپ قىلغان پەردىزىنىڭ خېرىدارى،

زىبالىقىنىڭ، سۇزۇلۇپ جىلمىيىش-
لىرىنىڭ خېرىدارى؛ بىلىدۇ - دە، ھەممى-
نى كۆرگەن — قەدىرىگە يېتىدۇ، بۇ يەر-
دىكى بايقۇشلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردى-
كىلەر نەدىن بىلسۇن بۇنداق خوتۇننىڭ
قەدىرىنى، چەكچىيىپ قاراپ قالىدۇ — شۇ،
ئالۋاستىغا قارىغاندەك.

ئۇ، مېھمانغا سالام قىلدى. مېھمان
چوكچى ئەمەس ئىكەن، ئورنىدىن قوپۇپ
ئالايتەن جاۋاب سالام قىلدى. بۇ خو-
تۇن مېھماننىڭ ئۆزىگە قاراپ تاڭ قالغان-
لىقىنى سېزىۋالدى.

«بۇنداق كېيىنگەن، ئۆزىنى بۇنداق
تۇتىدىغان، شىمال چىراي، مەدەنىي خو-
تۇن بۇنداق سەھرايى قىيامەتتە نېمە
ئىش قىلىدىغاندۇ» دەپ قالدىغۇ - تايىن.
ئايە كېتىپتىمۇ؟ ئۇنى بىر دەيسىز، مۇشۇ
يەردە بىر تازىنىڭ كەينىگە كىرىپ بولماي-
دۇ... خوتۇن كۆزلىرى ئارقىلىق ھەممىنى
سۆزلەپ بولدى...

ھادىنىڭ ئىمانى ئۇچتى. ماۋۇ غىتمەك-
نى قارا، ئۆزى تاپىسغا كېلىپ بولغىچە،
بىر نېمىسى تۆرگە چىقىپ بولىدىغان نا-
كەس ئىكەنغۇ - بۇ؟ ۋۇ دەيۇز، خام
يەۋېتىدىغاندەك قىلىپ كەتتىيا؟ ئۆتەپبار
قوكالتاق، چۆچۈرىنى خام سانىما جۇمۇ!
ھادى - دە، 30 قىمارۋازنىڭ ئارىسىدىن
چامغۇر قومارغاندەك يۇلىۋالغان خوتۇن
بۇ...

ھادى خوتۇننىڭ ئۆزىگە جەھلى بىلەن
ئالايغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ۋۇي، ما سې-
رىقمىكيانىنى.خۇش يېقىۋاتىدۇ — يا ئۇنىڭ-
غا! ئاران تۇرۇپتىكەن - دە، كونا كېيىم-
لى تۇتقىلى تۇردى قانجۇقنىڭ ماۋۇ كو-
سۈكنى كۆرۈپ. خەپ توختا، يۇكۆزلۈۋەت-
مەيدىغان بولسام! ئەمما ھازىر ئەمەس،
قىلجىڭلاپ تۇرسۇن بىردەم. ئالمىدەك
كورسىدە چىشلەپ يەۋالمىغاندىكەن...
ئىش مۇھىم، پۇل تاپىدىغان گەپ...
ھادى مېھمانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. خو-
تۇنى باشقىدىن ئېچىلىپ كەتتى. ھادى
مېھماننىڭ سومكىسىغا كۆز تاشلىدى.
پات - پات، ئوغرىدەك. تەخسە - تەخسە
قورۇمىلار كەلدى. خوتۇنى ئۆز قولى
بىلەن ئاش تارتتى. ھادى پالاقلاپ يۈرۈپ
تىقىپ قويغان بىر شىشە ھارىقىنى ئېلىپ
چىقتى. بۇ يەردە ھاراق سېتىشمايتتى.
شەھەردىن ئېلىپ چىققانىدى. ئاران بىر-
سى قاپتۇ. يېتىدۇ، يەتمىسە قالغىنىغا گەپ.
ئىش ئۈستىدە مەست بولىۋالسا بولمايدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بوش تۇرسا ماۋۇ ئىككى
داپيۈز دوپپىسىغا جىگدە سالار...

خوتۇنى دۇتار چالدى. ئىككىسى ئى-
چىشكە باشلىدى.

ئالتۇن تارتايمۇ، يامبۇ تارتايمۇ،
كەلمەي، كەلمەي كەلگەنىڭدە
ئۆزۈمنى ئاتايمۇ.

ھادى چالدى:

ئاھ، خېنىم داگەنزىدە، بەنجىڭ
سىلاڭ جۇلار قېنى؟
شۇل ھاراق، شۇل جوزىدا زۆھرە
گىلدىڭلار قېنى...

... كۈلۈشتى، يايراشتى، ئىچىشتى،
چېكىشتى، كېيىن دۇتار بىلەن ناخشا
يىغىشتۇرۇلۇپ، پەنەرنىڭ ئوتى پەسلىتىل-
دى. مېھمان بىلەن ھادى سۆپىنىڭ
بۇلۇڭىغا قىستىلىشىۋېلىپ ئاغزىنى قۇلاقلى-
رىغا يېقىشىپ، كۇسۇرلاشقىلى، بارماقلىرى-
نى پۇكۇپ ھېسابلاشقىلى تۇردى. نېمىلەر-
نىدۇر تالاشتى ۋە ئاخىرىدا كېلىشىپ
قېلىشتى. ھادىنىڭ خوتۇنى مېھمانغا يەر
تېگىدىن قاراپ، بەز مارىغان مۇشۇكتەك
ماراپ ئولتۇردى. لېكىن مېھمان نېمىشقى-
دۇر ئۇنىڭغا قىزىقماي قويدى. ئۇنىڭ

نازلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن
بولۇشۇۋەردى. خوتۇنىنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالـ
دى. ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ ئەسنىگىلى
تۇردى، ئاخىرىدا بېشىغا ياستۇق تاشلاپ
قىڭغىيىپ ياتتى. ئېلىپ - ساتار دېگەنگە
ئىشىنىدىغان نەرسە ئەمەس زادى، پۇل
دېسە ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇزۇنغا
چىق زەيپانى، نېمە ئادەمنىڭ جېنىنى
چىقىرىدۇ، قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ... خوتۇن
ئىچىدە غۇدۇرغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

هادى بىلەن مېھماننىڭ گېپى تۈگىگەنـ
دە، كۆل تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.
مەھەللە تەرەپتىن قېرى، ئاغرىقچان دەزىنـ
نىڭ هالسىز ئاۋازى غىڭىلداپ ئاران
ئاڭلاندى. هادى بىلەن مېھمان بىر - بىـ
رىگە قول بېرىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— بۇ يەردە كېچە نېمانچە قىسقا؟
زادىلا كېچە بولمىغاندەك؟

هادى مېھماننىڭ گېپىنى تۈزەتتى:

— بۇ يەردە كۈندۈزمۇ بولامدۇ، تاڭـ
مۇ ئاتامدۇ، دەيدىغان، بۇ يەرنىڭ كۈندۈزـ
مۇ كېچىگە ئوخشاش قاراڭغۇ...

ئاخىرىدا ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭكىنى
توغرا تېپىپ، يېتىپ قېلىشتى.

5

هادى چۈشتە كامالىددىننى ئىزدەپ
كەلدى.

— ئاشپۇزۇلغا بېرىڭلار، مۇھىم ئىش
بار. ئاغىنىلىرىڭگە ئېيت، ھەممىسى
بارسۇن...

هادىغا نېمە بولدىكىنە؟ ئۆندەرەپلا قاپـ
تۇ، بىر ئىزدا جىم تۇرالمايدۇ، پاچىقىغا
پىت چۈشكەندەك. تېخى ئۆزى ئىزدەپ
كەپتۇ. تۈنۈگۈن قوغلىغان ئەمەسمىدى؟
يۈزى قېلىن تاز، يەنە نېمە ئويۇن
چىقىراركىن؟

كامالىددىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
بېرىپ قالدى. قالغانلىرىمۇ بېرىپتۇ. تۈنۈـ
گۈنكىلەر، باشقىلارمۇ بار. ھېچنەرسە بولمىـ
غاندەك ئولتۇرۇشىدۇ، كۈلۈشۈپ تېخى!
هادىنىڭ تۈنۈگۈن ئىتنى قوغلىغاندەك
قوغلىغىنىنى ئۇنتۇپتۇ - دە! ھەي ... پۇـ
لى يوقنىڭ جېنى يوق دېگەن شۇ! مانا
ئۆزىمۇ كەلدىغۇ؟ قانداق قىلسەن، قاننى
قان بىلەن يۇغىلى بولمايدىكەن ... هادىـ
غىمۇ بىر يېرى چىڭ كەلگەچ شۇنداق
قىلغاندۇ، مەيلى، ھەممىمىز ئادەم ئەمەسمۇ؟

كامالىددىن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلار
بىلەن سالاملىشىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا جايـ
لاشتى. ئۆپچۆرىسىدە ئۆزىنىڭ ھەقەمسايىلىـ
رى — مەھەللىنىڭ ئوتتۇرا قوللىرى، ئۆزىـ
نىڭ ئېشىنى هالال ئىشلەپ يەپ، گېپىنى
تېپىپ قىلالايدىغانلىرى، ئىش كۆرگەن
(ئانچە - مۇنچە!) بالىلار. بەزىلىرى ئۆيلەنـ
مىگەن بولسىمۇ بىر ئۆيلۈك ئادەمنى بېقىپ،
جاھاننى چۆرگىلىتىپ يۈرگەنلەر. هادى
ئۇلارغىمۇ مۇھىم ئىش بار دەپتۇ. تاغدىنـ
باغدىن گەپ بولدى.

هادى كۆرۈنمەيدۇ، ھېلىقى مېھمانمۇ.
گېپى پىشمىغان ئوخشايدۇ. نېمە گەپكىن؟

كۈز شامىلى غۇرقىرايدۇ. سارغىيىپ،
بوزۇرۇپ ياتقان كەڭرى دالادا شورتاڭ
پورپاڭ توزۇپ تۇرىدۇ. بەترەڭ قۇياش،
چۆلدەرەپ تېپتىنىچ سوزۇلۇپ ياتقان
دالا ئاسمىنىدا كۆكۈلسىز پارقىرايدۇ. ئۆزـ
لىرىنىڭ ئاللىقانداق يەرلەردىكى قىشلاقلىـ
رىنى ئىزدەپ كۆلدىن قايتقان ئۆردەكلەرـ
نىڭ مۇڭلۇق غاقىلداشلىرى ئاڭلىنىپ
قالىدۇ.

ئاشپۇزۇل ئالدىدا بىر ئادەم پەيدا
بولدى، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئوشتۇمـ
تۇت، جىنىدەك.

بۇ، چۇلدۇر كېپەنگە يۆگىلىـ
ۋالغان، مىجىلغان كىگىز مالخاي كىيىۋالغان،

چاچ - ساقاللىرى مەينەت ۋە ئۆسكىلەك، ياداڭغۇ بىر بوۋاي ئىدى. يالىڭاياغ، كېسەل چىراي، لېكىن روھلۇق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. بوزلاشقان گىدە چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەن. يېنىدا مەينەتلىشىپ كەتكەن بىر توۋۇر ئېسىقلىق.

— خۇش كەپسىز، تىللاخان ئاتا...

كامالىددىن ئورنىدىن قوپتى. باشقىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋايغا سالام قىلدى.

بوۋاي ئىرغاي تېلىدىن كېسىۋالغان ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قېنى مەيەرگە...

كامالىددىن سۈرۈلۈپ ئورۇن بوشاتتى.

بوۋاي ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي شىرداق ئۈستىگە ئەمەس، داق يەرگىلا ئولتۇردى. باشقىلارمۇ ئولتۇرۇشتى. كامالىددىن ئالدىدىكى چەينەكتىن چاي قۇيۇپ، بوۋايغا ئىككى قوللاپ تۇتتى. بوۋاي پىيالىنى قولىغا ئېلىپ كامالىددىنغا كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قىلىپ «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ، ئىلمان چاينى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى ۋە پىيالىنى «دوققىدە» قويۇپ ئالقىنى بىلەن بوزلاشقان ساقال - بۇرۇتىنى ئېرتتى. ئاندىن ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ سەپسالدى. ئادەملەر بوۋايدىن ھېيىقىشىپ ئولتۇراتتى. خەقلەر ئۇ بوۋاينى «غايىبلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدۇ» دېيىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. كامالىددىن ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى، بەك نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ دېگىنى، مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى بولماي قالمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا دېگەنلىرى بولسا راست چىقىدۇ، يۈزدە يۈز. بوۋاينىڭ كۆزلىرى — ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ۋەھىملىك كۆزلىرى ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكىنى ئاسىقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى، ياق، كۆزلىرىدىن يۈرەكلىرىنى بىر - بىرلەپ تىنتىپ چىقتى، ئىزچى ئىتتەك. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى كامالىددىننىڭ كۆزىدە توختىدى.

— سەن جامالىددىننىڭ ئوغلىمۇ؟

— ھەئە! كامال مەن...

— ئاتاڭ ساقمۇ، كامال؟

— خۇداغا شۈكرى.

— ھەپتە بولدى، يوقلىمىدىم. باشتا غەم تولا... — بوۋاي يىغلىغاندەك كۈلدى.

— ئاتام سىزنى يوقسىنىدۇ...

بوۋاينىڭ كۆزلىرى نېمىشقىدۇر كامالىددىننىڭ كۆزىگە مىقتەك قادالدى. كامالىددىننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە قايغۇ، ئىچ ئاغرىتىش، دىل ئازارلىقى، ئۈمىدسىزلىك، رەنجىش، غەزەپ، ئەندىشە ... كامالىددىن بوۋاينىڭ كۆزىدە چاقناپ تۇرغان ئاقۇچ سوغۇقلۇقنى ئەقلى يەتكەن ھەممىگە جورىدى. ئۇ، بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۆتۈكنىڭ باشلىقىغا قارىۋالدى. ماكچىيىپ كەتكەن كونا ئۆتۈك. مايسىراپ، ئاقىرىپ كەتكەن. بۇ ئۆتۈك ئاكىسىدىن قالغان، ئاكىسىغا چوڭ ئاكىسىدىن قالغان ...

— سەن ئارتىقنىڭ قىزىمۇ؟

ۋىجىككىنە كەلگەن ئىنچىكە قاشلىق يىگىت قىزاردى، كۈلدى:

— ياق، ئوغلىمەن...

— سىكىلەك، نىياز چېچەكنىڭ قېنى؟ پۆپەك قويۇۋاپسەنغۇ ئەمدى؟ — بوۋاينىڭ كۆزلىرى كۈلدى، يىگىتلەرنىڭ كۆزىدەك شوخ. بوۋاي چىرايلىقلىشىپ قالدى، كۈلكىسى بىلەن.

— شۇ ياشقا كەلگەندە نىياز چاچنى نېمە قىلىمەن ... يوغانلا ئەرغۇ مەن ...

— ۋاي يوغالەي، نومۇس قىلىۋاتامسەن؟ بوۋىلىرىڭنىڭ ئىشلىرىدىن نومۇس قىلىۋاتامسەن؟ شۇنداق قىلىپ تۆكەيسىلەر ئاخىر ... بوۋاڭنىڭ يولىدىن تېنەشىپ تۆكەيدىغان بولۇشتۇڭ... ئاھ، ئاللا، مەن بىلمەسمەن، ئىگىسى بىلىدۇ...

بوۋاينىڭ چىرايىغا بايىقى ئەندىشە، خەۋپسىرەش تېپىپ چىقتى. بوۋاي ئۆكدەپ قالغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتتى. كامالىددىن ھادىنىڭ ئايالىغا دەپ بىر چىنە سۇيۇق ئاش قىلدۇردى.

— تىللاخان ئاتا، ئاشقا ئېغىز تېگىڭ.

بوۋاي بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى ۋە ئاشنى ئېلىۋېتىپ، كامالىددىنغا يەنە بايىقىدەك غەلىتە نەزەردە «لەپپىدە» قاراپ قويدى. كامالىددىننىڭ يۈرىكى ئاسقىپ كەتتى.

بوۋاي ئاشنى ئالدىراپ - تىنەپ ئىچىۋەتتى، ئوغرىلىۋالغاندەك، يالماپ، ئاچكۆزلەرچە. ئاندىن چىنىنى قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەممە ئەگەشتى.

— بەرگەن ئىشىڭغا رازى بول.

بوۋاي بېشىنى سىلىۋالدى، كۆزىنى يۇمۇپ، بايىقىدەك. مەھەللىلىكلەر بوۋايغا قاراپ ئۈنچىمەي ئولتۇرۇشتى. ئۇلار چېكىۋاتقان تاماكىلىرىنى ئاللىقاچان تىقىشتۇرۇۋەتكەنىدى. چەككۈسى كېلىشتى ئۇلارنىڭ، لېكىن ئاتا يوللۇق بوۋاينىڭ كۆزىچە تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ ئولتۇرۇشقا ھېچقايسىسى پېتىنالمىدى. بوۋاي ئۈشتۈمتۇت كۆزىنى ئاچتى:

— كۆلگە باردىم، ئۇلارنى كۆردۈم، كېچىچە ئۇلارنىڭ سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدىم، نەغمە - ناۋاسىنى تىڭشىدىم. جىق خىيال قىلدىم، ئۇزۇن ياشاپتىمەن، ئەمما قارىسام ئۇلار مەندىنمۇ ئۇزۇن ياشاپتۇ. بىز ئۆلىمىز، مەن ئۆلىمەن، ئەمما ئۇلار ئۆلمەيدىكەن. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قانداق بولسا شۇ ھالىچە ياشاۋېتىپتۇ. قېرىش دېگەن نەدە، ئۆز ئەينى ... شۇنداق ياش، نۇۋەر، پاكىز...

بوۋاي غۇدۇرايتتى، پىچىرلايتتى، دۇرۇت ئوقۇغاندەك. ئولتۇرغانلار ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي، ئاز - ئۇز بوۋاينىڭ ئاغزىغا قارىشىپ ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

— كىمنى دەيسىز تىللاخان ئاتا؟

بوۋاي «لەپپىدە» كۆزىنى ئېچىپ كامالىددىنغا تىكىلدى. كامالىددىننىڭ ئاۋازىنى تونۇيدىكەن. ھەممىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇسا كېرەك.

— ھۆر - پەرىلەرنى، كۆلدىكى سۇ ئادەملىرىنى...

ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن قىمىرلاپ قويۇشتى، ئۇلارنى سۇ ئادەملىرى توغرىسىدىكى سۆزلەر قىزىقتۇراتتى، كىچىكىدىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بولۇشىمۇ...

— ئاتامدىن، سىزدىن نۇرغۇن ئاڭلىدۇق، لېكىن...

— ئايىغىنى دە، دېمەمسەن؟

كامالىددىن قىزاردى.

— گۇناھلىقتۇرمىز ئاتا، گۇناھلىق ئادەملەرگە يولۇقماسمىش، كۆرۈنمەسمىش. شۇڭا...

— بىلىدىكەنسەن، گۇناھلىق يولغا كىرىپ قالما. غاپىل بولما، شەرمى - ھايانى ساقلا، ئۇياتسىز، باغرى تاش، ئاچكۆز بولما... ئۇياتنى يوقاتقان كۈنىڭ ھالاك بولىسەن. ھەممىڭلار ئۇيات، ئىنساب دېگەنلار ئۆزۈڭلەرگە، بىر - بىرىڭلارغا ... بولمىسا ھەممىڭلار ھالاك بولىسىلەر ...

بىر - بىرىڭنى ئىتتەك تالاشمىغىن، گۇناھنىڭ ئەڭ يامىنى ئۇياتنى يوقىتىش ۋە بىر - بىرىڭلارغا شەپقەتسىزلىك

قىلىش ... بىر - بىرىنىڭ بىلەن ئۆچەكەشكىنىنىڭ، بىر - بىرىگىنى خارلىغىنىنىڭ — ئۆزۈڭنى خارلىغىنىنىڭ، ئۆزۈڭ بىلەن ئۆچەكەشكىنىنىڭ، خەققە قىلدىم دېگىنىنىڭ ئۆزۈڭگە قىلغىنىنىڭ، ھالاكەتنى چىللىغىنىنىڭ. بوۋاڭنىڭ روھى تىنچسىزلىنىۋاتىدۇ ھەي خەق، ئاڭلىمىدىم دېمىگىن، سۇ ئادەملىرىدىن بىشارەت ئالدىم ... غەپلەتتە قالماڭلار، ئۇلارغا، ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ روھىغا تۇزكورلۇق قىلماڭلار ... ھالاك بولىسەن... ھالاك ... ھالاك... پاك - پاكىز ...

كامالىددىنىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدىدى، قان مېڭىسىگە تەپتى. ئۇنى تۇرۇپلا بىر نامەلۇم قورقۇنچ قاماللىۋالدى. ئۇ ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ، ئولتۇرغان يېرىدە تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى بوۋايغا تىكىلگەنىدى.

— كۆرگەنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ، ئاتا... ئاڭلاپ قالايلى.

كامالىددىنىنىڭ رازىق داراز دېگەن يېقىن ئاغىنىسى بوۋاينى ئاۋايلاپ تۇرتتى. ئۇ، كامالىددىنغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. بوۋاينىڭ بايىقى سۆزى بىلەن ئۆزىمۇ بىر قىسما بولۇپ قالدى. پەرىشان، ئەندىشىلىك. بوۋاي يەنە كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى سىلىۋالدى. ئۇخلاپ قالدىمىكىن؟ ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان قېرى ئىتتەك.

شۇ ئەسنادا ئاشپۇزۇل ئالدىدا كونىراپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ بىر يىگىت ئۆتۈپ قالدى. ئۇ، شۇ مەھەللىدىكى بىردىنبىر مۇئەللىم ئىدى. مۇئەللىم ئولتۇرغانلارنى كۆرۈپ، ۋېلسىپىتنىڭ بېشىنى قايرىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى. ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مۇئەللىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

مۇئەللىم ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ تىنچلىق سورۇشۇۋېتىپ، بوۋاينى كۆرۈپ قالدى. بوۋاي شۇ ھالىچە ئىدى. بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى، كۆزىنىمۇ ئېچىپ قويمىدى. ئۇگمىدىكەندەك ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى. بولىۋاتقان ئىزرە - تۆپىدىن بىخەۋەردەك.

مۇئەللىم يىگىت ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، بوۋايغا كەلگەندە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. مەھەللىلىكلەر: «بوۋاينى ئۆز ھالىغا قويۇڭ» دېگەندەك قىلىپ، ئىشارەت قىلىشتى. مۇئەللىم كۈلۈپ كامالىددىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى.

بوۋاي ئۇشتۇمتۇت خىرقىرىدى:

— مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن، مەن بىلەن بىللە ئولتۇر. ئايىغىمدا ماغدۇر يوق، ئالدىڭغا ئۆرە بولۇپ چىقالمىدىم. كەل شامچىراغ، — بوۋاي ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ چىرايى كۈلگەندەك ئېچىلىپ كەتتى. مۇئەللىم بالا بىلەن دائىم مۇڭدىشىپ تۇرىدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدى كامالىددىن، راست ئىكەن - دە.

مۇئەللىم بوۋاينىڭ ئالدىغا ئىلدام مېڭىپ كەلدى ۋە ئىككى قولى بىلەن بوۋاينىڭ ئەتىسىز ۋە سوغۇق قولىنى سىقتى.

— رەھمەت، ئاتا، — مۇئەللىم يىگىت بوۋاينىڭ يېنىغا — داق يەرگە ئولتۇردى. بوۋاينىڭ چىرايى نۇرلانغاندەك بولدى.

— گەپلىرىڭىزنى سېغىندۇق، ئاتا...

بوۋاي مۇئەللىمگە قاراپ بېشىنى چايقىدى:

— بىلسەن، كۆپنى بىلسەن، مەن كونا گەپنى بىلمەن، سەن يېڭى گەپنى بىلسەن... يۇرتنىڭ كۆزىسەن، ئۆزۈڭ ياش بولساڭمۇ... قېنى ئېيتقىنا، جاھاندا نېمە ئىشلار بولىۋاتىدۇ؟

ئولتۇرغانلار قۇلاقلىرىنى مۇئەللىمگە دىك

تۇتتى. سەھرالىق دېگەن قۇلاق موللىسى
كېلىدۇ، ئۇقۇيالىمىغانلىكىن، يازالمى-
غانلىكىن... كاماللىدىنمۇ شۇ... بۇۋاي
راست ئېيتىدۇ، مۇئەللىم مەشەدىكىلەرنىڭ
ھېچقايسىسى بىلمىگەننى بىلىدۇ.

ئۇ سۆزلىدى. نۇرغۇن - نۇرغۇن سۆز-
لىدى. ھەر سالا - ھەر تامانىدىن، بۈگۈن-
دىن، ئەتىدىن... شۇنداق، مۇئەللىم دې-
گەنىنىڭ ئاغزىدىن گەپ دېگەن
قايماق بولۇپ چىقىدىكەن، يېڭى قايماق.
شۇڭىمۇ ھەممىسى چوڭ بىلىدۇ-دە ئۇنى.
كاماللىدىنمۇ ئۇنىڭدىن ھېيىقمىدۇ، ئۆزىدىن
كىچىك بولسىمۇ، ئۇ بىلىدىغانىنىڭ مىڭدىن
بىرىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى نۆۋەت
ئىللاخان ئاتىغا كەلدى. بوۋاي خىرقىراپ
باشلىدى گېپىنى:

... بۇرۇن، بۇرۇنلاردىن، قەدىم زامانلار-
دىن شۇنداق سۆز قالغان.

... دەريا سۈيى ئۇلۇغمىش، دەۋرەپ -
گۈلدۈرلەپ ئاقسا، ئېقىمىنىڭ شىددىتى
بىلەن سۇ يۈزىدىن ئىس كۆتۈرۈلەرمىش.
ئىتتىكلىكىدىن، سۇ بېتىگە پەسلەپ ئۇچۇپ،
سۇغا قانىتى تېگىپ قالغان قارلىغاچنىڭ
قانىتى سۇنارمىش. ھەر يىلى 6 - ئايدا —
ئىنجىق ئىسسىق — تومۇزدا دەريادا سۇ
ھەسسىلەپ جىقلاپ دەريا سۈيى تاشارمىش.
مەھەللە — كوي، يېزا - كەنتلەرنى تاشقىن
باسارمىش، نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زا-
مىن بولارمىش. باغ - ۋاران، ئېتىز -
ئېكىن ۋەيران بولارمىش، جانۇ - جانىۋار-
نىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلۇپ، چۆجىلىرى نابۇت
بولارمىش... ئادەملەر يىل بويى دەريا
قېشىنى قاشلايدىكەن، سەلنى كۆلگە باش-
لايدىكەن. لېكىن تەلۋە قىيان ساراڭلىقىنى
تاشلىمايدىكەن. يامان پەيلى بىلەن كۆز-
لەرنى ياشلايدىكەن. ۋاقىت - سائىتى كەل-
گەندە تاغدىن لاۋا ئاققاندەك گۈلدۈرلەپ
بېسىپ كېلىۋېرىدىكەن. تۇمەنلىگەن ئادەم
يىل بويى قاشلىغان دەريا قېشىنى خانى-
ۋەيران قىلىپ، ئۆي - پۆي، ئادەم - پا-
دەم دېگەننى «لەپپىدە» كۆتۈرۈپ كېتىدى-
كەن. كىشىلەر ئاھۇ - پەرياد ئۇرۇپ،
يىغا - زار قىلىشىدىكەن. ئاللادىن رەھىم-
شەپقەت تىلەيدىكەن.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، ئەتىدىن -
كەچكىچە چىم قومۇرۇپ، بوقا① باغلاپ،
تاش توشۇپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ،
دەريا بويىدا كەتمەن دەستىسىگە بېشىنى
قويۇپ ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ
قۇلىقىغا بىر سادا ئاڭلىنىپتۇ: «ھەي ئادەم-
لەر، سىلەردە گۇناھ — كۇپۇرلۇق چېكىگە
يەتتى، ھەممە يەردە ئەيشى - ئىشرەت،
بۇزۇقچىلىق يامراپ كەتتى. ئادەملەر ئاچ-
كۆز، نائىنساب، باغرى تاش، ھەسەتخور،
رەزىل، پاسىق بولۇپ كەتتى. بىر - بى-
رىڭلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۆز قېرىندا-
شىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ئۇيالماي-
ۋاتىسىلەر. پۇل بىلەن مەنپەئەتنى دەپ،
ئەمەل بىلەن ئورۇن تاماسى قىلىپ قېرىن-
داشىڭلارنى، ئاتا - بوۋىلىرىڭلارنى، ئۇ-
رۇق - پۈشتۈڭلارنى سېتىشتىن يانمايۋاتى-
سىلەر. ئاچكۆزلۈك ۋە ئارسىزلىقتىن، كۆ-
رەلمەسلىك ۋە دۈشمەنلىكتىن ئىچ قارنىڭلار
دۈتلىشىپ، قارىيىپ كەتتى. قېنىڭلار بۇ-
زۇلدى، كۆڭۈل كۆزۈڭلار كور بولدى.
ياخشى بىلەن يامان، ھالال بىلەن ھارام،
پاكلىق بىلەن پاسىقلىق، ئۇيات بىلەن
ئۇياتسىزلىقنىڭ چەك - چېگرىسىنى يوقات-
تىڭلار. زېمىننىڭ پېغانى تۇتتى. ئاجىزنىڭ
ئاھى يەتتى. بىزنىڭ تاقىتىمىز پۈتتى،
شۇڭا سىلەرگە تاشقىننى ئاپەت قىلدۇق،
زېمىننى چېركىنلەردىن تازىلاشنى نىيەت

① تاشقىن توسىدىغان توسما.

قىلدۇق. روھى چىرىگەن تىرىك جەسەتلەرنى تاشقىن بىلەن جەھەننەمگە كۆچۈردۇق، بۇنىڭغا ئەقلىڭلار يەتمىدىمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەپ - سىرىنى ئەتراپىڭلاردىن ئاقتۇرۇپ باقمىدىڭلارمۇ؟ ئۆزۈڭگە ھەم ئەتراپىڭغا باق ھەي گۇمراھ ئادەم، يۈرىكىڭگە قول سېلىپ باق، بىزنىڭ قۇدرىتىمىزدىن گۇمانلانساڭ، ۋەيرانچىلىق، بالايى - قازادىن، ئۆلۈم - ھالاكەتتىن، ئۇرۇق - نەسلى قۇرۇشتىن، زېمىندا ئىزى پۈتۈنلەي ئۇچۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالاي دېسەڭ، يامانلىقتىن قول ئۈز، ياخشىلىق بىلەن مەشغۇل بول، بىر - بىرىڭگە مېھرىبان بول، دەپسدۇنيا ئۈچۈن نومۇسىڭنى بۇلغىما، ئاتا - بوۋاڭنىڭ يولىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ شەنىنى بۇلغىما، ئىنسابلىق بول، ھىممەتلىك بول، نومۇسلۇق بول...

ھەي بىۋاپا ئادەم، بەش - ئالتە كۈن ئۆتۈپلا تارتقان دەرد - ھەسرىتىڭنى، قىلغان تووۋاڭنى ئۇنتۇپ قېلىپ، يەنە گۇمراھلىق يولىغا مېڭىپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن يۇرتىڭدىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ پاكىز، مەسۇم ئۆسمۈر ئوغۇلدىن بىرنى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىچە دەرياغا تاشلا! ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغىنىنى چۈشىنىشسۇن! ئادەملەر مۇشۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتنىڭ ئۆز باشلىرىغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھەر مىنۇت ئەستىن چىقارمايدىغان بولۇشسۇن. بىز سۇغا تاشلانغان پاك مەسۇمنى قۇربانلىققا مەقبۇل كۆرسەك، سىلەرنىڭ تووۋاڭلارنى قوبۇل ئەتسەك ئاندىن تاشقىن بالاسىنى توختىتىمىز. بۇ بالا - قازادىن سىلەرنى خالاس قىلىمىز...»

ئادەملەر قورقۇپ كېتىپتۇ. يۈرەكلىرى لەرزىگە كەپتۇ. ئۇلار ياتقان يېرىدىن سەكرەپ قوپۇشۇپ، ئەتراپقا كۆز سېپتۇ.

ئۆزىدىن بۆلەك ھېچبىر ئادىمىزاتنى كۆرەلمەپتۇ، پەقەت دەريا ئۈستىدە، قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىدا لوغۇلداپ تۇرغان بىر دەستە كۆك نۇرنى كۆرۈپتۇ. بايىقى سادا ئاشۇ نۇردىن كەلگەنىكەن. بۇ نۇر سۇ پەرىنىڭ مۇبارەك جامالى ئىكەن. سۇ پەرى ھېلىقى ۋەھىينى قىلغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ، ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ. ھاڭ - تاڭ بولغان ئادەملەر بىر كەمدە ئېسىنى تېپىشىپتۇ. يىغا - زار قىلىشىپتۇ. بويۇنلىرىغا قارا ئارغامچا سېلىشىپ، قىلغان - ئەتكەنلىرىگە تووۋا قىلىشىپتۇ. بىر - بىرلىرىگە كۆڭۈل قويۇشۇپ، قىلغان يامانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزرە سورۇشۇپتۇ. غېرىب - غۇرۋا، ئاجىزلارغا ھىممەتلىرىنى ئايىماپتۇ. پىتنىچى - ئىغۋاگەرلەرنى، بۇزۇق - پاسىقلارنى، روھى بۇزۇلغان چېركىنلەرنى دارغا ئېسىپتۇ. ئاخىرىدا يۇرت بېشىنىڭ نازارەتچىلىكىدە يۇرت ئىچىدىن ئەڭ پاكىز ۋە سەبىي بالىدىن بىرنى تاللاپ، سۇ پەرىگە ئاتاپ، دەرياغا تاشلاپتۇ... شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دەريا سۈيى ياۋاشلاپ، كەلكۈن چېكىنىپتۇ. مەھەللە - كوي ئامان قاپتۇ... يىللار - قەرنەلەر ئۆتكەنسېرى ئادەملەر گاھىدا بالا - قازانى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ، يەنە گۇمراھلىق يولىغا مېڭىپ قالىدىكەن - دە، تاشقىننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولۇپ تۇرىدىكەن. يەنە ئەسلىرىنى يىغىشىپ، تووۋا قىلىشىدىكەن، سۇ پەرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ يەنە جانلىرىنى ساقلاپ قالىدىكەن...

كۆك كۆل ئاستىدا قالتىس كاتتا بىر دۇنيا بار ئىكەن. ئۇ يەردە سۇ پەرىلىرى ياشايدىكەن. ئۇ يەر جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئادەملەر سەن سېمىز، مەن ئورۇق، سەن گاداي، مەن زەردار دېيىشمەي ئىجىل -

ئىناق ياشايدىكەن. ئۇ يەردە يۇقىرى -
تۆۋەنلىك تالىشىش، ھەسەتخورلۇق، ئاچ-
كۆزلۈك، تاماگەرلىك، بۇزۇقچىلىق، غەيۋەت-
شىكايەت، دۈشمەنلىك دېگەنلەردىن ئەسەر
يوق ئىكەن. ئۇلار دۇنياغا، ئادەملەرگە
ياخشىلىق، ئاسايىشلىق، دوستلۇق، مېھرى
شەپقەت تىلەشىدىكەن...! بۇلار قەدىم -
قەدىمدىن بۇيان. سۇ پەرىگە ئاتاپ قۇر-
بانلىق قىلىنغانلار ئىكەن. ئۇلار قېرىماي-
دىكەن، ئاغرىمايدىكەن، ئۆلمەيدىكەن.
ئۇلار ياخشى نىيەت، پاكىز روھنىڭ قۇۋ-
ۋىتى بىلەن قىيامەتكىچە بىر خىلدا ياشاي-
دىكەن. ھەر جۈمە كۈنى دەل چىڭقى چۈش
مەزگىلىدە كۆلدىن چىقىشىدىكەن. قىزلىرى
قومۇش پۆپەكلىرىگە قونۇشۇۋېلىپ چاچلى-
رىنى تارىشىدىكەن، ئوغۇللىرى كۆل
بويىدىكى ئىسسىق قۇمغا ئېغىنىشىپ
ئاپتاپ سۇنۇپ يېتىشىدىكەن... ئۇلار
مەھەللە - كويلارغا كىرەرمىش، كېچىلىرى
ئادەملەرگە ھەر خىل سىياقتا كۆرۈنۈپ،
كىشىلەرنى پاكلىق ۋە ياخشىلىققا ئۈندەيدى-
كەن، مېھرى - شەپقەت ۋە ئىناقلىققا دالا-
لەت قىلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ قولىدا بىردىن نىلۇپەر بولى-
دىكەن، بۇ، كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئادەم-
لەرنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن سۇغا قۇربانلىق
قىلىنغانلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن
ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئاشۇ نىلۇپەر كۆتۈر-
گەن قۇربانلارنى كۆرگەندىن كېيىن، قەدىم-
قەدىمدىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلىقى،
روھىي چېركىنلىكى تۈپەيلى باشلىرىغا
كەلگەن بالا - قازانى، ئاپەت - ھالاكەتنى
قايتىدىن ئەسلىرىگە ئېلىشىپ، چۆچۈشلىرى-
نى، ھۇشلىرىنى تېپىشلىرىنى، يامان يول-
دىن ئۆزلىرىنى تارتىشلىرىنى ئۈمىد قىلى-
دىكەن... مۇبادا، ئادەملەر ئۇلارنى كۆرۈپ-
مۇ ئەس - ھۇشىنى تاپمىسا، پاسىقلىق ۋە
گۇمراھلىقتىن قول ئۈزمىسە، ئۇلار ئاھ ئۇ-
رۇپ يىغلايدىكەن. ئۇلار يىغلىغاندا كۆز-
لىرىدىن ياشنىڭ ئورنىغا قان تامچىيدى-
كەن، بۇ قان تامچىلىرى ئۇلارنىڭ قولل-
رىدىكى نىلۇپەرگە تېمىپ سىڭىدىكەن. سۇ
پەرى ئاشۇ نىلۇپەرلەردىكى قان داغلىرى-
دىن، زېمىندا — ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا
سادىر بولۇۋاتقان ھاياسىزلىق ۋە گۇناھى-
كەبىردىن خەۋەر تاپىدىكەن - دە، كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە، قەرەلى توشقان بىر سا-
ئەتتە ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە تاشقىن بالا-
سىنى ئەۋەتىدىكەن...

مانا... كۆل بويىدا تونەپ باققانلىرىڭ
كۆل ئاستىدىن كېلىدىغان يىغا ئاۋازىنى
ئاڭلىغان بولغىدىڭ. تۈنەپ باقمىغانلىرىڭ
بۈگۈن كېچىلا تۈنەپ باق، ئۆز قۇلىقىڭ
بىلەن ئاڭلاپ باق. ئۇلارنىڭ يىغلىغان،
ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلايسەن! —
بوۋاي يەنە جىم بولۇپ كۆزىنى يۇمدى.

— شۇنداق، بىز تالاي قېتىم ئاڭلىغان،
تىللاخان ئاتا...

شۇنداق، ئۇلتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ-
لىغان، ناھايىتى ئېنىق، يېنىدا بىرسى
يىغلاۋاتقاندەكلا ئاڭلىغان. كامالىددىنمۇ
ھەم. شۇ چاغدا تىللاخان ئاتا، ئەقلىنى
بىلگەندىن بۇيان ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن،
كۆرمىڭ سۆزلەپ بەرگەن مۇشۇ رىۋايەتنى
ئېسىگە ئالغان. شۇنداق، بۇ رىۋايەت
ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە يادا بولۇپ
كەتكەن. تىللاخان ئاتا ھەممىسىگە قايتا -
قايتا، تەكرار - تەكرار سۆزلەپ بەرگەن.
ئادەملەرنى ئۇنتۇپ كەتمىسۇن دەيدىغان
ئوخشايدۇ. ئەجدادلىرىنى، ئەجدادلىرىنىڭ
كۆز ياشلىرىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشمىسۇن
دەيدىغان ئوخشايدۇ... بوۋاينىڭ ئەندى-
شىسىنى ئاڭلىغانلار چۈشىنىپ يەتسۇن
دەيدىغان ئوخشايدۇ... بوۋاي ھەممىنى

بىلىدۇ، ئۆتكەننى ئەمەس، ئۆتىدىغاننىمۇ بىلىدۇ... شۇ ۋەجىدىنمۇ ھەممە ئادەم بۇ بوۋايدىن ھېيىقىدۇ، تەپتارتىدۇ، پېقىر بولسىمۇ، ئۇستىبېشى مەينەت ۋە جۇلجۇل بولسىمۇ، ئۆي - ماكانسىز سەرسان بولسىمۇ.

بوۋاي ئۇشتۇمتۇت كۆزىنى ئېچىپ ئادەملەرگە بايىقىدەك ۋەھىمىلىك نەزەردە تىكىلىپ بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن قوپتى. مۇئەللىم يىگىت بوۋاينى يۆلىۋالدى.

## 6

ھادى ئۆيدىن چىقتى، ئۇ بەك خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ ئولتۇرغانلارغا قاراپ ھىجىيىپ، سالام قىلدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىن سۈزۈۋالغان تاۋۇز شاپىقىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ، توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. خوتۇنى بىر چەينەك چاي ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ تەرىمۇ ئېچىلىپ قالغانىدى. سەھرالىقلارغا ھومۇيۇپ كەتمىدى ئىلگىرىكىدەك. ھادى كۆپچىلىككە قاراپ يەنە ھىجايدى:

— ئاغىنىلەر، پۇل تاپقىلى كېلەمدۇ؟

تولۇمدىن توقماق چىققاندەك بۇ گەپتىن كامالىددىن تېڭىرقاپ قالدى. نېمە گەپ بۇ؟ كىمنىڭ باي بولغىسى يوق؟ زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ يا بۇ پاخشەك، ئاچ ئادەمگە: «پولۇ يىگىڭ بارمۇ؟» دېگەندەك كولدۇرلىتىپ. كۆپچىلىك كۈلۈشنىڭ ئورنىغا ھومۇيۇشتى.

— راست دەۋاتىمەن. سەن خەققە بىر ئىش بار. باي بولىدىغان گەپ. لېكىن كۆتۈكنى بېسىپ ئولتۇرۇپ ئىشلىمىسەك بولمايدۇ...

نېمە دەيدۇ مۇنۇ قوتاز، كامالىددىننىڭ ئىچى قوداڭشىغىلى تۇردى. كىم ئىشلىمەيدۇ؟ ئايىغى يەرگە تەككەندىن بۇيان ئىشلەپ كېلىۋاتىمىزغۇ؟ يەنە ئىش دەيدا؟ يەنە نېمە دەيدىكەن قېنى؟

— ماندىق گەپ. شاپىلاقتەك يەر بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. باي بولۇش دېگەن «تېكەستە بەنە»①. بىر ئىشنىڭ ئېپى چىقىپ قالدى، ئاغىنىلەر.

كامالىددىننىڭ چىشلىرى گەز - گەز بولدى، نېمانچە تىلىنى چاينايدۇ، بۇ ھادى؟ گەپ دېگەننى غاچ - غاچ قىلمامدۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ. قاچاندىن بۇيان شۇنداق بولۇۋالدىكىن؟ بىر گەپ تاپسا، دەۋالغىچە كۆزى تۆت بولۇپ كېتىدىغان نېمىستىغۇ، بۇ؟

— نېمىگەپ ھادىكا؟

— ئەزمەڭنى ئەزمەي...

— نىزىقاپ كەتتىڭمۇ؟

— بۆدۈنىدىن گەپ كۈتمە، كۈندە دەيدۇ ۋىتۋالاق.

— كېتەمدۇق ئاغىنىلەر.

— جۆرە بولمىسا.

لېكىن ھېچكىم قوزغالمىدى. كۆزى ھادىدا. يانغان كۆزلەر بەز ھىدىنى ئېلىپ قالغان ئاچ مۈشۈكنىڭ كۆزلىرى. ھادى ئالدىراپ كەتمىدى، ئۇلارنىڭ كەتمەيدىغىنىنى ئوبدان بىلىدۇ. نەگە كېتىدۇ، نەگە؟ قوغلىساڭمۇ كەتمەيدىغان نېمىلەر، باي بولىسەن دەۋاتقان يەردىن كېتەمدۇ؟

— مۇنداق گەپ ئاغىنىلەر، كېتىدىغىنىڭ كېتىشىۋەر، كەتمەيدىغىنىڭ ئاڭلاش، ھە...

ھادى كامالىددىنغا قارىدى:

① مۇڭغۇلچە — تېكەسنىڭ نېرىسىدا دېگەن سۆز. ئۇيغۇرچىدىكى «بەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا» دېگەن بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار كۆپ قوللىنىدۇ.

— كۆلنىڭ ئۆپچۆرىسى ئېچ قومۇشقۇ؟ ئورسا - ئورسا تۈگىمەيدىغان؟...

كامالىددىن ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك مېيىقىدا كۈلدى. ئەمدى شۇمۇ سورايدىغان گەپمۇ؟ قومۇش بولماي، ئاتاڭدىن قالغان يانتاق دېۋىدىڭمۇ؟ قومۇش بولسا نېمە بوپتۇ؟

ھېچكىم ئۈندىمىدى.

— ھەممىڭلار دېھقان بالىلىرىغۇ، قولۇڭلاردا ئورغاق ئوينايدىغان؟

تېنىقسىزلاشقىلى تۇردى ماۋۇ سارىڭ، چېكىنىۋالدىڭمۇ نېمە بىرەر پېنەك... — ئول تۇرغانلار كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ قىمىرلاپ قويۇشتى. لېكىن ھېچكىم ئۈندىمىدى.

— بىر چاغلاردا بورا توقۇيتتۇق، ئۆي سالساق ئۆگزە ياپقىلى، كىگىز - پالازنىڭ تېگىگە سالغىلى. يادىڭلاردا - ھە؟ توقۇشنى بىزدە چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىلىدۇ. مۇنداق گەپ، ماڭا ئون تۈمەن بورا كېرەك، ئون تۈمەن دېگەن يۈزمىڭ تال بولىدۇ. مىڭى بىر توپ بولسا، ئاشۇنداق توپتىن يۈزى دېگىنىم. مېترغا توشقۇزۇپ ئالىمەن. چوڭىنى بىر كوي ئىككى مودىن، كىچىكىنى بىر كويدىن، — ھادى كۈلدى. يۈزى كۈلدى، كۆزى كۈلمىدى. گۈلدەك. گۈل ئېچىلغان بىلەن، تىكىنى ئېچىلمايدىغۇ؟ ئۇنىڭ كۆزى ئادەملەرگە قادالدى، تىكەندەك.

— شۇنچە بورىنى توقۇشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

— ساقالىغا ئاق كىرىپ كېتەر...

— يىل ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ مەيلىمۇ؟

— بەك ئەرزان ئالىدىكەنسەن ھادىكا...

ھادى جاۋغىيىنى مايماق قىلىپ ئالايدى. ئىنجىقلىقىنى كۆر، قىلىدىغان ئىشى يوق، ھورۇن ئىشەكتەك ئېغىنىشىپ ياتىدۇ، ئەمدى ئىش تېپىپ بەرسە، تىلىنى چاينىشىدۇ، قۇرۇق ئاغى قىلىپ. دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماي. سەھرالىق دېگەن مانا شۇ... ھادى كېلىنى قىردى، ئاگاھلاندۇرغاندەك. ھېلى بىكار...

— يەر يۈمشاپ، قومۇش كۆكەرگىچە ئورۇپ بېسىۋالىدىغان گەپ، قانچىلىك ئورۇيالىسا شۇنچىلىكنى. بىر تەرەپتىن ئورۇپ بېسىپ، بىر تەرەپتىن توقۇيدىغان گەپ. ھەر يىلدا 100 مىڭ تال، قانچىلىك نېمە ئۇ 100 مىڭ تال دېگەن، گەپ شۇ. خالىغىنىڭ بۈگۈنلا باشلا، پۇلنىڭ لازىمى يوق دەيدىغىنىڭ يېتىپ، سۆيۈق چىقىرىپ يۈرۈشۈەر ئاغىنىلەر، گەپ شۇ!

كامالىددىن ھادىغا گۆلۈيۈپ قارىدى. بۇ گېپى ئارتۇق كەتتى. بىر سىنتىنىڭ پۇچۇقىنىمۇ كۆرسەتمەي تۇرۇپلا گەدىنىنى قوپۇرغىلى تۇردىغۇ؟ ھەر گەپ بولسا چىرايلىق دېمەمدۇ؟ ۋاي، بوپتۇ. پۇلى بارنىڭ گېپى - دە، بۇ! ئىشقىلىپ قول پۇل كۆرۈدىغانلا ئىش بولسا، ھېلىغۇ دوق قىلىپتۇ، تىللىسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ گېپى راستلا بولسا... ئۇلارمۇ چوڭ - چوڭ گەپ قىلىدىغان، ھادىدەكلەرنىڭ تۈمىقىنى تەتۈر ئۆرۈۋېتىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر ئىگەكىمبا...

— ئۈنچىۋالا قومۇشنى ئورۇپ كەتسەك ھۆكۈمەت نېمە دەيدۇ؟

— قومۇشنى توشۇشقا ھارۋا ئاز، ئۇلاغقا ئارتىپ قانچىلىك توشۇغىلى بولىدۇ؟

— ھارۋىمىز يوق، كانايغا ياغلىغىلى ياغ يوق، سۇنايغا نەدە تۇرۇپتۇ. ھارۋىغا چۈشلۈق پۇل بېرىپ تۇر ھادىكا...

راست گەپ. بۇنى ھادىمۇ ئويلىغانىدى. ھېلىقى مېھمانىغىمۇ شۇنداق دېگەن.

— مۇنداق گەپ ئاغىنىلەر، ھۆكۈمەت دەپ يوغان يەر ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، كۆلنىڭ سېسىق قومۇشىنى ئورىغانىغا. نېمە تولا،

قومۇش تولا. بىر - ئىككىسى بار، شۇ، قومۇش باقمىدىغان، ئۇلاردىمۇ گال بار، ئۇنىڭغىمۇ پۇل لازىم. بۇنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن. بولمىغان يېرىگە كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ يېرى، ئۆزىمىزنىڭ قومۇشى، ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ. «غىدى - پىدىك» قىلسا، خامىرىغا مۇشت. مەن شۇڭا قېرىلارنى قىچارماي، سىلەرنىلا قىچاردىم. ياشلارنى شۇنداق قىلالايدۇ، دەپ.

كامالىددىن خۇرسىنىپ قويدى. ما كالۋانى، ھۆكۈمەت بىلەن ئويناشقىلى بولامدۇ؟ ئىشنى بىر ئېپى بىلەن قىلىشنىڭ گېپىنى قىلماي، نەدىكى ئەمەس گەپنى قىلىدۇ-يا، ما مۇتتەھەم. ھۆكۈمەتكە كۆكەملىك قىلىڭلار دېگىنىدۇ؟ سىڭگەن ئوماچنى ئىچكەن تۈزۈكمىكىن، ئۇنداق يېرى بولىدىغان بولسا... قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنچ.

— ياق، ھادىكا، سەنمۇ ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋرمە، باي بول دېگەن ھۆمەت بەك قورۇپمۇ كەتمەس، بىزگە ئېچىلغىنى پەقەت مۇشۇ يولغۇ، ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسەك بولىدىغۇ؟ بۇ بىر بەلەن ئىش تۇرسا...

بۇ گەپ كامالىددىننىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. مۇئەللىم دېگەن مۇئەللىم - دە، مۇئەللىم نەدە، ھادى نەدە. ئىش دېگەن مۇنداق بولمامدۇ؟ ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتەر دەيدۇ. ھۆكۈمەتمۇ تاش ئەمەسقۇ؟ مۇشۇ مۇئەللىم بىر يولنى تاپىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھۆكۈمەت بىلەن كىم سۆزلىشىدۇ؟

ھادى قىزاردى، ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك.

— مەن، كەنت باشلىقى بىلەن ئىككىمىز...

— ئۇ بىر ياۋاش ئادەم، ئۇ بىللە بارسۇن، گەپنى سەن قىل مۇئەللىم. ئۇ ئادەم گەپنى تېپىپ قىلالمايدۇ.

— مەنمۇ قىلارمەن، چوڭنىڭ گېپىنىڭمۇ ئۆز يولى بولىدۇ.

ھەممەيلەن مۇئەللىمگە ئۆرۈلۈپ قاراشتى. بويى بىردەمدىلا ئۆسۈپ قالدىغۇ، مۇنۇ بالىنىڭ؟ بالىلارنى ئوقۇتۇۋاتقان بىلەن، بالا ئەمەس ئىكەن - دە، خېلى خېلى تەمكىنى بار، گەپ ئاغزى جايىدا...

— ياخشى گەپ، ئۇنىڭدا ياغدەك ئىش بولمامدۇ؟

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئوقۇغان ئادەم ئارىلاشسا، ئىش چىرايلىقراق بولىدۇ. قارا تۇرۇكتە بىز ...

ھادى قوللىرىنى ئىشقىلىدى، قولى قىچىشۋاتقاندەك. قول قىچىشسا پۇل كىرىدۇ دەيدۇ. پۇل كىرىدىغان چېغى، چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان جىق پۇل ...

7

كامالىددىن چايدىن سۇمۇردى.

— شۇنداق گەپ بولدى، دادا.

ئۇ، دادىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى، نېمە دەيدىكىن دەپ.

جامالىددىنباي ئۇدۇلىدىكى تامغا تىكىلگىنىچە ساقىلىنى تىتىملاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ ھادىنىڭ بىر ئويۇنى بارغۇ كۆرسىتىدىغان، بۇ ئادەم مەھەللىگە پەيدا بولۇپلا ياش بالىلارنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرغىلى تۇردى، نەدىكى يوق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ. خۇدا بىلىدۇ، ئۇنىڭ قورسىقىدا قانداق جىن بارلىقىنى ... پۇلنى دەپ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىپ كۆرۈك. ۋاقتانى - ۋاق كەلگەندە، سېرىق جىنتىكىنى ئېلىپ بىر كېچىدە قوپۇپ قاچسا، بار دەردى بالاغا گېپىنى تېپىپ قىلالمايدىغان مۇشۇ سەھرالىقلار قالسا ... ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنچ.

خەق بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى؟ بـوۋاي ئاغزىغا تىكىلىپ ئـولتۇرغان كـامالىددىنغا قاراپ كېلىنى قىردى:

— هادەكىنىڭ، مۇئەللىمنىڭ گـېپىدەكلا بولۇپ كەتسىغۇ بىر نۆرە، ئەمما هۆكۈمەت نېمە دەيـدۇ، بـۇنى هـېچكىم بـىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئوغلۇم، قېنى قـاراپ باقمامدۇق. هېلىمۇ ئاچ قالمىدۇق، شۈكرى مۇشۇ كـۈنگىمۇ، — بوۋاي گەپنى كەستى.

كامالىددىن ئـۈنچىقمىدى. ئۇ، دادىسىنىڭ ئالدىدا ئـۈنچىقمايتتى، خېلى ئىش بولۇپ كەتسىمۇ. شۇنداق كۆنگەن. لېكىن ئىچىدە غۇلغۇيچىلىق، جامالىددىنباي بۇنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇمۇ مـۇشۇنداق ئۆگەنگەن. بالا دېـگەن شـۇ. ئاتا سۆزى قانۇن ... كامالىددىن ئۆي ئىچىگە ئۆچلۈك بـىلەن كـۆز يۈگۈرتتى. يـاق، كۈن مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسۇنمۇ؟ بىرنېمە قىلىش كېرەك. پۇل تېپىش كېرەك... خېلى بىر گەپتەك قىلىۋاتاتتـى هادىنىڭ گەپلىرى، هېلىقى مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرى. هۆكۈمەت نېمە دەركىن - هە؟

كـامالىددىن داسـتىخاننىڭ يىغىلىشىغا تەخىر قـىلىپ ئـولتۇردى. دۇئادىن كېيىن دادىسى باغ تەرەپكە قـوزغىلىشى هـامان هويلىدىن چىقتى. كوچا جىمجىت ئىدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان يـوپۇرماقلىرى ئىزغىرىن شامالدا يەرگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئېرىق بويىدا ئىككى قوي غازاڭ تـېرىپ يەپ يۈرەتتى.

مۇبادا هـۆكۈمەت مـاقۇل دەپ، قومۇش ئورۇشقا رۇخـسەت قـىلىپ قـالسا، دادىسى يەنە شۇنداق تـەرسالىق قـىلارمۇ، مۇبادا يەنە شـۇنداق قـىلسا ... يـامىنى كـەلسە خوتۇنى بـىلەن ئـۆزى قـىلار بۇ ئىشنى، ئايرىمچىلا ... نېمە؟ قانداقسىگە ئايرىمچىلا؟ ... ئاتا - ئانىسى هايات تـۇرۇپ، ئۇ يولغا كىرسە هايۋان بولار ... تـوۋا، نەدىن كەلدى بۇ شۇم خىيال؟ مۇشۇ خىيالىنى دادىسى بـىلگىدەك بـولسا، ئۆلۈپلا قالار ... كۈپۈراۇق بـولىدۇ، يـامان بولىدۇ ... بۇ قانداق گـەپ زادى؟ تۇغۇلغاندىن بۇيان ئاڭلاۋاتىدۇ، ئاشۇ «يـامان بولىدۇ!» دېگەننى. ئەجەب كـۈچلۈك گەپ ئىكەن بـۇ، «يـامان بـولىدۇ» دېگەن ... هەرقانداقنى يىك قىلىۋېتىدىكەن، ئادەمنى، ئادەمنىڭ پۇتىنى، قـولىنى، كـۆزىنى، كېلىنى، ھەتتا خىيالىنى يۈگەنلەپ تۇرىدىكەن. دۇرۇس، «ئاشۇ يامان بولىدۇ» هەممىنـى يـۆلەپ تـۇرىدىكـەن، مـەهەللىنى، ئادەملەرنى، ئـائىلىلەرنى ... ئـادەم بىلەن ئادەمنى — ئـەر بـىلەن ئـەر، ئەر بىلەن ئايال، كـۈچلۈك بـىلەن ئـاجىز، يـاخشى بىلەن يـامان، قـېرى بـىلەن ياش، چوڭ بىلەن كىچىك، ئاتا بىلەن بالا ... ئىشقىلىپ هەممىنى تەڭشەپ، يولداپ تۇرىدىكەن، بېقىپ سۇرۇشتۈرۈپ كەلسە ...

كامالىددىـن ئـامبارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەرگە 10 — 20 چە ئادەم يىغىلىپ قالغانىدى. نېمىنىدۇر غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى. كامال توپقا يېقىنلاپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئـەلەيكۇم جـىلان ئاكا، سىزمۇ چىقىپسىز.

قاڭشارلىق، يـاداڭغۇ، ئـوراكۆز، قىسقا چارساقاللىق بىر كىشى يېنىنى كۆرسەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئـەسسالام، كـەلدىڭمۇ، بۇ يەرگـە ئـولتۇرغىن، جـامالىددىـن ئاكا نېمە دەيدۇ؟

كامالىددىن ئـورۇن ئـالدى. سىياۋۇش دەيدىغـان تـۆمۈرچى يىگىت كامالىددىنغا يېقىنراق سۇرۇلدى.

— داداڭ بىر نەرسە دېمىدىمۇ، مۇشۇ قىلتاققا دەسسەسەك بولغىدەكمۇ؟

ئۇ، كامالىددىنغا تاماكىسىنى ئۇزاتتى، كامالىددىن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. مۇشۇ سىياۋۇش قاچان ئادەم بولار، چوڭلار بار يەردە قىلىۋاتقان قىلىقىنى ...

— دادام ھېچنەرسە دېمىدى، ئاشۇ ھادىنىڭ كېپى نەدىن چىقار، دەيدۇ.

— مانا، دېمىدىممۇ، جامالىددىنباي ئۇنىمايدۇ، دەپ. بىر يېرىنى بىلىدۇ - دە!

جىلانباي ئورۇق بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى تاتىلىدى.

— دېمىسىمۇ ئەتە - ئۆگۈن پالاكىتى چىقسا ...

— ھۆكۈمەت ئۆزى باي بولۇڭلار دەپتىغۇ.

— ھۆكۈمەت دېگىنىڭنىڭ تامغىسىنىڭ قىرى يوق، بۈگۈن مەيەردە قويسا، ئەتىسى ئا يەرگە دومىلاۋېرىدۇ.

— نېمە بولسا بولمامدۇ؟ قول پۇل كۆرۈدىغانلا ئىش بولسا، ئادەم ئۆلتۈرمىگەندىكىن!

— جىلانكام، جامالكاملار قوشقۇنغا زوڭ ئولتۇرغان يەردە بىز نېمىتۇق، سىڭگەن ئۇمىچىمىزنى ئىچەيلى ئاغىنىلەر.

— ياق، مەن دەتتىكام، ئوغۇلبالا دېگەن سەل قارام بولىدىغان. خوتۇن كىشىدەك قورقۇپ ئولتۇرامدۇ؟ پۇل تاپىدىغان گەپ، پۇل!

توخۇ بازىرىدەك قاقىلداش. 10 — 20 ھىكىيان تەڭلا قاقىلداۋاتقاندەك، بىرىنىڭكىنى بىرى ئاڭلىمايدۇ.

— كامال قورقۇپسەن - دە! — سىياۋۇش ھىجايدى.

— نېمىدىن؟

— داداڭنىڭ پەيلىدىن.

— قورققان گەپ ئەمەس، ھۆرمىتىنى قىلغان گەپ، رەنجىتىپ قويسام بولامتى ئەمىسە.

— توغرا، كامال توغرا ئېيتىدۇ، ئاتا - ئانىنىڭ دىلىنى ئاغرىتقان ئادەمنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتسە بولىدۇ. پۇلنى دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ دىلىنى چېكىدىغان ئادەم ئەمەس كامالىددىن، — جىلانباي كامالىددىننى ئۆسمۈرنى ماختىغاندەك ماختىدى. ئۇ ھۇپپىدە قىزاردى.

— قاراڭلار، مۇئەللىم كېلىۋاتىدۇ.

— ۋوي، راست، مۇئەللىم ئىكەن ...

— يېزىلىق ھۆكۈمەت نېمە دېدىكىن، ئەمدى دۇمباق يېرىلىدۇ.

ئادەملەر گۇررىدە قوپۇشتى، قۇشقاچلار خاماندىن توپ بولۇپ ئۇچقاندەك.

— ئەدىبىنى بەرگەندۇ، ھەقىچان.

— ۋالاقلىماي تۇرمامسەن، ئاغزىڭنى ئۇششۇتمەي.

مۇئەللىم كېلىۋاتاتتى. 70—80 قەدەم نېرىدىن ئۇنىڭ كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ۋېلىسىپىتىنىڭ شالدىرلىغىنى ئاڭلاندى. ئۇ، تەپكىنى جېنىنىڭ بارىچە تېپەتتى. تەپكەنسېرى ۋېلىسىپىتنىڭ چاقى پورپاڭ توپىغا بەكرەك پاتاتتى. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى.

— ھەممىڭلار مۇشۇ يەردە ئىكەنسىلەر.

مۇئەللىم ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. توپا - چاڭ باسقان بويۇن — بېشى تەر بىلەن پېتىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— نېمە دېدى مۇئەللىم؟ كەنت باشلىقى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟

مۇئەللىم ۋېلىسىپىتىنى يەرگىلا ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ تېپىكىمۇ يوق ئىدى.

دېھقانلار ئۇنى ئورىۋالدى. كۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگەنىدى.

— ياخشى گەپ بولدى. بەك بەلەن

كەپ قىلدى، — مۇئەللىم قولىياغلىقىنى چىقىرىپ يۈز - كۆزىنى سۈرتتى، — ماقۇل بولدى، ئەمما ... — كۆزلەر چوڭايدى، چۆچەكتەك، تىنىق تۇختاپ قالدى، نېمىگەپ چىقاركىن دەپ، — ئەمما ئورۇيدىغان يەرنى ھۆكۈمەت ئۆزى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. كەلسە - كەلمەس ئورسا بولمىغىدەك. يەنە تېخى ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز بېردىغان بولدى، ھەممىيلەنگە، سايمان - جابدۇق، ئىشەك ھارۋىسى قىلىۋالسۇن دەپ.

كۆزلەر قىسىلدى، لەۋلەر يۇمۇلۇپ تارتىلدى. خۇش كۆرۈۋاتقان بوۋاقنىڭكىدەك تاتلىق، شېرىن، چىرايلىق.

— يېزىدىن ئەتە باشلىقلار كەلمەكچى. كەنت باشلىقى شۇلار بىلەن ئەتە بىللە كېلىدۇ. قالغان گەپنى شۇلاردىن ئاڭلاڭلار.

— ئىشتىنىڭنى سالە ئۇكام، كۆتۈڭگە بىرنى سۆيەي ...

رازىق دارازا مۇئەللىمنى قۇچاقلىۋالدى. كۆلكە كۆتۈرۈلدى، كەپەرخانىدىن كەپتەر ئۈچقاندەك، گۇركىرەپ.

— ھۆكۈمەت نېمىشقا شۇنچە قىلىپ كېتەر؟ مەن ھېچ ...

مۇئەللىم جىلانبايغا ئۆرۈلدى. ئۇ ئىشەنمىگەندەك كۆرۈنەتتى.

— بىرسى، بىزنى باي بولسۇن دەيدۇ، ئىككىنچىسى...

— ئىككىنچىسى، ھۆكۈمەتكىمۇ پۇل لازىم. ھادەكتىن باج ئالىدۇ. نۇرغۇن باج كەلمەمدۇ، 100 مىڭ پارچە بورىغا.

مۇئەللىم سىياۋۇشقا قاراپ كۈلۈپ قويدى، لېكىن ھېچ نەرسە دېمىدى.

— بۇ ئىشقا سەن ئىگە بولدۇڭمۇ ئەپەندىچاق، — جىلانباي قۇرۇق يۆتەلدى.

— ياقەي، كەنت باشلىقى ئىگە، ھەركىم ئۆز ئىشىغا ئىگە، مەن يوگۇر يېتىمغا.

— ساڭا پايدا تېگەمدۇ؟ سەنمۇ بورا توقۇمسەن؟

مۇئەللىم كۈلدى:

— سىلەر باي بولساڭلار، پۇل چىقىرشىپ باللىرىڭلارغا ئىككى - ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ بېرەرسىلەر، شۇ. مەن بورا توقۇپ ساتمايمەن، باللىرىڭلارنى ئوقۇتىمەن.

— ۋاي قاقباش، ھېسابىڭنى قارا ...

— خۇدايىم بۇيرۇسا قىلمامدىغان، دېمىسەڭ بالىلىرىمىزنى ئىبغىلدىن ئۆزىمىز ئازاد قىلمىساق بولامدۇ، پۇل تاپساقلا.

مۇئەللىم گەپىنىڭ بېلىگە تەپتى. ئۇنىڭ قولىدا قەغەز، قەلەم بار ئىدى.

— ئەتە يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن ئادەم كېلىدۇ، قەرز ئالىدىغىنىڭلارنى تىزىملىۋالاي، جىق ئەمەس، بىر ئىشەك بىلەن بىر ھارۋىغا لايىقلا بېرىدىكەن.

— كېيىن ياندۇرۇدىغان گەپتۇ؟

— تۆلىمەمتىڭ ئەمىسە؟ ساڭا بېرىپۋەتسە - ھە؟

— قېنى مېنى ياز ئۇكا، ئىككى كاللەك. رازىق.

— قېنى ماڭىمۇ، ئۈچ كاللەك. سىياۋۇش.

— ئەمدى دىمىيان دەپ ياز. بەش كاللەك.

— ياق، بەش يۈزنى نېمە قىلىسەن، بەرمەيدۇ، بەرسىمۇ تۆلىمەك تەس كېلەر. 250 نى ئال.

— ھە، بوپتۇ، ئۆزۈڭ بىلىپ.

— جىلان دەپ ياز.

كامالىددىن توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، ئۈيىگە قاراپ چاپتى. ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندەك. ئەمدى دادىسى «غىڭ» قىلماس، خۇش بولار ھەقچان. خۇدانىڭ

رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ ئۇلارغا ...

ئەتىسى دېگەندەكلا يېزا باشلىقى كەلدى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ كادىرىمۇ بىر ساندۇق پۇل كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

— ياخشى گەپ بوپتۇ. ئەقىلىڭلارنى جورۇپسىلەر، ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلمىسا، نامراتلىقتىن قۇتۇلماق تەس. قۇتقۇزىدۇ دەپ ياتسا، يېتمۈيرىدىغان گەپ. يېزىلىق ھۆكۈمەت پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. كېيىنچە بۇنىڭدىن باشقىراق ئىش قىلىشنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلار. ئىشقىلىپ، خاتىرجەم بولۇپ ئىشقا كىرىشىۋېرىڭلار ...

يېزا باشلىقىنىڭ كېپى قۇيرۇق ياغدەك ياقتى. جامالىدىنبايمۇ خۇشلىقىدىن تۆت چىشلىق كېۋەزدەك ھىڭگىيىپلا قالدى. جىلانباي كۆز يېشى قىلدى. ئاغزى كۈلەتتى، كۆز يىغلىغان بىلەن. كامالىدىننىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش كەلدى. ئومۇنۇپ - ئومۇنۇپ يىتىشىدىغان بولدى - دە، پۇل دېگەنگە!

8

ئەسىر، قەرنەلەردىن بۇيان ئۇيقۇدىكى بوۋاقتەك خىرامان، تىنىپ ياتقان مەھەللە ئەمدى ھاسىراشقا چۈشكەندى. ئۇنىڭ تىنىقى بىردىنلا ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاسىرىشى پۈتۈن كۆك كۆل ۋادىسىغا ئاڭلىناتتى ... بۇ ھاسىراش — تۇنۇگۈننى ئىنكار قىلىدىغان، كۈچىنىش، تىرەجەش، تېڭىرقاش، گاڭگىراش، خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئىچىدىكى ھاسىراش ئىدى. تارىخنىڭ بىر دوقمۇشتىن قايرىلمۇۋاتقان چاغدىكى ئېگىز - پەس تىنىقى ئىدى... مەھەللىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. پاتپاراقچىلىق، قايناقچىلىق، ۋەسۋەسچىلىك ھەممىلا كىشىنى خۇشال قىلاتتى، بىئارام قىلاتتى، تىنچسىزلاندۇراتتى.

تۆمۈرچى ۋە ياغاچچىلارنىڭ ئۇستىخانىلىرى كېچە - كۈندۈز ئالدىراش ئىدى. ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىكى مەيدانچاقتا ئېشەك سودىسى قىزىپ كەتتى. شەھەرلىك بىدىكلەر، ئېلىپ - ساتارلار توپ - توپى بىلەن ئېشەك ھەيدەپ كېلىشكەندى. بۇ، قەدىمدىن بۇيان بازار بولمايدىغان كىچىككىنە مەھەللىدە پەيدا بولغان تۇنجى بازار بولۇپ قالدى. ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچى - تېشى ۋاڭىلداپ قاينايتتى. ئېشەكلەر جاھاننى بېشىغا كىيىپ كۆكەملىك بىلەن ھاڭرايتتى. ئىگىسىنىڭ يېتىلىشىدە كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، سۆيدۈك پۇراپ، ئاسمانغا قاراپ بىر ئاش پىشىم ھىڭگىياتتى. بىدىكلەر كىملەرگىدۇر ئېشەكلەرنىڭ چىشىنى كۆرسىتىپ، ساغرىلىرىنى شاپىلاقلاپ، پاچاقلىرىنى كۆرسىتىپ، شالىنى چېچىپ جاۋىلدايتتى. ئېشەك يورغىلىتىپ يۈرگەنلەر، يەك ئىچىدە سودا قىلىشىۋاتقانلار، سودىسى پۈتۈپ قوللىرىغا تۈكۈرۈپ پۇل ساناۋاتقانلار كۆزگە تاشلىناتتى...

مەھەللە بىنا بولغاندىن بۇيان بۇنداق قىزىقچىلىقنى تېخى كۆرمىگەنىدى ...

... ئېشىكى يوقلار ئېشەك ئالدى، ھارۋىسى يوقلار ھارۋا ئېلىشتى. قومۇش ئېزىدىغان تاش - تولۇقلار، پايە يارىدىغان پىچاقلار تەييارلاندى. جىنى بارلىكى ئادەم جىم تۇرمايتتى. ئەركەكلەر ئۇزۇندىن ئۇزۇن ھارۋا كارۋىنى بولۇپ، دەبدەبە بىلەن كۆل تەرەپكە جۆنىدى. قىز - چوكانلار، بوۋاي - مومايلار تۈگمەن - جۇۋازغا ئالدىرىشتى ...

ھەپتە - ئون كۈنگە قالماي جامالىدىنباينىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا دۆۋە - دۆۋە قومۇش بېسىلىپ كەتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ بوش — بىكار يېرى قالمىدى. ئۆگزىلەر، باغ يېرى، ئىشىك ئالدى،

ئۆي ئارقىسى ...

كامالىددىن قوتازدەك ئىشلەيتتى. ئۇنى بىر كۈچ ئىتتىرەتتى. ھېرىش - چارچاش ئۇنىڭغا يات ئىدى. تاڭدىن خۇپتەنگىچە قومۇشلۇققا ئۈچ - تۆت قېتىم كىرىپ چىقاتتى. ھارۋىغا قومۇشنى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ باساتتى. ئېشەك تارتالمىسا ئۆزى ياندىشاتتى. ئۇ ھازىر ئىشتىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمايتتى. گويا ئۇنى ئىشلەش غالىجىرلىقى تۇتقانىدى. پەقەت قومۇش باسقۇدەك يەر قالمىغاندىلا ئاندىن سەل پەسكارىغا چۈشەتتى. ئۇ، ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى.

جىمى ئادەملەر خۇددى دۆڭدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ، يۈگۈرۈشتىن ئۆزىنى توختىتالماي قالغان ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. «ۋاي بولدى، توختا» دېسەڭمۇ توختىمايدىغاندەك...

بۇ يەردە بورا توقۇشنى ھەممە كىشى بىلەتتى. نېمىشقىدۇر ئىلگىرى بورا توقۇپ سېتىشنى ھېچكىم ئويلىمىغانىكەن. چاشقانغا تويغان مۈشۈكتەك ئەسنىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، نامراتلىق جانلىرىنى قاسىمۇ!

مانا ئەمدى باش تاتىلىغۇچىلىكمۇ ئارامچىلىق يوق. كۈن دېگەن بەك قىسقا بولىدىكەن، ھايت - ھۇيت دېگىچە قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقان. ئاشپۇزۇلغا قاترايدىغان، كورت ئويناپ، «گۇپپاڭ سوقۇپ» ئولتۇرىدىغان ئىش نەدە! ھەممە ھويلىدا «ۋاي، بولمامسەن؟!»

دادىسى بالىسىنى ئالدىرىتىدۇ، بالىسى ئانىسىنى ئالدىرىتىدۇ، ئانىسى قىزىنى ئالدىرىتىدۇ، ئاكىسى ئۇكىسىنى ... ئاخىرىغا بېرىپ زادى كىمنى كىم ئالدىرىتىۋاتىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، كۈن ئالدىرىتىۋاتىدۇ، پۇل ئالدىرىتىۋاتىدىغاندۇ... لەپسى - شەيتىنى ئالدىرىتىۋاتىدىغاندۇ؟

ۋاي خۇدايىمەي، بۇنچە ئالدىرىمايمۇ جان بېقىپ، كۈننى كۈن ئېتىپ كەلگەنىدىغۇ؟ كوممۇنا ۋاقتىدا ئەترەت باشلىقى ئۆيمۇ ئۆي ئىشىك قېقىپ، شالىنى چاچرىتىپ ۋارقىرايتتى ئالدىرىتىپ، لېكىن ھېچكىم بۈگۈنكىدەك ئالدىرىمايتتى. شۇ چاغدىمۇ ئۆلۈپ قالمىغان؟ «ئوھوش... نېمە بالا تېگىپتۇ، بۇنچە ئالدىراپ، بېشىغا مىس تاۋاقتا ئوت قويۇپتىمۇ بىرسى؟ خۇدايىمنىڭ كۈنى ئۇزۇن، ئالدىرىمىسىمۇ كەچ بولىدۇ...» كامالىددىننىڭ ئانىسىغا بىر نېمە دېگۈسى كېلىدۇ، رەللە بولۇپ، لېكىن ئانىسى شۇنداق دەپ تۇرۇپ، كېلىنلىرىنى ئالدىرىتىدۇ: «ۋاي، بولمامسەن؟» كامالىددىن خۇشال بولىدۇ، ھەم ھەيران بولىدۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا تېڭىق - تېڭىق بورىلار پەيدا بولدى. ھادىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقەتچى بىلەن ھادى ياغاچ گەزنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بورىلارنى يېيىپ - ئېچىپ مېتىرلاپ بېقىشتى، كەڭلىكى مانچە، ئۇزۇنلۇقى مانداق، ئۇ يېرى كەمتۈك چىقىپتۇ، بۇ يېرى كۈچۈك تىلى بولۇپ قاپتۇ ... غەلۋىسى تولا ئىكەن ئۇ نېمىلەرنىڭ، نەچچىسى بىلەن خەرەكلىشىپ قالدى. كامالىددىننىڭمۇ بەش پارچە بورىسى ئۆتمەي قالدى. ھادى قىزاردى، كامالىددىن تاتاردى. ئۇنى دېمەك، بۇنى دېمەك بىلەن ئۆتكۈزۈۋالدى. ھادى بىلەن يەنە ئەپلىشىۋالدى.

بورىچىلار ئۆلچەمنى بىلىۋېلىشتى، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك قارىسىغىلا قەدەم بىلەن ئۆلچەپ توقۇسا ئۆتمىگۈدەك، ياغاچ گەز ياسىۋېلىشتى. گەزلەپ توقۇيدىغان

بولۇشتى.

كامالىددىننىڭ قولىغا دەسلەپتە ئۆتكۈزگەن 30 پارچە بورىنىڭ پۇلى نەق تەگدى. پۇلنى دادىسىغا بېرەۋىدى، جامالىددىنباينىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئەسلىدە گەپ مۇنداق ئىكەن، تاس قاپتۇ، شۇنداق ياخشى ئىشتىن توسقىلى ئوغلىنى؟ ھەي ئەخمەق، قېرىغىنى شۇ ئىكەن - دە!

ئىشلار ئەنە شۇنداق يۈرۈشۈپ كەتتى. دەريا بويى مەھەللىسىنىڭ يۈرىكى خۇشال، ھاياجان ئىچىدە بىر خىل رېتىمدە كۈچلۈك سوقۇشقا باشلىدى. ئۆزۈنغىچە تاشلىنىپ قالغان ماتور دەسلەپىدە دەم توتۇلداپ، دەم تاقىلداپ كېتىپ ئاخىرىدا بىر خىل ساغلام رېتىمدە ئىشلەپ كەتكەندەك ...

مەھەللە ئۆزگەرمەكتە ئىدى — ھېلىقى بىشەك بازىرى ئەمدى ئىسمى - جىسمىغا لايىق بازار بولۇپ قالدى. گەزماللار، كىيىم - كېچەك، ئارغامچا - توقۇناق ... ئورغاق - كەتمەن ساتىدىغانلار پەيدا بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ كۆچمە ماگىزىنى ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بولدى، گازىر - پۇرچاقتىن تارتىپ چايدان - چەينەك، كىتاب - دەپتەر، مەيسە - كالاچ، كىيىم - كېچەك ... باسقان ماشىنىسى بىلەن. شەھەردىن كاۋابچى، سامسىپەزلەرمۇ چىقىشتى. يېزىنىڭ كىنوچىسى ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم كېلىپ كىنو قويىدىغان بولۇپ قالدى. خۇددى ھەممىسىلا بورىنىڭ پۇلىنى ماراپ تۇرغاندەك ... راست، ئەمدى بورىچىلارنىڭ قولىغا پۇل كىرگەندى، ئاز بولسىمۇ، ياق ئاز ئەمەس، ئاز دېگىلى بولمايدۇ. كامالىددىن شۇ چاغقىچە ناھايىتى ئاز پۇل ساناپ ئادەتلەنگەنىدى. باشقىلارمۇ شۇنداق. ئەمدى كۆر، پىياز كۆكى، ئانار چېچىكى، سالپاڭ قۇلاق، كاۋا چېچىكى، نەشەرەڭ بەگ، كۆكبېشى...، پۇلىنىڭ ئېتى ئىدى، ئەركىلىتىپ قويۇۋالغان. پات - پات شۇنىڭ كېپى بولىدىغان بولۇپ قېلىشتى، بىرەر يېرىم دەم ھاردۇقىنى ئېلىپ ئولتۇرۇشقاندىمۇ. ھەممەيلەننىڭ چىرايى باشقىچە، كۈلمىشىدۇ-ئۆزىچە، يەنە ئۆزىنى ئوڭشۇپىلىپ پىچىرلايدۇ «ساراڭدەك» ... يەنە كۈلىدۇ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئىسسىققىنە بولۇپ. بارماقلىرىنى پۈكۈشىدۇ، ئاشۇ قېتىپ يۇلغۇن پايىسىدەك بولۇپ كەتكەن بارماقلىرىنى يەرگە جىجىشىدۇ. قوناق دېنىنى ساناپ، دەم بىر بۆلەك قىلىپ قوشۇشىدۇ، دەم ئىككى بۆلەك قىلىپ ئايرىشىدۇ. داڭگال بىلەن چوت سوقۇشىدۇ. توڭگۈز قۇلاق كۆكبېشىغا چوڭراق داڭگال، نەشەرەڭ خانغا كىچىكرەك داڭگالنى ئاتىشىدۇ.

مۇشۇ پۇل ئالدىرىتىپتىكەن، ئەمدى كامالىددىننىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. بىكار ئولتۇرۇش دېگەن نەدە! تاڭ ئاتقىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ ۋاسا ساناپ ياتىدۇ. ئالدىرىغانسېرى بۇ تاڭ ئاتمايدۇ. ئۇنچە جىق خىيال قىلمايدىغان كاللا ئىدى، بۇ كاللا ئەمدى خىيالنىڭ تولىلىقىدىن يېرىلىپ كېتەيدەيدۇ. نېمە خىيال بولاتتى، ئاشۇ بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ خىيالى ...

9

كامالىددىن بورىلىرىنى ھادىغا ئۆتكۈزمەي قويدى. ئۇ، ھادى بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقەتچىنىڭ مەھەللىدىن يىغىۋالغان بورىسىنى ئۈرۈمچىگە ئەمەس، تاغ ئىچىگە ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇلۇش سېلىۋاتقان بىر شىركەتكە ساتىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. قارىغۇدەك بولسا، ھادەكلەر مەھەللىكىلەردىن يوقىنىڭ ئورنىدىكى باھادا سېتىۋالغان بورىلارنى ئۇلارغا ئون ھەسسە يۇقىرى

باھادا ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلار بەك ئېھتىياجلىق بولغاچقا، تېپىلغىنىغا خۇش بولۇپ ئېلىۋېرىپتۇ.

— ما ئىشنى كۆر، كولدۇرلاپ يۈرۈپتۇق ئەمەسمۇ بىز؟ — دېدى ئۇ شىركەتنىڭ كۆلگە بېلىق ئۇۋۇشقىلى كەلگەن ئادىمى بىلەن كۆل بويىدا، قومۇش ئورۇۋاتقان يېرىدە تەرەپبال ئۇچرىشىپ قېلىپ، پاراڭلىشىپ قالغان كامالىددىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلاتسا ...

بىلگۈدەك بولسا، ئۇلارغا ناھايىتىمۇ نۇرغۇن بورا كېرەك ئىكەن. كامالىددىننىڭ قورسىقىغا بىر جىن كىردى. ھادەك قىلغاننى ئۇ قىلالامدۇ، نېمىسى كەم؟

شۇنىڭ بىلەن ئورغىقىنى تاشلاپ، ھېلىقى ئادەمنى تازا ئوبدان مېھمان قىلدى، كۆل بويىدىكى ئاشپۇزۇلدا. ھەر نېمە دېگەنبىلەن كۆللۈك بولغاچقا، بېلىقچىلار بىلەن ئۇلپەتچىلىكى بار ئىدى، ئۇ ئادەمنى بېلىقچىلارنىڭ دۆكاسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇنى دېمەك، بۇنى دېمەك بىلەن بېلىق باھاسىنى ئۇ ئادەمنىڭ پايدىسىغا توغرىلاپ قويدى. نەچچە ئون تونىنا ئالىدىكەن. ئۇ ئادەم بەكمۇ خۇش بولدى. يەنە تېخى ئۇ ئادەم كېتەر ۋاقتىدا 50 — 60 كويلۇق بېلىقنى كامالىددىنغا بىكىرىغا كۆتەرتىپ قويدى. ئاخىرىدا ئۇلار بورىلارنى كامالىددىندىن ئالىدىغان، كامالىددىن ھادەكتىن ئەرزانراق بېرىدىغان، ئۇلار بۇنىڭ بۇياقىسىغا ھادەك بىلەن ئالغۇ-بەرگۈ قىلمايدىغان، كامالىددىن ئەرزان بەرگىنى ئۈچۈن، بورىنى ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىنى ئەۋەتىپ ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. كامالىددىن كۆزگىچە — تاغقا قار چۈشۈپ كەتكىچە سىلەرگە لازىملىق بورىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلگۈرتۈپ تەييارلاپ بېرەلەيمەن، دەپ مەيدىسىگە ئۇردى. ئىككى تەرەپ رازى - رىزا بولۇشۇپ شۇنىڭغا كېلىشىپ توختام تۈزۈشتى ئاخىر. ئەمدى كامالىددىننىڭ بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغانىدى. مۇبادا مۇشۇ سودىدا دېگىنىنى قىلالىسا، ئۇ چاغدا كامالىددىن مۇشۇ مەھەللىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل يېزىنىڭ بېيىغا ئايلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھېلىقى كاززاپ بىلەن ھادەك دېگەننى بىراقلا ئوڭدا قوياتتى. كامالىددىن مۇشۇلارنى خېلى بۇرۇنلا، ھادەك ئۇلارنى ئاشپۇزۇلدىن ئىتتىرىپ قوغلىغاندەك سەتلەپ قوغلىۋەتكەن ھېلىقى كۈنىلا — ئۈرۈمچىلىكنىڭ پومپىيىپ تۇرغان پۇل سومكىسىنى كۆرگەن ھېلىقى چاغدىلا ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن بۇنى پەقەت ئارزۇلا قىلاتتى، ئىشقا ئاشار دەپ ئىشەنمەيتتى، بولۇپمۇ بۇنچە تېز ئىشقا ئاشار دېمىگەنىدى. مانا ئەمدى كۆرۈۋاتقان چۈشى بىردىنلا ئوڭىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى.

كامالىددىننىڭ بېشى كۆككە يەتتى. خۇشلىقىدىن پۈتۈن تېنى لاۋۇلداپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنىلا مەھەللىگە يېنىپ كېلىپ، ئۆيىگىمۇ كىرمەستىن توقۇلۇپ بولغان، توقۇلۇۋاتقان بورىلارنى ئۇۇقۇشتى. ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ھادەكتىن ئىككى - ئۈچ موچەن ئۆرە باھادا سېتىۋالىمەن دەپ ئېلان قىلدى. دېھقان دېگەن پۇلنى تونۇيدۇ، ھادىغا ساتسا نېمە بولدى، كامالىددىنغا ساتسا نېمە بولدى. پۇلنى كىم جىق بەرسە شۇنىڭغا ساتمامدۇ!

ئەتىسىدىن باشلاپ بورىچىلار بورىلىرىنى كامالىددىننىڭ بورا باسىدىغان يېرىگە توشۇغىلى تۇردى. كەچكىرگىچە ئۇنىڭ سېتىۋالغان بورىلىرى بىر - ئىككى يۈز

پارچىغا يېتىپ قالدى. هادى ئەشىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنىنى چۈشىنەلمەي، ياكى كامالىددىندىن ئېغىز يېرىپ سورايالماي، پوقىنى بوغۇزلاپ نەچچە قېتىم چۆرگىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇ، كامالىددىننىڭ بىر شۇملۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتى-دە، ئىچىگە تىنىپلا قالدى. كۈتمىگەندە كامالىددىنغا پۇت ئاتىدىغىنىمۇ چىقىپ قالدى. يېغى ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دېگەندەك، ئۇ، كامالىددىننىڭ كىچىكىدىن بىر ئىشتاننى بىللە كىيىپ چوڭ بولغان ئاغىنىسى رازىق دارازا ئىدى.

— «مەندىن بورا سېتىۋالسىمەن دېمە! سەنمۇ ئىنسابلىقراق بول، مەھەللىنىڭ بورىسىنىڭ يېرىمىنى مەن سېتىۋالسىمەن، يېرىمىنى سەن ئال، بېيىساق تەڭ بېيىيلى ...» كامالىددىن ئۆكۈپ - تاتىرىپ كەتتى: «كىمگە ساتسەن بوراڭنى؟» رازىق كۈلدى: «سەن ساتقان يەرگە، سەن كىمگە ساتساڭ مەنمۇ شۇنىڭغا!» كامالىددىننىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. رازىق دېگەنمۇ ئادەممۇ؟ ئىلگىرى كىمنىڭ تېگىدە قاپتىكەن؟ ئۇ ئەمدىلا بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقاندا ماراپ تۇرغاندەك نەق تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىدىن قوپۇۋاتسا؟ ئۇ قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ ئاپلا؟... كامالىددىننىڭ پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر تامچىلىرى تەپچىپ چىقتى. ھېلىقى ئاشخانىدىكى مۇسا گەنجىڭ دېگەن بۇ دارازىنىڭ ئاغىنىسى ئەمەسمىدى؟ ھېلىقى ئادەم بىلەن كامالىددىن ئاشخانىدا — تاماق ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندا، مۇسا دېگەن شۇم ئاياغ ئالايىتەن بىر چەينەك چاي دەملەپ كەلگەن بولۇپ، ئوغرى مۈشۈكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ بىردەم ئولتۇرغان ئەمەسمىدى؟ ۋاي كامال، ئەقلى دۆمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان كامال! شۇنچە مۇھىم گەپنى ئۆتە - ساپا شۇ ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ دېيىشىپ كەتكىنىچۇ، ئىسىت؟ تالاغا چىقىپراق دېيىشسە بولماسمىدى. شۇ مۇساقنىڭ شۇم ئېغىزلىقىدىن قولىغا تېگىشىۋاتقان ئاشتىن ئايرىلىپ قالارمۇ ئەمدى؟ ياق! قېنى نوچى بولسا رازىقمۇ قىلىدىغىنىنى قىلىپ باقسۇن؟ ئورۇق ئىنەكنىڭ پوقى يوغان دېگەندەك، چوڭ چىچقىنى بىلەن بورا سېتىۋالغۇدەك ئۇنچىلىك جىق پۇلى نەدە ئۇ كۆك پىتنىڭ؟ مەھەللىنىڭ بوراسىنىڭ يېرىمىنى سېتىۋالارمىش تېخى! يامىنى كەلسە كامالىددىن بورىنىڭ ھازىرقى باھاسىغا يەنە ئىككى موچەندىن قوشۇپ نەرقىنى بىر ئۆستۈرىدۇ، ھەتتا ئۈچ موچەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ پۇلى چىقىشامدىكىن؟ نېسىغا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ ھازىر! نېسىغا بورا بېرىدىغان بورىچى يوق ئەمەسمىدى! شۇنداق قىلىش كېرەك! ھازىرقى باھادىن بەش ھەسسە ئۆرە ئالسىمۇ زىيان تارتمايدۇ كامالىددىن، تېخى ھەسسىلەپ پايدا ئالىدۇ. ئۇنداقكەن، نېمىدىن قورقىدۇ! ئۆيدىكى كالا - پالا، قوي - پوي دېگەننى، ئىشقىلىپ پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىنى سېتىپ بولسىمۇ بورىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالىدۇ. چىدىغانغا چىقارغان. رازىقنىڭ پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بار، ساتاي دېسىمۇ؟ مايماق تەخىيدىن باشقا ...

شۇ كۈندىن باشلاپ كامالىددىن رازىق بىلەن گەپلەشمەس بولدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيىمۇ ئۆي چېپىپ يۈرۈپ بورا يىغىدىغان بولدى. توقۇلۇپ يېرىم بولغان بورىغىمۇ ئالدىن پۇل تۆلەپ قويىدى. ئون نەچچە ئائىلىگە پۈتۈن بورىلىرىنى كامالىددىنغا ئۆتكۈزىدىغانغا ئالدىن زاكالەت بەردى. بورىچىلار ھەيران بولۇشتى.

ھەيران بولۇشتى ھەم خۇشال بولۇشتى. بورىنىڭ باھاسى ئۆسكەنىدى. چۆنتەكتىكى پۇل ئاۋۇغىلى تۇردى، ئۇلار ئەمدى جېنىنى تىكىپ دېگۈدەك ئىشلەيدىغان بولۇپ كېتىشتى. لېرىسىنى جىق ئويلاپ كېتىشمىدى.

رازىقمۇ ھەدەپ بورا يىغىۋاتاتتى. ئۇمۇ بار بىساتىنى ساتتى بولغاي، كامالىددىن بورىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، يەتتە-سەككىز ئائىلىنىڭ بورىسىنى ئىگىلىۋالدى، كامالىددىننىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. باھانى ئەمدى ئۆستۈرۈۋېرەي دېسە كۆڭلى ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى رازىق دېگەننى ۋە ئۇنىڭ يالىقىنى يالاۋاتقان يەتتە-سەككىز ئەبگانى «جان ئاكا» دېگۈزمەي قويمايمەن دېگەن خىيال بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇردى. كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. كامالىددىن بىلەن رازىق، بىرسى مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدا، بىرسى مەھەللىنىڭ بۇ بېشىدا بىر-بىرسىگە تاشلىنىش ئۈچۈن خىرىس قىلىشىپ، ھۆركىرىشىپ ياتقان ئىككى يولۋاستەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇلاردىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئويلاپ يەتكۈدەك ئادەم يوق ئىدى. ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى...

10

... مەھەللىدە توك پەيدا بولدى. گۆردەك قاراڭغۇ ئۆيلەر تورۇسنى ئېچىۋەتكەندەك يورۇپ كەتتى. ھادىنىڭ لاپلىرىنى ئاڭلاشقا كىمنىڭ چولىسى، يوتقانغا يۆگىلىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈدىغان گەپ. دەسلەپتە ھادى، كەينىدىنلا كامالىددىن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىياۋۇش، تىلىمان موتو① دېگەن لېمىنى ئېلىشتى، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىن[illegible]ىن» دېيىشىپ. كەينىدىن يەنە بىر-ئىككىسى.

ئەمدى ئىش دۈڭ. گۈلدۈرلىشىپ شەھەرگە چېپىشىدۇ، شەھەردىن قايتىپ كېلىشىپمۇ خۇمارى بېسىلماي مەھەللىنىڭ كوچىسىدىن چاڭ چىقىرىشىۋېتىدۇ. ئاۋازى يامانمۇ نېمە ئىكەن ئۇنىڭ، ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ تاماشا كۆرۈدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى پۈتتۈرۈۋېتىدۇ ... سىياۋۇش يەنە ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرىمەن دەپ پالاقلاپ يۈرىدۇ.

ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىكى مەيدان ئەمدى رەسمىي بازار بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت دۇكان سالدى. شەھەردىن چىققان چەرچىن مالچىلار ئەمدى «بوتكا» دەيدىغان تۆمۈر دۇكان قۇرۇۋالدى. ھەممە نېمىنى سېتىشىدۇ، جاندىن باشقىسىنى. ھادى خوتۇنىغا ماگىزىن ئېچىپ بەردى، ھاراق-شاراب، تاتلىق-تۈرۈم ساتىدىغان. يېرىم كېچىدە بارساڭمۇ ئېچىپ بېرىدۇ... بېلىقچىلارغا بوپ بەردى. ئەمدى توپا-چاڭ يەپ شەھەرگە يورغىلاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا دېگەننىڭ ئۆزى شۇ. جاڭگالمۇ دېمەيسەن ئەمدى، توپا چىڭداپ قوپۇرۇۋالغان ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنىغا پىششىق خىشتىن پېشايۋانلىق ئۆيلەر سېلىنىۋاتىدۇ. ئەتە-ئۆگۈن بىنا سالىدىغىنىمۇ چىقىپ قالامدۇ تېخى!

ئادەملەر ئۆزگىرىشتى. گەپ-سۆزلىرى، مېڭىش-تۇرۇشلىرى باشقىچە ئەمدى. ياشلار بورىغىلا قاراپ ئولتۇرمايدۇ، شەھەرگە بېلىق ئاپىرىپ ساتىدۇ. شەھەر بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىدا ئۈچ چاقلىق موتو بىلەن كىرا-كەشلىك قىلىشىدۇ. بىر-ئىككىسى شەھەردىمۇ دۇكان ئېچىۋالغان گەپ... خۇدايىمنىڭ بەرگىسى كېلىپ قالسا بىردەملىك ئىش ئىكەن، ئەسلىدە!

① موتسىكلىت.

هادى بورنچىلىقتىن قالغاندىن كېيىن، ئاشپۇزۇلنىڭ يېنىغا ئىچىۋالغان دۇكىنىغا كۇچىگىلى تۇردى. نە - نەلەردىن مال يۆتكىدى. توخۇ گۆشى پىشۇرۇپ سالدى. خوتۇنى يامان ئۇستىكەن توخۇ پىشۇرۇشقا، يىراق - يېقىندا ئۇنىڭدەك ئۇستا يوق ئىدى. بۇ يەرلىكلەرگە قالتىس تېتىپ كەتتى، هاراق دېگەن ئوقەت بىلەن. ئۇنىڭ ئاشپۇزۇلى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك قاينايدىغان بولۇپ كەتتى، ئەمدى ھەممە ئادەمدە پۇل بار ئىدى. بولۇپمۇ ياش باللىدا. ئۇلار بۇ يەردە ياشايتتى، يايرايتتى، باغ پاخلىنىدەك. يېرىم كېچىگىچە، تاڭ ئاتقىچە.

مەھەللىنىڭ يىگىتلىرى دەسلىپىدە هاراق دەيدىغان ئوت سۇيىنى ئىچىشتىن قورقۇشتى، «مەست بولۇپ قالساق قانداق بولار - هوي!» دېيىشىپ داجىشتى. هادى ئۆگەتتى، ئۇ قورقمايدىكەن، ئۆزى ئىچىپ بېرىپ كۆرسەتتى. يېڭى ئېقىمىدىن سۇ ئىچىشكە ئۆگىنىۋاتقان هايۋانلاردەك مەھەللىنىڭ باللار خۇدۇكسىنىشىپ بىر - بىرلەپ قوللىرىغا ئېلىشتى رومكىنى. قورقۇپ - قورقۇپ تېتىشتى. داجىپ ئۇرۇۋالغانلارنى: «ئوغۇل بالىمۇ، يا مازمۇ سەن؟» دەپ قىزارتتى هادى كۆزىگە كىرىۋېلىپ، رومكىسىنى دېۋەيلەپ. ئاخىرى ئىچىشتى. كېيىنسىگە بېرىپ چىنە بىلەن ئىچىدىغان بولۇشتى. ئىچكەن دېگەن ماۋۇ! دەپ.

مەھەللىلىك ئورۇق - ئاۋاقلار ئەتلىنىپ قېلىشتى؛ ئىنجىمارۇقلار تەيلىنىپ قېلىشتى. لېكىن تەيلىنىپ قېلىشقانلىرىدىن كېيىن ئادەمگە ئوخشىماي قېلىشتى. ئۆزلىرىگە ئوخشىماي قېلىشتى. ئىچىشكەنلىرىدىن كېيىن...

ئاشپۇزۇلىدا كۇنىدىلا ئىچىشىۋاتلىق قىلىشىدىغان بولدى. هاراق ئۇلارغا ئىسسىق كۆرۈنۈپ، هاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گويا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. هادىمۇ دەل شۇنى كۇتكەنىدەك ئۇلارنى قىزغىن كۇتۇۋالاتتى. بىرنى دېسە، ئىككىنى ئىچكۈزەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا پۇل تاپماق ئوڭاي ئىدى. ياش باللارنىڭ كۇندۇزى ئىشلەپ تاپقىنى كەچتە هادىنىڭ غەللىسىگە تۆكۈلۈۋېرەتتى. مەھەللىنىڭ يىگىتلىرى كۇندۇزى قوتازدەك ئىشلەيتتى، كەچتە بولسا غىققىدە ئىچىشىپ كالىدەك ھۆركىرىشەتتى. ئېرىققا دۇم چۈشۈپ خورتىلداپ يېتىشاتتى. گاھىدا ئەرزىمىگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن بىر - بىرىنى قانغا چىلىشاتتى. تاياق يېگەنلىرى كېچىچە ھۇۋلاپ چىقاتتى. بۈگۈن بىرىنى ئۇرۇۋالغىنىنى ئەتىسى يەنە بىرى ئۇرۇۋالاتتى. ئۆچىنى بۇ يەردە ئالالمىسا، ئۆيىگە يېنىپ بېرىپ خوتۇنىنى ئۇراتتى. دادىسىنى بوغقانلارمۇ چىقتى. نېمىگىكە نېمە يەتمەي شۇنچە ئىچىسەن ئاشۇ ئېشەك سۇيىدۇكىنى، ساق كاللىنى ساراڭ قىلىپ، دېگىنى ئۈچۈن...

ئىلگىرى پالانچىنىڭ بالىسى شەھەردە هاراق ئىچىپتىمىش دېگەننى ئاڭلاپ قالسا، چوڭىدىن - كىچىككىچە ئاڭلىغانلىلا ئادەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «تووۋا!» دەپ ياقىسىنى تۇتۇشاتتى. مانا ئەمدى ئاشۇنداق بىر مەھەللىدە ماگىدامىدا بىر مەست يولۇقاتتى. ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە دومىلاپ ياتقان، جىگدە چومىقىغا ئارتىلىپ نو كەلتۈرۈپ قۇسۇۋاتقان، ئالا - تاغىل ۋارقىراۋاتقان...

ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كېچىسى مەھەللىلىك باللار بىلەن مەھەللە بازىرىغا ئوينىغىلى كەلگەن بېلىقچىلار ئوتتۇرىسىدا

ئۇرۇش - جودا بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. بىرى «كۆللۈكلەر» دېيىشسە، يەنە بىرى «چۆللۈكلەر» دېيىشىپ. گاھىدا بۇنداق ماجرالار قان تۆكۈشكە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ھۆكۈمەت مەھەللىدىن ساۋۇت چولاقنى ئاكىسى بىلەن تۇتۇپ كەتتى. بېلىقچىدىنمۇ ئىككى - ئۈچىنى. ئۇلارنى بىر نەچچە يىللىقتىن كېسىۋەتتى. ئىلگىرى جېنىنى ئاران باقىدىغان، ئىككى ئېغىز گېپىنى تېپىپ قىلالمايدىغان ساۋۇت چولاق شەھەرگە موتو بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ يۈرۈپ، ساۋۇت لوبەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئاشۇ چولاق مەستلىكتە زىيا دېگەن بېلىقچىغا پىچاق سېلىۋەتتى. يەنە بىر بېلىقچى ساۋۇت چولاقنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئۇشتۇۋەتتى، ساۋۇت چولاقنىڭ كاچا ئاكىسى ۋېلەم بۇ بېلىقچىنىڭ كۆزىگە تاش بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر كۆزىنى قويۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياتار يېرى سامانلىق بولدى. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقەتچى بورا سودىسىدا ئوڭدا چۈشكەندىن كېيىنمۇ بۇ مەھەللىگە پات - پات چىقىپ تۇردى. «ئۆگىنىپ قاپتىمەن» دەيتتى سورىغانلارغا. ھادەك بىلەن ئولتۇر - قوپتا بىللە ئىدى. كېيىن مەھەللە باللىرىغا ئويۇن ئۆگەتتى ھادەك بىلەن ئىككىسى. پۇل ئويۇنىكەن. قىمار. كامالىددىنمۇ ئىچكىنۋازلىقنىڭ ئاخىرىسىدا بىر - ئىككى قېتىم داخىل بولۇپ قالدى. قىزىق ئويۇن ئىكەن. كامالىددىنىنىڭ ئائىلىگىنى بولمىسا كۆرگىنى يوق ئىدى. ھادەك بىلەن ھېلىقى ئوقەتچى ئېزىپ ئىچۈرۈپ ئۆگەتتى — تۇت ئوشۇقنى تاشلايدىكەن، چۈشۈشىنى ھەر ياقىزىسىغا جورۇيدىكەن. بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە پۇل يا ئۇتيان، يا بۇيان بولىدىكەن. بۇگۇنبۇ شۇ. كامالىددىنمۇ قىزىقىپ قالدى. دەسلەپىدە پىياز كۆكىدىن تىكتى، كېيىنرەك توڭگۈز قولاقا چىقتى. شۇنداق قىلىپ بىر ئولتۇرۇشتا 100 كوي ئۇتتۇۋالدى - دە، ئوينىماي ئولتۇرۇۋالدى. مەھەللىلىك باللار چىدىمىغىلى تۇرۇۋىدى، ھادەك بىلەن ھېلىقى ئوقەتچى كامالىددىنىنىڭ تەرىپىنى ئالدى:

— كامالىددىن يېڭى ئۆگەنچى، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئوينىسۇن، يەكشەنبە كەچتە بىر چوڭ تاۋكا بولىدۇ، كامالىددىن شۇ چاغدىمۇ، تازا ئوينايدۇ. ئۇ كۈنى ئەگەر مۇشۇنداق قىلسا، ئۇ چاغدا رەسمىي ماز دەيمىز ۋە پۇلىنى تارتىۋالىمىز. ياق، دەپ قويغان بىلەن ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەيمىز. ئۇ كۈنى پۇلى بار بېلىقچىلار كەلمەكچى، پۇل دېگەننى خۇرجۇنى بىلەن كۆتۈرۈپ. ئۇلار قىمارنى ئەمدىرەك ئۆگىنىۋاتقان نېمىلەر، كامالىددىنچىلىكمۇ بىلمەيدۇ. مۇشۇ ئولتۇرغانلىرىمىز ئۇ بوڭقۇشلارنى بىرلىشىپ قىسماققا ئالىمىز، بىرىمىز ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ —تۆت مىڭ كويدىن قومۇرۇۋالىمىز... ئۇ چاغدا قىمار دېگەننىڭ پەيزى بولىدۇ. قانداق، كامالىددىن، كېلەمسەن؟ يەكشەنبە كۈنى، ئىندىن...

كامالىددىن ئويلانمايلا ھىجايدى:

— كېلىمەن. كەلمەيچۇ؟ تۆت مىڭ دېدىڭما؟

— ھەئە، تۆت مىڭ!

ھادەك مەھەللىكلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويدى. بۇ يەردە رازىق دارازىمۇ بار ئىدى. كامالىددىن بىلەن رازىق بىر سورۇندا ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن بولغانىدى. بۈگۈن بىر يەردە بولۇپ قالدى. لېكىن بىر - بىرى بىلەن گەپلەشمىدى. رازىق نېمىشقىدۇر ھادەك بىلەن يېقىنلىشىپ قالغاندەك ئىدى. ھادەك كامالىددىنغا بولۇشۇپ سۆزلەۋاتقاندا، كامالىددىن

ئۆرۈمچىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقەتچىنىڭ رازىقنىڭ بېقىنىنى باشقىلارغا تۈيدۇرماي چىمداپ قويغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ما سولتەك بىلەنمۇ ئاغىنە بولۇپ كېتىپتىيا؟ ئىلگىرى ئولتۇرسا - قوپسا تىللاپ يۈرۈدىغان ئادەمنى بىلەن - ھە؟ شۇ چاغدا رازىقمۇ ھېلىقى ئوقەتچىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. بۇلارنىڭ بىر كىچىك تىلى بارلىقىنى بايقاپ قالدى كامالىددىن. خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ئۇلارنىڭ ھەممە گېپى، ھەممە سۆزى بىر يەردىن چىقىۋاتاتتى... نېمە ئىشتۇ، بۇ؟ كامالىددىن نېرىسىنى ئويلىغىسى كەلمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆگۈنلۈككە بولىدىغان قىمار، تاراقلاپ تۇرغان 4 مىڭ كوي پۇل كىرىۋالدى. ھېلىقى ئوقەتچى كامالىددىننى قىمارغا تەلىيىڭ بار ئىكەن، نەدىلا ئوينىساڭ ئۇتقىدەكسەن دېگەنىدى. قىماردا پېشانىسى ئوچۇق ئىكەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، ئويناپ تۇرسا بولغىدەك، مانا، ھەش - پەش دېگۈچە يۈز كوي ئۇتتى. ئۆگۈنلۈككە مەشەدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى سېرىۋالمىسا ھېساب ئەمەس! كامالىددىن ھىجايدى ئۆزىچىلا.

ئۇ، سورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ھاراق تۇتماقتا ئىدى. كۆزىگە چىراغ ئىككى كۆرۈنۈۋاتاتتى. كېتىش كېرەك، قويىنىدىكى پۇلنى بىرەرسى سوقۇۋالمىسۇن. ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا چىقتى. كامالىددىن ئۆيدىن چىقىشى ھامان ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. قىزىق يېرى، بايا كامالىددىنغا ھۆرپەيگەن مەھەللە باللىرىمۇ ھادى، رازىق ۋە ئۆرۈمچىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقەتچىگە قوشۇلۇپ تېلىقىپ كۈلۈشۈشتى.

— كېلەرمۇ؟

— ۋاي، كېلىدۇ. ئوينىسامىلا ئۇتقىدەك-مەن دەپ ئىشەندى بۈگۈن.

— ئۆگۈنلۈككە جىمى بورىسىنى ئۆتكۈزۈپ، پۇلىنى ئالىدۇ.

— ھەببەللى، شۇڭا يەكشەنبە دېدىم. ھەممىڭ كېلىش جۇمۇ؟

— كەلمەمدىغان، بۈگۈنكىنى 20 — 30 ھەسسە قىلىپ ئوندۇرۇۋالىدىغان يەرگە كەلمەمدىغان.

يېزا ئاسمىنى قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. گۈركىرەپ شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىۋاتاتتى. ئاشپۇزۇل بىلەن مەھەللە ئارىلىقىدىكى ئۆزۈكچىلىكتە بىرەر تۇسالغۇ بولمىغاچقا، شامال بۇ يەردە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. كامالىددىن چاپىنىنىڭ ياقىسىغا تۇمشۇقىنى تىقىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى. بوران ئۇنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ سوقۇۋاتقاچ، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق مېڭىش كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ شېرىن خىيال ئىچىدە لەيلەيتتى. بۈگۈن يۈز كوي، يەكشەنبە كۈنى 4 مىڭ كوي، ھە راست، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بورىسىنى ئۆتكۈزىدۇ، 400 پارچە بورىسىنى! پاھ، مانا، باي بولدى دېسە قانداق ئىش ئىكەن دېگەنىدى. مانا مۇشۇنداق گەپ ئىكەن، ئۇ تەرەپتىن، بۇ تەرەپتىن كېلىدىكەن... پۇل - پۇلنى تاپىدىكەن... بۇ تېخى باشلانمىسى. 15 كۈندە 400 پارچىدىن بورىنى ئۆتكۈزگىلى تۇرسا 10 - ئايغىچە پۇل دېگەن قۇم بولمامدۇ، قۇم. مانا كۆر، كامالباينى... ماشىنا ئالىدۇ... ئۆرۈمچى دېگەن يەرگە ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ بارىدۇ. ھادى كۆرگەنىنىڭ ھەممىسىنى كۆرىدۇ... ھادى قىلغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ... ياشايدۇ، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا...

ئۇ، قولىدىكى تاماكىسىنى ھوزۇرلىنىپ

بىر شورىدى. تاماكا بىلەن تەڭ بېشى پىررىدە قايغاندەك بولدى. هادەك تاماكىغا بىر لەرسە قوشۇۋەتمىگەندۇ - هە؟ ئەجەب كاللىغىلا چىقتىيا؟ هېچنېمە دەپ بولمايدۇ، ئۇ تازنى. ئۆزىدۇ چېكىدۇ ئەمەسمۇ نەشە دېگەن نېمىنى، باللارنىڭ ھەممىسىگە ئۆگىتىپ بولدى... بۈگۈن باشقىچىلا جوخولۇق قىلىپ كەتتىغۇ؟ تاماكا تۇتۇپ، چاي قۇيۇپ، هاراق قۇيۇپ... يەنە تېخى ئۇنىڭغا بولۇشۇپ، مەھەللىلىكلەرنىڭ ئۆكتىسىدىن قاچۇرۇپ... بولىدىغان تاز، بولمىسا... كامالىددىندا پۇل بار ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئۇلار ئۇنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەيدۇ، هادەكتەك... رازىقمۇ... هەئە، رازىقمۇ! رازىق گەدىنىنى قوپۇرۇپ يۈرىدۇ، يېنىچە قىر چىقىرىپ... سەن دارازىنىمۇ بىر كۈنى «جان ئاكا» دېگۈزىدۇ، كامالىددىن...

كامالىددىن بىر نەرسىگە ئۈسكەندەك قىلدى - دە، تۇمشۇقىنى ياقىسىدىن چىقاردى. ئۇ، خىيال بىلەن بولۇپ يولدىن چىقىپ، شورلۇق تۈز لەڭگە بېسىقلىق بورا دۆۋىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ. كامالىددىن كۆزىنى يوغان ئاچتى. بورا دۆۋىسى؟ رازىقنىڭ؟ ئۇ مۇتتەھەممۇ خېلى يىغىپتۇ، بىرەر يۈز پارچە چىققۇدەك. خىيالىدىسىزە، يەكشەنبە كۈنى بورا ئالىدىغانلارنى مۇشۇ بورىسى بىلەن ئىلىۋېلىپ، ئۇلارغا چوپقەت بولغىدەك... ئۇ چاغدا كامالىددىننىڭ بورىسىنىڭ كۈرسى چۈشىدۇ. ياق... خېرىدارنى كامالىددىن بىراقلا تارتىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا...

كامالىددىننىڭ چىشلىرى كاسىلداپ، پۈتۈن ئەزايى تىترەيتتى، كۆزلىرى هازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ... ئۇ بۇرۇنراق نېمىشقا ئويلىمىدىكىن؟ ئويلىمىدى ئەمەس... ئويلىدى، لېكىن هېچنەرسە قىلالمىدى، يەتتە ـــ سەككىز گادايىنى بوراڭنى رازىققا ساتماي ماڭا سات دەپ توسۇپ قالالمىدى. رازىق ئوقۇتۇۋەتكەن ئوخشايدۇ ئۇ چۆپچىلەرنى... ياق، ئاشۇ رازىققا خېرىدارنى تارتقۇزۇپ قويغىچە ئۆلۈۋالسا بولىدۇ... ئۇ، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى. شامالدا تاماكا چوغى چىرسىلداپ، چېچىلىپ ئۇچتى. كامالىددىن تاماكا چوغىغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. توختاپ تۇر! مانا يولى تېپىلدى. بىراقلا... ھەممىسىنى... هە ئەمدى دۈشمەنلىشىپ باقە قېنى؟...

كامالىددىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيدۇ. بوران هۆركىرەيدۇ. مەھەللە تەرەپتىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋىغىنى ئاڭلىنىدۇ. بىر ئېشەك ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك جان - جەهلى بىلەن هاڭرايدۇ. ئاسماندا بىر تالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيدۇ.

كامالىددىن كۆپ ئويلىنىپ تۇرماستىن قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ، قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان تاماكا قالدۇقىنى شامالدا شالدىرلاپ تۇرغان بورا دۆۋىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئاراشقا تاشلىۋەتتى - دە، ئالاق - جالاق قىلىپ ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، يول تەرەپكە ئەمەس، شىۋاقلىق تەرەپكە پايپاسلاپ يۈگۈردى ۋە يىقىلىپ - قوپۇپ، هاسىراپ - هۆمۈدەپ، مەھەللىنىڭ نېرىقى بېشى بىلەن ئايلىنىپ ئۆيى تەرەپكە كېتىپ قالدى.

## 12

ئەتىسى، مەھەللىلىكلەر رازىقنىڭ بورىسى بېسىلغان مەھەللە سىرتىدىكى تۈزلەڭدە بىر دۆۋە قومۇش كۈلىنى كۆردى. كۈل دۆۋىسىنىڭ يېنىدا رازىقنىڭ كېسەلچان قېرى ئانىسى خۇددى بالىسى ئۆلگەندەك هازا ئېچىپ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن زارلاپ يىغلىغىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.

رازىقنىڭ يۈز نەچچە پارچە بورىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ، بىر قالام پاخالدەك ئەمەس. ئاز بولغاندىمۇ 7 — 8 يۈز كوي كۆلگە ئايلانغانىدى. رازىق ئانىسىدىن سەل نېرىراقتا، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە چاتىرىقىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ غىق مەست ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ھادەكىنىڭ ئاشپۇزۇلىدا ئېغىناپ ياتقان يېرىدىن تارتىشتۇرۇپ ئەكەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى، چىرايى ئاشۇ دۆۋىلىنىپ ياتقان قومۇش كۆلىدەك قارىيىپ كەتكەنىدى.

ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى. رازىقنىڭ ئانىسىنىڭ نالە - پەريادىغا، رازىققا بورىسىنى ئۆتكۈزۈپ تېخى پۇلىنى ئالمىغان امانقۇل چورۇقنىڭ خوتۇنىنىڭ يىغىسى ۋە شۇلدى. ئادەملەر دەم غىق مەست پېتى دەلدۈگۈنۈپ ئولتۇرغان رازىققا، دەم دۆۋىلىنىپ ياتقان قومۇش كۆلى دۆۋىسىگە، دەم تولا يىغلاپ ئۇنى پۈتۈپ ئايلىنىپ قالاي دەپ قالغان رازىقنىڭ ئانىسىغا قاراپ ئېغىر تىنىشىپ بىر - بىرلەپ كېتىپ قېلىشتى.

## 13

ئەتىسى شەھەردىن ساقچىلار چىقتى. مەھەللىلىكلەردىن ئۇنى - بۇنى سورىدى. كېيىن ھادەكىنىڭكىگە كېلىشىپ، ئاخشام ئولتۇرۇشقانلارنى دېرەكلىدى. ھادى ساقچىلارغا ھەدەپ جوخولۇق قىلغاچ، سىرلىق ھىجىيىپ، ئۇلارنىڭ قولىقىغا كۇسۇرلىغىلى تۇردى. كامالىددىن ئاشپۇزۇلدا ئىدى. ئۇ، تىنىك - تىڭلاپ كەلگەنىدى. ئاش يېگەن بولۇۋالدى. ساقچىلار كامالىددىنغا ھومىيىپ قاراشقىلى تۇردى. كامالىددىننىڭ يۈرىكى ئاسقىپ كەتتى. ئۇ، ھادەككە گۆلۈيۈپ قارىدى. ھادەك بىر پىيالە چاي ئەكىلىپ كامالىددىننىڭ ئالدىغا قويۇپ، ھىجىيىپ، پىچىرلىدى:

— ساقچىلار سېنى تۇتىمىز دەيدۇ، دەررۇ قاچ. ئورۇمچىگىلا.

كامالىددىن چاچراپ قوپتى:

— ئاناڭنىڭ قېشىغا قاچىدىكەنمۇ؟

ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرۇپ، بويۇن تومۇرلىرى بورتۇپ چىققانىدى:

— ... ئۇتنى يا مەن ياقمىسام... مېنى نېمىدەپ تۇتقىدەك...

ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

ساقچىلار تاماق يەپ بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقاندەك كامالىددىنغا قادىلىپ تۇرۇۋېلىشتى. كامالىددىننىڭ گېلىدىن ئاش ئۆتمىدى، نېرىسىغا ئىتتەرسە، بېرىسىگە يېنىپ. ئاخىرى چوكىنى تاشلاپ تەخسىنى سۇرۇپ قويدى - دە، پېشانىسىدىكى مۇزدەك تەرنى يەڭگى بىلەن سۈرتۈپ ئورنىدىن قوپتى.

— مەيەرگە كەل. كامالىددىن دېگەن سەنمۇ؟

كامالىددىننىڭ پۇت - قولى تىترىگىلى تۇردى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ساقچىلار ئولتۇرغان شىرەگە باردى.

— ھەئە، مەن...

ساقلى ئۆسۈپ كەتكەن، قاراموتۇق ساقچى ئېشەك ئوغرىسىغا قارىغاندەك ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىغىلى تۇردى.

— ئاخشام بۇ يەردىن ئۆزۈڭ يالغۇز كەتتىڭمۇ؟

— ياق، سىياۋۇش بىلەن كەتتىم.

— سىياۋۇش دېگىنىڭ كىم؟ قېنى ئۇ؟ نەگىچە بىللە ماڭدىڭلار؟

ئەتراپتا ئادەملەر كۆپ ئىدى. بۇ مەھەللىگە ئەزەلدىن ساقچىلار كېلىپ باقمىغانىدى. بىرەر يىلدىن بېرى پات - پات كېلىدىغان بولۇشتى. بۇگۈن ئادەملەر ساقچىنى ۋە ساقچى تۇتىدىغان ئادەمنى كۆرگىلى

كېلەشكەنىدى. ساقچىلار ئالمىقىنى يەپ بولسا كىمنى تۇتار ئىكەن، دەپ ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا كۇسۇرلىشىپ تۇرۇشقان ئادەملەر گۇرۇردە ئولاشتى. ئۇنىڭ ئارىسىدا سىياۋۇشمۇ بار ئىدى.

— ئەنە، سىياۋۇش، — ھادى سىياۋۇشنى كۆرسەتتى.

— بېرى كەل، — ساقچى ئەمدى سىياۋۇشقا قادالدى. سىياۋۇش بوينىنى ئىچىگە تىقىپ، قولىنى قوشتۇرغىنىچە ساقچىنىڭ ئالدىغا دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ كەلدى ۋە ساقچىنىڭ قورقۇنچاۋق كۆزلىرىگە ئەخمەقلەرچە ھىجىيىپ تىكىلدى. ساقچى سىياۋۇشنىڭ ئۇستىبېشىغا ھەيران بولۇپ كۆز يۇگۇرتتى. سىياۋۇشنىڭ باش - كۆزى قارىغۇسىز ئىدى. كىيىملىرى جۇلجۇل بولۇپ، ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرىغا سامان، ئوت - خەس پارچىلىرى چاپلىشىپ قالغانىدى. يۈز - كۆزى ئىششىپ كەتكەنىدى. چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى. چاپاق باسقان كۆزلىرى ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىرايتتى. خېلى زامانلاردىن بېرى يۈز-كۆزىنى يۇمىغاچقا، باش - كۆزى مورىدىن چىققاندەك قاسماقلىشىپ كەتكەنىدى. ئەزايىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇرايتتى.

— سىياۋۇش دېگەن سەنمۇ؟ — ساقچى چىرايىنى بىرقىسما قىلىپ سورىدى.

سىياۋۇش ساقچىغا قاراپ ئېلىشىپ قالغاندەك ھىجايدى:

— ھە... ئە... مەن بولماي كىم؟... ئەمىسە... — ئۇ، تىلى ئاغزىغا پاتمىغاندەك تىلىنى چايناپ گۇگىرىدى.

— سەن ئاخشام نەدە يۇردۇڭ؟

— ئاخشام... مەشەدە، ئۆيدە... زاپپانىڭ سامانلىقى... دا ...

سىياۋۇشنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، گېپىنى ئاڭقىرغىلى بولمايتتى.

ساقچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى.

— نېمە بولغان ئادەم بۇ؟

راجى قورۇق دېگەن ئادەم چۈشەندۈردى:

— بۇ ئەسلى ساپساقلا ئادەم ئىدى. ھاراق مۇشۇنداق قىلىۋەتتى. ئۆزى ئۇستا تۆمۈرچى. ئۇ سوققان كەتمەن، ئورغاق، چالغىلارنىڭ داڭقى بار... يەرنى كۆتۈرە بەرگەندىن كېيىن ئوبدانلا بېيىپ قالغانىدى. ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرىمەن دەپمۇ يۇرگەن، كېيىن...

— مۇشۇ ھادەكنىڭ ھارىقى جايىلىدى ئۇنى... — ئەيسا قوتاز ئۇن قاتتى، — ھادەك شىلاپ يۇرۇپ ھاراق ئىچۈرۈپ يولدىن چىقاردى. ئاياغىغا كېلىپ بامداتتىن يەتتە خۇپتەنگىچە ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋالدى. ھاراق ئىچمىسە تۇرالمايدۇ... تاپقان - تەرگىنىنى بۇزۇپ-چېچىپ، ئۆزى تالادا قالدى... ماخودا، سامانخانىدا سۆرۈلۈپ يۇرۇيدۇ... ھادەك ئەمدى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ...

ھادەك ئېتىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈز كۆزى خوراز تاجىسىدەك قىزارغانىدى.

— ھاراق دېگەننى ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقارغان، ھەر قايسىڭنىڭ ئاغزىغا قۇيدۇممۇ؟ چىدىمىساڭ ئىچمىسەڭ بولمامدۇ؟

— ياش باللىنى ھاراق بىلەن كاردىن چىقىرىپ بولدى بۇ خۇنخور...

— مەھەللىنى بۇلغاپ، ھەممىنى يولدىن چىقارغان مۇشۇ ھادەك... ھاراق، نەشە، قىمار بىلەن...

— سەن كەلمەستە، ھاراق، نەشە دېگەننى بىلمەيتتۇقاۋاي بىز.

ساقچى ئورنىدىن قوپتى.

— بولدى، بولدى. بۇ گەپنى كېيىن قىلىشىمىز. دېمىسىمۇ 20 — 30 يىلنىڭ ياقى بۇ مەھەللىدە بىرەر ئەنزە تۇغۇلۇپ باقمىغانتى. ھازىر سەپسىن قىمارۋاز،

ھاراقكەش، لۈكچەك، قاتىلنىڭ ئۇۋۇ-
سى بولۇپ قالغىلى قوپتى بۇ يەر. سەككىز-
ئونىڭ سولىنىپ ياتقىنىڭ يەتمىگەندەك
يەنە ئوت قويغۇچىمۇ چىقىۋاتىدۇ... پۇل
بېقىنىڭغا ئۇسۇۋاتىدۇ ھەر قايسىڭنىڭ. شۇ
ھاراققا خەجلىگەن پۇلۇڭنى باللىرىڭنى
ئوقۇتۇشقا خەجلەشسەڭ بولمامدۇ ئاغىنىلەر؟
يىغىپ - سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە. ئوندىن
توققۇزۇڭ ساۋاتسىز... يەنە ھاراقنى ئۆل-
گىدەك ئىچىشىپ جاھاننى بېشىڭغا كىيى-
شىسەن، ئاتا - بوۋاڭنى گۆرىدە تىنچ
ياتقىلى قويماي! قېنى، قىلمىغىنىڭ بولسا
قىلىۋەر، ئاخىرىدا نەگە بېرىشارسەنكىن...
— مۇشۇ ھادىكنى كۆزدىن يوقاتمىسا،
ھەممە ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇبۇتاز!
— ھېلىمۇ ھايۋان قىلىۋەتتى باللىرى-
مىزنى مۇشۇ! دوزاققا ئۇتروق بولىدىغان...
— ئەسلى تۇتىدىغان ئادەم مۇشۇ
ھادىكتى... ھاراق ساتقانغا، ياش بالىنى
بۇزغانغا تويۇقكە دەپ بۇ خومپەرنى...
ساقچى كامالىدىنغا ئۆرۈلدى.
— سەن ئاخشام سىياۋۇشنى نەدە
كۆرۈۋىدىڭ؟
تويۇقسىز سوراقتىن كامالىدىن چۆچۈپ
كەتتى.
— مەن... مەن... ھادىنىڭ ئۆيىدىن
چىقسام، دەلدەڭشىپ مېڭىپتىكەن، مەھەللى-
گە... كېيىن مەندىن ئايرىلىپ قالدى.
ئاشۇ... ئاشۇ ئوت كەتكەن يەردە...
— نېمە ئىش قىلىۋېتىپتىكەن دېدىڭ
يولدا؟
— ھە... ھە... دەلدەڭشىپ يۈرۈپتى-
كەن، قولىدا تاماكا... بەڭمىكىن، بەك
پۇراپ كېتىپتىكەن...
— سەن... گەپ قىلدىڭمۇ سىياۋۇشقا؟
— مەن... مەن... نېمە ئىش قىلىۋاتى-
سەن، دېسەم مەشەدە ئۇخلايمەن دېگەن...

ئاشۇ بورىنىڭ ئارىسىدا...
ساقچى سىياۋۇشقا ئۆرۈلدى:
— راستمۇ؟
سىياۋۇش بېشىنى لىڭشىتىپ ھىجايدى:
— راست.
— سىياۋۇش بەڭ چېكەمدۇ؟ — ساقچى
ئەيسا قوتازدىن سورىدى.
— چېكىمدۇ. ھاراقمۇ ئىچىدۇ، بەڭمۇ
چېكىدۇ.
— بۇرۇن تاماكىمۇ چەكمەيدىغان.
— ناماز ئوقۇيتتى تېخى... خېلى
ئىلمى بار نېمە بولمىسا، ئېتىنى يازالايدۇ.
ساقچى كامالىدىندىن يەنە سورىدى:
— سەن ئۇ يەردە توختىمىدىڭمۇ؟
— ياق... ياق... ياق، مەن ئۇنىڭدىن
شۇنداق دەپ سورىدىم - دە، ھايال بول-
ماي ئۆيۈمگە كەتتىم، بۇ يەردە تاماكا
چەكمىگىن، دەپ قويۇپ.
— راست شۇنداق دېدىمۇ؟
سىياۋۇش بۇرنىنى تارتىپ قويدى.
— ھەئە... شۇنداق دېدى... — دەپ
ھىجايدى ئۇ خۇشال بولۇپ.
ساقچى كامالىدىنغا شۇبھە بىلەن تىكىلدى.
كامالىدىننىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى،
بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك.
— جۈرە، سىياۋۇش بىز بىلەن.
سىياۋۇش ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ
لىڭشىپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ مېھمان
بولۇشقا ماڭغاندەك خۇشال كۆرۈنەتتى.
— تويە ھاراققا.
— بىچارە... يۇۋاش نېمىتى...
— ھاراق كاردىن چىقاردى - ھە؟ ساپ
ساق ئادەمنى.
— ئەمدى قانداق قىلار؟
ساقچىنىڭ موتسىكلىتى توپا توزۇتۇپ
شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
بايا خەقنىڭ كەينىدىن قېچىپ ئۆيىگە

كىرىۋالغان هادى ساقچىنىڭ موتسىكلىتى ئۈزىشى بىلەنلا ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقتى:

— قېنى، كېسىپ بەردىمۇ ساقچى؟ يوقۇلۇش بۇ يەردىن، هۇ، تۈزۈمنى يەپ تۈزلۇقۇمغا چىچىدىغان كالۋالار...

بايا ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ، هادىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلار توپتىن سۇغۇرۇلۇشۇپ چىقتى - دە، تىكىۋەتتى، ئۇلار ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ئاشپۇزۇلغا كەلمەيدىغان، بىكار ۋاقتىنى مەسچىتتە ياكى مەسچىتنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزىدىغانلار ئىدى. ياشلار كەتمەي قېلىشتى. هادەك كامالىددىننىڭ يېنىغا كەلدى:

— خاپا بولما، چاقچاق قىلىپ قويغانتىم، ئابايام...

كامالىددىن بويىنىنى تولغاپ غۇدۇڭشىدى:

— ئۇسال نېمىكەنسىنا ۋاي، سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم.

— هېچقىسى يوقەۋا! تۇگىدى، مانا، سىياۋۇش بىلەنلا كەتتى، — هادى كامالىددىننىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى، — بوراڭنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا مەشەگە كەل جۇمۇ. بۇگۈن بىر داستىخىنىم بار، ئاندىن كەچقۇرۇن... هېلىقى...

كامالىددىن ھىجايدى:

— تۆت ىلك كويما؟

— هە... هە... تۆت ىلك كوي، بۇگۈن بېلىقچى بايۋەتچىلەرنى سۈپۈرىمىز... هەممىمىز بىرلىشىۋېلىپ... قانداق؟

كامالىددىن قولىنى ئىشقىلاپ، بېشىنى گىلدىڭشىتتى:

— ماقۇل، چۈشتىن كېيىنلا بىكار بولىمەن.

ئۇ بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنى پاك - پاكىز ئۇنتۇغانىدى. كۆڭلى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى - ئۆزى ساق قالدى. سىياۋۇش كەتتى. هېلى ئۈچ - تۆت ىلك كوينى قومۇرىدۇ، بورىسىنى ئۆتكۈزۈپ. كەچتە يەنە خۇدايىم بەرسە يەنە ئۈچ - تۆت ىلك كوي كىرىدۇ، يانچۇققا. ئۇ، مەيدىسىنى كېرىپ، بورا باسقىلى كېلىدىغان ماشىنا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاشپۇزۇل ئالدىدىكى بازارغا تەرەپتەرەپتىن بازارچىلار يىغىلماقتا ئىدى. ئاتلىق، ئېشەكلىك، هارۋىلىق، موتسىكلىتلىق، يۈكلۈك، يۈكسىز.

## 13

ئاشپۇزۇل قايناپ كەتكەن. مەھەللىدىكى ئېتى بار بىلەن سېپى بارنىڭ بەرى يىغىلغان. سۇپىدا، يەرگە سېلىنغان پالازدا، بورىدا.

چۈش مەھەل، ئىزغىرىن شامال، قىزارغان كۈن، بىر تامچە قاندەك.

— كەلگىن كامالباي، هازىر ھەممىدىن بېيى سەن بولۇپ قالدىڭ، سېنى يوقسىنىپ ئولتۇرۇپتىمىز.

قىزارغان كۆزلەر، ئوتتۇققان يۈزلەر لاۋىلداپ تۇرغان ئادەملەر...

— بۇ پېتىر ناننى كىم سۇندۇراركىن...

— هادەك، كىم بولاتتى، شۇ تازدىن باشقىسى بەكار...

چىۋىن باسقان تەخسىلەردە سوۋۇپ قالغان ئېشىندا قورۇمىلار، بەدرەڭ، مىلىش - مىلىش...

هادى قاياقتىندۇ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ باش - كۆزى سويىۋەتكەن پىيازدەك يالتىراپ كەتكەن، هاراق كەيپىدىن، خۇشلۇقتىن، تەردىن...

— كەل كامالباي، كەپسەن - دە، مانا مەيەرگە ئۆت، — سۆزلىرى تېيىلغاق، يېپىشقاق، مىج - مىج، ياغلاپ قويغاندەك، قويۇق ياغ تامچىپ تۇرغاندەك...

— كەل كامالىددىن، نېرىسىغا سۈرۈلەۋا، قوتۇر.

— نېمە سەتلەيسەن چوغۇندەك؟ پۇلى
بارنى كۆرۈپ بىر يېرىڭ قىمىشۋاتامدۇ؟
— ئاغزىڭنى يۇم نىياز قىمىز، بولمىسا
نىياز چېچىڭنى كېسىۋېلىپ ئىشتانىباغ قىلىپ
ئۆتكۈزۈۋالىمەن...
باشقىچىلا قۇترايتتىغۇ بۈگۈن، بۇ تايغانلار.
كامالىددىن ئولتۇردى. هادى سۇنغان ئىلمان
چايدىن ئوتلىدى.
— قېنى كامالغا قۇيە، قورتلىغان يېرى-
دىن. ئۆز قولۇم بىلەن بىر تۇناي.
— بوراڭنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇڭمۇ؟
قوماردىك - دە!
— نېمىنى؟ قومۇرىدىغانغا كونا قوتان-
نىڭ قىغىمىكەن ئۇ؟
— بولدى قىلىشقىن دەيمەن! ئۇكام
ئاۋۋال پىيالىنى قولۇڭغا ئال. مۇنداق
گەپ، بۈگۈن ئالتە ئوغۇل بالىنى يىغىپ
يېدۇرۇپ - ئىچۈرۈپ ئولتۇرغىنىمىزنى
سارائگغا جورىما! ئەتىگەن دېدىڭغۇ، بۈگۈن
پۇل ئۇسۇيسىز دەپ.
مەككار تاز، ئىچىدە قان يۇتۇپ
ئولتۇرۇۋاتسىمۇ، يەنە چاندۇرمايۋاتىدۇ -
هە! ئىشىغا توپا چاچقىنىغا كامالىددىننىڭ.
كۆزلىرى باشقىچىلا ئويناۋاتىدىغۇ هادەكىنىڭ،
يەنە كىمنى قوياركىن؟ ياق، كامالىددىن قو-
يىدۇ هادەكىنى، ماۋۇ ئولتۇرغان دوست-
دۇشمەنىنى، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئاۋۇ ئوقەتچىنى.
ئۇنىڭمۇ كۆزى غىلىيىپ قاپتىغۇ بۈگۈن.
هىجىيىشىنى، غىتمەكتەك. تازا چەككەن
چېغى، مەكتىشكىدىن...
— ئىچەمدىم؟ — كامالىددىن پىيالىنى
قولىغا ئالدى.
— ئىچە، گۇپپىدە.
هەممىسىنى يوغۇشتۇرىدۇ، كامالىددىن،
غازاڭ سۈپۈرگەندەك، قوغۇن پاسالڭ قىلغان-
دەك... يانچۇقتىكى ئون مىڭ كوينى
يەمچۈك قىلىپ... هەممىسىنىڭ كۆزى شۇ-
نىڭدا... كۆندۈزى ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپ-
تۇ... دادىسى دەيدىغان، مۇشۇ بالامنىڭ
پېشانىسى ئوچۇق، تەلىيى بار دەپ...
ئاخشام ئاۋۇ ئۇرۇمچىلىك ئاداشىمۇ دېدىغۇ،
قىماردا تەلىيىڭ بار ئىكەن، دەپ... دۆكا
قىمارۋاز بىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئاخشام سۈپۈر-
دىغۇ!
— ئىچتىم، هە؟
— قېنى، خوشە!
ۋايجان، ئوتقۇ بۇ؟ كۆيدۈرۈپ تېشىۋەت-
تى بولغاي بىر يەرلىرىنى... قوغۇشۇنى
ئېرىتىپ قۇيۇۋەتكەندەك... ئاچ قورساق
ئىچە، ئۈچىيى پىشىپ قالغۇدەك... ۋاي
كاپىر، باشقا بىرنېمىنى قۇيۇپ بەرمىگەن-
دۇ - هە! پىچاقتەك تىغى بار نېمىكەنا،
بۇ؟ قاۋاننىڭ قىيغۇچىدەك... پىيالىدە
سۇدەك بىر پاكىز تۇرغان بىلەن... ئاناڭ-
نى، توفى...
— يارايسەن!!!
— هەببەللى! دېگەنبىلەن...
— ئوغۇلبالا، كامالىددىن... بايۋەتچە-
بدەك ئىچىۋەتتىڭ.
— بۇدۇڭتەي ئولتۇرمامدۇ بەگ بالىسى-
دەك...
— ياشاپ كەت! ياش - ئۆسمەن ياللى-
نىڭ كۆزى بولۇپ قالدىڭ مۇشۇ كۈندە
جۇمۇ!
شامال ئورايدۇ... بۇلۇت يۆگەيدۇ...
ئىسسىق، يۇمشاق... مۇلايىم... شېرىن...
يۈرىكى پاكىزلىنىپ قالدى، ئىلىمان سۇدا
چايقىۋەتكەندەك... جىمى غەلە - غەشتىن
خالاس بولۇپ... پۇت - قولى چىڭقىلىد-
ۋاتىدۇ، كۈچ كىرىپ... تەن قويۇپ يوغىنا-
ۋاتىدۇ ئۆزى، بوي - بەستى ئۆسۈپ -
ئۆزىراپ... جاهان نۇر ئىچىدە پارقىرايدۇ،
پىرقىرايدۇ، نۇرلۇق چەمبەر بولۇپ، ئۆزى
ئاشۇ چەمبەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېگىزدىن،

لاھايىتى ئېگىزدىن تۆۋەنگە قارايدۇ، ھەممە نەرسە — ئاۋۇ قايناق بازاردىكى ئادەملەر، ئۇلى ئوراپ ئولتۇرغان ماۋۇ چۆپچىلەر ئۆملەيدۇ، ئۆلەرمەن چىۋىندەك، چۈمۈلىدەك، نىمجان قۇرتتەك، ئۇنىڭ ئايىغىدا ...

— قېنى، مانىمۇ كۆتۈرۈۋەت ئەمدى كامالىددىن... ھادى ھىجايدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، خوتۇنىدەك، ئاۋۇ كۆك كۆز خوتۇنىدەك غىلجىڭشىپ...

— سەل توختاپ ئىچەي...

— نىزىقىما ئاداش، داداڭنىڭ قىزىدەك.

— دادىسىدىن قورقىدۇ.

كامالىددىن ھۇمايدى، چاچراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن. ئەتراپتىكىلەر دەررۇ جىمىدى، ئۇنىڭغا جاۋابەن تىكىلىشىپ. ھىجىيىشلىرى، ھومۇيۇشلىرى، خىرىلداپ كۈلۈشلىرى بىلەن ئۇنى جەڭگە چاقىرىپ.

— كىمگە دەۋاتىسەن؟ ئاۋۇ ئوسما ئوغرىسى سىڭلىڭغا بېرىپ دە، قاشلىقچى خان ئاچاڭغا بېرىپ دە بۇ گېپىڭنى!

— شۇ ئەمەسمۇ!

— شۇ تاپتا پىچاقتىن يانمايدۇ بۇ كامالىددىن، ئاشۇ ئىككى - ئۈچ پىيالە ھاراقتىن يانامدۇ؟

كامالىددىن قولىغا پىيالىنى ئالدى. ھاراقتا ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆردى. داۋالغۇيتتى، ئۇزىرايتتى، قىسقىرايتتى، كېڭىيەتتى، تارىياتتى، ئۇنىڭ باش شولىسى.

— نېمانچە قۇيدۇڭ، دەريانىڭ سۈيىدەك ...

— بىلىق كۆزى دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ چوڭ شەھەردە سەپسىز مۇشۇنداق ئىچىدۇ.

ھادى يەنە ھىجايدى. كامالىددىن نەپرەت بىلەن ئاغزىنى ھىمىرىپ قويدى. خەپ توختا كۆتەرمىچىلەر، ھېلى تاۋكادا كۆرسەن كامالىددىننىڭ نوچىلىقىنى. «جېنىم ئانىكا سەن نەدە» دېگۈزمىسە ھېساب ئەمەس. كامالىددىن ئۈنچىقماي ئىچىۋەتتى. لىپمۇ لىپ بىر پىيالە ئوت سۈيى ئۇنىڭ قارنىغا شارقىراپ تۆكۈلدى.

— مانا ئەمدى ئوغۇلبالىغا ئوخشىدىڭ.

— مەيدىسىدە تۈكى بار رەسمىي ئوغۇلبالىغا...

نېمە دەيدۇ بۇ توڭگۇزلار، ئوغۇلبالا بولماي ئەمىسە ... ھۇ ئاناڭنى! دادىسىدىن قورقارمىش، نېمىشقا قورققۇدەك، ئاچىماق ئىشتان كىيمەيدۇ، دادىسىدىن قورقۇپ. ئۆي دېگەننى بىر قولىدا چۆرگىلەتىۋاتقان ئوغۇلبالا ئۇ! پۇل دېگەننى تاتازىلاپ تېپىپ! دادىسى كىمتى؟ ئولتۇرسا - قوپسا «يامان - بولىدۇ!» دىن باشقا گەپ ئاغزىغا كەلمەيدىغان بىر تەرسا قېرى، شۇ! «كىيەي دېسەم ئىشتان يوق، ئېيتسام مارجان بوۋى» دەيدىغان ... قولىدىن پوق كەلمەيدۇ، يەنە گېپى تۈگىمەيدۇ. قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقمايدۇ ئەمدى. كامالىددىن قىلالىغاننىڭ مىڭدىن بىرىنى قىلىپ ئاندىن دادا بولسۇن. ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا كۆكۈرۈپلا ئولتۇرغان، يانچۇقىنى تەتۈر ئۆرسەڭمۇ تىيىننىڭ سۇنۇقى چىقمايدۇ ... بۇرۇنمۇ دادىسىدىن قورققان گەپ ئەمەستى، سەت تۇرىدۇ دېگەن گەپ. ئەمدى تېخىمۇ سەت تۇرىدۇ. پۇلى بارنىڭ گېپى چوڭ دەپ بىكارغا ئېيتىلغان. كامالىددىن ئەمدى ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىۋالدى. يەتتىش پۇشتىغىچە بېقىۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىماي ھەددىبىمىگەن زالىم قېرىنىڭ. دېمىسىمۇ بۇنچىلىك ھېيىقىپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ قىز بالىدەك. مۇشۇ ئوغرىلارنىڭ گېپى راستىكەنمۇ قىلىدۇ ... ئەجەب ياشاپ كەلدى - ھە؟ قورۇنۇپ، سىقىلىپ ...

ئۇنىڭكىرەكمۇ يۆتىلىلەمەي ... ئەمدى دادىسىغا دادا بولغىنىچىلىكى بار كامالىددىننىڭ. يان چىك، يۈرەك توم ...

— قۇيە ھارىقىڭنى ... بىھىلىق كۆزى قىلامسەن، پاقا كۆزى قىلامسەن ... قورقارمىش، ئىچەلمەسمىش ...

— مانا، مانا ئەمدى توخۇ قونداقىغا چىقتى.

— قونداقىغا ئەمەس، سېنىڭ شىلىلەڭگە چىقتىم. ھا - ھا - ھا. توخۇم توغىدۇراي دەپ.

— يەنە ئاقتىن ئىچەمسەن، يا قىزىلدىنمۇ؟

— ئۆ ... ئۆ ... ئۆتەپبارەۋا زاك، بىر پىيالە قىزىل ھاراق دېگىنىڭدە بارغۇ، قىرىق ھېچقىزنىڭ سۈرىتى كۆرۈنىدۇ. ئۇنى سەندەكلەر ئىچسۇن. ماڭا ئاشۇ ... ئاشۇ قۇرتلاپ كەتكەن ئاق ھاراقتىن قۇي، ئاقتىن، قورقما ... پۇل دېگەن بار، مەشەدە ئۇلتۇرغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالىمەن. ئا ... ئاڭلىدىڭمۇ ...

— ئوغۇلبالا.

— يىگىت دېگەن سەندەك بولسا جۇما كامالباي. قېنى، ئىچە ...

كامالىددىن ئاچكۆزلۈك بىلەن كۆتۈرۈۋەتتى، ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشىپ قويۇشتى.

ۋاي، بۇ ھاراق دېگەن كاپىرنى! «لەپپىدە» كۆتەردىغۇ ئادەمنى! سەگۈنچەككە سالغاندەك، ئەركىلىتىپ ... نېمە ئاۋاز بۇ؟ شارقىراۋاتقان! دەريانىڭ شاۋقۇنىمۇ؟ ياق، بۇ ئاۋاز تومۇرىدىن كېلىۋاتىدۇ. كامالىددىنىنىڭ ئۆزىنىڭ تومۇرىدىن ... شۇنداق، سەكسەن ئىككى تومۇرىدىن. ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قان شارقىراۋاتىدۇ. نامراتلىقتا سۇيۇلۇپ، بەتەرەڭلىشىپ كەتكەن، ئەمدى تويۇنۇپ، پىشىپ، سەمرىگەن قانلىرى جانلىنىۋاتىدۇ. ئۇخچۇپ، كۆۋەجەۋاتىدۇ. كۆز ئاپتىپىدا پىشىپ، سەمرىگەن ئۈستەڭ سۈيىدەك ... ئۇلغىيىۋاتىدۇ، جىقىلاۋاتىدۇ، قىر - قىيا تەسكەيلەردە قېتىپ قالغان قار - مۇزلار تارام - تارام ئەگىز بولۇپ قوشۇلۇپ ئۇلغايغاندەك. گۈركىرەپ تاشقاندەك ...

ئۆزى بەك ئېگىزدە لەيلەيدۇ، ھوردەك، ھاۋادەك. ئاسماندا — ئاينىڭ قېشىدا، كۈننىڭ قېشىدا، يۇلتۇزنىڭ ئارىسىدا ... ئۇ تۆۋەنگە قارىدى. پاكار - پاكار قىڭغاي ئۆيلەرنى كۆردى، نامراتلىقتا قەددى يادەك پۈكۈلگەن دادىسىنى، دادىسىدەكلەرنى كۆردى. يەنە شۇ قۇرۇق گەپنى شۇمەپ ئولتۇرىدۇ، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى چولاق سۇپىدا. «يامان بولدۇ ... گۇناھ بولدۇ ...» دېيىشىپ. ئۇلار ئاشۇنداق ياشاپ كەلدى. ياشاپ كەلمىدى، جان تالىشىپ كەلدى. يا يېيەلمەي، يا ئىچەلمەي، يا ئويىنيالماي، بىر - بىرىگە قەلەمتىراشتەك پۈكۈلۈپ كەتكىچە تەزىم قىلىشىپ، قائىدىمىش، شۇنچىلىككە يارامدۇ ئاشۇ كۆك نامرات ئادەملەر؟ بىر - بىرىگە قۇرۇق گەپ بىلەن، سالام - سەھەتتىن باشقىسىنى بەرمەيدىغان ئادەملەر؟ باشقا كۈن چۈشسە «ئاھ»، «ئۇھ» دىن باشقىسىغا يارىمايدىغان مەھەللىلىكلەر! كامال ئۇنداق ياشىمايدۇ، ئالدىغىنىنى ئالىدۇ، يۇلدىغىنىنى يۇلىدۇ، كىمنىڭ بولسا بولمامدۇ، كۈچى يەتسىلا، پەمى بولسىلا! سەنمۇ ئال كۈچۈڭ يەتسە، كامالىددىنىدەك. پۇلدىن قورقۇشلىرىچۇ تېخى، جىندىن قورققاندەك. شۆكرى قىل، ئىنساپ قىل دەيدۇ، نېمىگە؟ يەرگە چەكچىيىپ، لەۋلىرىنى گەز باغلىتىپ ياشاشقىمۇ؟ چامغۇر توغرىغان سۇيۇق ئاشنى كوكۇرۇتۇپ ئىچىپ ئولتۇرۇشقىمۇ؟ پۇل تاپساڭ شۇ كۈن يوق ساڭا، بەگدەك ياشايسەن ... كامالىددىنىدەك. پۇل تېپىشنىڭ

پولى بولسا ... تولا گەپ ئىكەن ... يۈرىكىڭ سەل تۇم بولسا، يۈزۈڭنى سەل قېلىن قىلساڭ، باغرىڭنى سەل قاتتىق تۇتساڭ، پەمىڭنى ئازراقلا جورىساڭ ... ۋاقتالى - ۋاق كەلگەندە يەنچىمىدىغاننى يەنچىۋەتسەڭ ... كامالەتتىن ھېچجايدى. گەۋدىسىنى ئىككى تەرەپكە چايقاپ، ئولتۇرغان يېرىدە قىمىرلاپ قويدى، قانائەت، رازىمەنلىك، مەمنۇنلۇق، شادلىق ئىچىدە. ئۇ، كۆزىنى ئاشپۇزۇلنىڭ چېتىدىكى تۇزلەڭدىن ھالقىتتى.

قەبرە بىلەن، ئاشۇ زۇمچاق - زۇمچاق كۆرۈنگەن قەبرىلەر بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا قورقۇپ - قورۇنۇپ، تىترەپ، ئەندىكىپ، تۆت تەرىپىگە سوپكۇچلەپ، قارىغۇ چاشقاندەك مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ يۈرۈشلىرىنى كۈن ئۆتكۈزۈش دەيدىكەن تېخى! بىر ئەرنىڭ ئۆمرى شۇلىمۇ؟ ۋاي ئەخمەق دادىسى، تۇرغانلا ئەخمەق، پۇل دېگەن يامان نېمە ئەمەس ئىكەنغۇ؟ ... خەقمۇ مۇشۇنداق بېيىپتىكەن — ئۇنى بۇنىڭغا سوقۇپ، ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كەيگۈزۈپ ... نەدىكى «يامان بولىدۇ» سى بىلەن قورقۇتۇپ بىر پارچە گۆش قىلىپ قويغىنى يەتمىگەندەك، يەنە تېخى «ئاتا - بوۋاڭنى ئۇنتۇما!»، «ئىنسابىنى ئۇنتۇما» مىش! ئەمدى ئۇنداق كامالەتتىن يوق، «چىك» دېسە «پوك» دەيدىغان. «ھايت!» دېسە «لەببەي!» دەيدىغان ... ياشايدۇ! تېلېۋىزوردا ئۆزى كۆرگەن ئادەملەر نېمە قىلغان بولسا شۇنداق قىلىپ باقىدۇ. پۇل تاپىدۇ، ئىچىدۇ، ئوينايدۇ، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ... ياشايدىغان گەپ ...!

ئىچكۈۋازلىق بىر خىلدا داۋام قىلماقتا. بۈگۈن ھادى نېمىشقىدۇر مەردلىشىپ كەتتى. ھاراق - قورۇمىلارنى ئاياپ ئولتۇرمىدى. كېكەرگىچە يېيىشۋال، ئۆپكەڭ چىلاشقىچە ئىچىۋال دېگەندەك ...

ھەممىسى مەستتەك كۆرۈنىدىمۇ، راست مەست بولغىنى كامالەتتىن ئىدى. ئۇ ئىككى قېتىم دۈم چۈشۈپ، ئۇخلاپ قوپۇپ يەنە ئىچتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەستلىكتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. يۈز - كۆزلىرى ھاراق دەستىدىن ئۇتتۇقۇپ — ئىششىغانىدى. گەپ - سۆزلىرى ئۇك - تەتۈر ئىدى. نېمە يەپ - نېمە ئىچىۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. قالغانلىرى «ھە - ھۇ» بىلەن كەچ كىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

ئۇتتۇققان كۈن. كۆرۈۋاتقانلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئېسىلىۋاتقاندەك. قان رەڭلىك شەپەق. قىلغۇلۇق ۋە بولغۇلۇقتىن ئاسماننىڭ بېتى قىزىرىۋاتقاندەك. ئۇپۇق تەرەپتىن سۇر رەڭ قاراڭغۇلۇق ئالدىرىماي كۆتۈرۈلۈپ كەلمەكتە، ئاستا، بەكمۇ ئاستا، ئۈن - تىۋىشسىز ئۆملەپ كېلىۋاتقان مۇدھىش ھايۋاندەك ...

— قېنى، قويمامسەن؟

— ئىچە باللا! بۈگۈن ئىچمىسەڭ قاچان ئىچىسەن؟

— ھادى، ھەي ھادىكا ... ماۋۇنىڭ قوسۇقىنى ئېلىۋەتسەڭچۇ! ئېچىشتىۋەتتى ھەممە يەرنى ...

— قارىقى ئارقىسىغا تارتىلىپتۇ. ئەمدى قويما ...

— كىمگە؟ ئىچمەمەنغۇ؟ كىمنىڭ قارىقى تارتىلىپتۇ! تارتىلسا نېمە بوپتۇ ... تارتىلغىسى كەلگەندۇ ... قويە ھارىقىڭنى ...

— قېنى، خوش كەتتى.

— يارايسەن!

— ھەي، قايسىڭنىڭ قېرىنىغا پىچاق تېگىپ كەتتى، سېسىتىۋەتتىڭغۇ داستىخاننى ...

قىزارغان يۈزلەر، غىلايغان كۆزلەر،

هارماس ۋە پاسكىنا ئېغىزلار ... قىقاس - چۇقانلار ...

بىر كەمدە يولدا تىللاخان ئاتا پەيدا بولدى. ناھايىتى يىراقتىن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇستىبېشى چاڭ ئىدى. ئەسكى مالخىيىنىڭ ئاستىدىن مۇرىسىگە چېچىلىپ تۇرغان بوزرەڭ چاچلىرى چىگىچ ۋە مەينەت كۆرۈنەتتى. يىرتىلىپ جۇلدۇر كېپەن بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى ئۇنىڭ ئورۇق ۋە قارايغان قاغجىراق تېنىنى ئارانلا ياپاتتى. يالىڭاياغ پۇتى چاك - چاك يېرىلغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ...

ئۇ ئاشپۇزۇل تەرەپكە قايرىلىپ توپقا يېقىنلاپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ...

ئۇ تەكرارلىدى. ئۇلارنى ئاڭلىماي قالدى دەپ. ھېچكىم ئىرەن قىلمىدى. ئۇلار ئىچكىۋازلىق بىلەن بەنت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزى بىكار ئەمەس. يەيدۇ، ئىچىدۇ. بىر - بىرىگە ئىسپلاس تىللار بىلەن چاقچاق قىلىشىدۇ. ئۆزلىرى ئادەم ئەمەستەك، ھېچ قىزارماي. كۈلۈشىدۇ، ساراڭدەك.

ئىلگىرى «كېلىڭ، تىللاخان ئاتا!» دېيىشىپ، «دۇررىدە» قوپىشىدىغان، مەھەللىسى، ئاتا - بوۋىلىرى توغرىسىدىكى چىرايلىق رىۋايەتلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار باللار ئىدى. تىللاخان ئاتا ئۇلارغا تىل چىقارغان، ئاشۇ چۆچەكلىرى بىلەن، خىيال ئاتا قىلغان ئۇلارغا، ئاشۇ رىۋايەتلىرى بىلەن. ئۇلار زېرىكمەيتتى رىۋايەتلەردىن، تىللاخان ئاتىدىن ... كەلمەي قويسا يوقسىناتتى، ئىزدەيتتى، كەلسە خۇشال بولاتتى، بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ

ئىزلىرىنى سورىشاتتى ... دىللىرىغا پۈكىشەتتى. ماختىنىشىپ، سۆزلەپ يۈرەتتى ئاڭلىغانلىرىنى! سۆزلەپ يۈرۈپ ئاۋۇتاتتى، ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرىنى قېتىپ. بوۋاينىڭ دۇنيا، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، ئورمانلىقلار، كۆل، دەريا، ئۆلۈم، ھايات، يىراق تارىخ، مۇقام توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە جان بېرەتتى، ئاشۇ ياشلىق خىياللىرى، ياشلىق ئويلىرى بىلەن ۋە ئىنتىلىشلىرى بىلەن ...

ئەمدىچۇ؟ ئاشۇلار شۇما! مۇشۇلار ھېلىقى باللارمۇ؟ بوۋاي رەسۋاچىلىققا بويىنىغىچە پېتىپ ئولتۇرغان توپقا قارىغىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ. خۇدىنى يوقاتقان بۇ توپ كۈلۈشمەكتە، خىرقىراشماقتا، ھۆركىرەشمەكتە ئىدى، بىر توپ ھايۋانلاردەك. كامالىدىن شۇ توپنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ غالجىرى ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ياقىسى ئېچىۋېتىلگەن، ئىشتىنىنىڭ ئالدى ئېچىلىپ قالغان، قولىدا شالاقشىپ تۇرغان ھاراق شىشىسى، كۆزلىرى ساراڭنىڭ كۆزىدەك پارقىرايدۇ، ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقىدۇ. قولىنى كىملەرگىدۇ جۇنۇپ ۋارقىرايدۇ، جارقىرايدۇ، گاھىدا شىشىنى داستىخان ئۈستىگە ئۇرۇدۇ. چاۋغىيىدا ئاش يۇقىندىسى، پېشانىسىدە تەر چىپىلدايدۇ. ئۇ بىر كەمدە ئۇدۇلىدا ئۆزىگە رەڭگى ئۆچكەن ھالدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالغان تىللاخان ئاتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە تىللاخان ئاتا بىر قېرى ئۆچكىدەك، ھېلىلا پاتقاققا يىقىلىپ قوپقان نىمجان، ئۆلەرمەن ئۆچكىدەك كۆرۈندى. بىر ئەمەس، ئىككى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە ئىككى كۆرۈنەتتى! ئۆزى تۆت كۆزلۈك بولۇپ قالغاندەك. راستتىنلا ئىككى ئۆچكە،

ساقاللىق، ھاسا تۇتۇۋالغان. مەينەت، قېرى ئۆچكە، ساقاللىرى تىترەپ تۇرغان. كۆزلىرىدىن ئەلەم، ئىچ ئاغرىتىش، ئۈمىدسىزلىك، بىچارىلىق ئەلەڭگىپ تۇرغان ئىككى ئۆچكە. بىر چاغلاردا نەدىكى يوقىلاڭ ئەپسانىلەر بىلەن ئۇنى چالغىتىپ يۈرگەن ساراڭ ئۆچكە ... كامالىددىن ئاشۇنىڭغا، ئاشۇنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا ئىشىنىپ ياشاپتىكەن. ئەنە ئۇنىڭ تۇرقى، دۇنيانىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار دەپ چوڭ بىلگەن ئىبلىشاڭغۇنىڭ تۇرقى ئەنە! پۈتۈن بىساتىنى يىغىپ ئۆزىگە قوشۇپ ساتسا موچەنگە يارىمايدۇ. ئاشۇ جىنىدا كامالىد-دىننى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتىكەن - ھە؟ بىر ئۆمۈر داڭگال غاجاپ، ئەسكى مازار، پۇچۇق تامدا ئالۋاستىدەك تەنھا ياشاپ يۈرگەن بىر ماكانسىز دىۋانە! ئۇنىڭغا ھادىچىلىك بىر كىشىنىڭ يولىنى ئۆگەتكەن بولسا كاشكى، شۇنچە يىلدىن بېرى بۇ ساراڭ ئازغۇن. ھۇ قېرى ئۆچكە، بوز ئۆچكە، تۈكسىز ئۆچكە ...

— ئۆچكە! قېرى ئۆچكە، يوقال بۇ يەردىن ...!

كامالىددىننىڭ ئاۋازى گۈلدۈرلەپ چىقتى. مەستلەر ھەيران بولۇشقاندەك كامالىددىنغا قاراشتى. كامالىددىننىڭ ئۆزلىرىگە ئەمەس، توپنىڭ نېرىسىدىكى كىمدۇر بىرىگە قان قۇيۇلغان كۆزلىرى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراشتى ۋە خۇددىنى يوقاتقاندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان تىللاخان ئاتىنى كۆرۈشتى. كىمدۇر بىرى ئارسىزلىق بىلەن قىھ - قىقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— را ... را ... راست، بەئەينى قېرى ئۆچكە ... — قالغانلىرى قوشۇلۇپ كۈلۈشتى.

— تۈكىنى كۆيە يەپ كەتكەن ئۆچكە ...

— قاساپقا يارىماس بولۇپ قالغان ئۆ ... ئۆچكە ...

— مەرەپ بەرسەڭ بىر پىيالە ھاراق بېرىمەن ...

— مە ... مە ... دەپ ...

— مە، مۇنۇ ھاراقتا مەينەت ساقىلىڭنى يۇيىۋالغىن ...

قىقاس كۈلكە. بوۋاي جالاقلاپ تىترىدى، تۇتىقاق كېسەلدەك. لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى شۇ ئاندا. كۆز چانىقى ياشقا تولدى، ھېلىلا «پاگىندە» ئېيتىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك. راست يىغلىدى. ئاخىرى يىغلىۋەتتى. يۇم - يۇم يىغلىدى. كىچىك بالىدەك. كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ مەينەت ساقىلىنى يۇيۇپ ئاقماقتا ئىدى.

— جۇرۇڭ ئاتا ... بۇ يەردىن كېتەيلى ...

بۇ مۇئەللىم ئىدى. ئاسماندىن چۈشكەن-دەكلا پەيدا بولغانىدى. ياق، يەردىن ئۈنگەندەك. ئۇنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش تولغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، قوناق شوپۇرىدەك.

— كېتەيلى، ئاتا ...

بوۋاي توپقا تىكىلگىنىچە قىمىر قىلمايدۇ. جىنى چىقىپ كەتكەندەك. بوۋاي سىنەسىنى تىترىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى، ئۇنىڭ كۆزى كامالىددىنغا قادالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن دەھشەت ياغىدۇ. ئۆلۈۋاتقاندەك.

— گۇناھلىرىڭنى زېمىن قانداق كۆتۈرۈۋات-قاندۇ؟ شۇ تاپتا! ياق ... زېمىنمۇ كۆتۈرمەيدۇ ئەمدى. زېمىنمۇ چىدىمايدۇ ... سەنلەرگە دۈشمەننىڭ ھاجىتى يوق، ھېچكىم دۈشمەن بولمايدۇ ... ئۆزلىرىڭ ئۆزۈڭگە دۈشمەن! دۈشمەنگە ئەرزىمەيسەن ھەرقايسىڭ، پەقەت ئۆزۈڭگە ئەرزىيسەن، دۈشمەن بېرىپ بولالمىغان ئۆلۈمگە، ھالاكەتكە بىرلىگۈچە يېتىشىپسەن! نەسلىڭ مانا شۇ ھاراق بىلەن،

گۇناھ بىلەن قۇرۇيدىغان بولدىغۇ ئەمدى ...
ئاتا ئىزىدىن تېپىپ ئېرىشكىنىڭ شۇ
بولدىمۇ؟...

بوۋاينىڭ ئاۋازى خىرقىراپ قالدى. ئۇنىڭ ئورۇق، يۆگلۈك مەيدىسى ئۆرىدەيتتى، تۆمۈرچىنىڭ كورىكىدەك. تىنىقى ئىچىگە پاتمايتتى، ھاسىرايتتى. پۈتۈن تېنى بىلەن تىترەيتتى، كېسەل تەگكەن ئىتتەك ...

بوۋاي ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا قىڭغايدى. مۇئەللىم بالا يۆلىۋالدى. بوۋاي ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇئەللىم بالا بوۋاينى تەسلىكتە ھاپاش قىلىۋالدى.

— قېرى ئۆچكە جان بەردى.

— ھەي ئەپەندى، ئۇ ئۆچكىنىڭ ساقالىنى كېسىۋال ... بالىلارغا سۇپۇرگە قىلىپ بەرگىن.

— بۇ قېرىنى مەكتىپىڭگە ئاپىرىپ كۆمۈپ قوي، تاپان ھەققىڭگە بەش موچەن. نېمە؟ ئاز كۆرۈۋاتامسەن؟ ساڭا ئايدا نەچچە پۇل بېرىدۇ؟ ئاشۇ بەش موچەن ئۈچۈن ئۆيەمۇ ئۆي سوكولدايسەنغۇ، قەلەندەرنىڭ كۈچۈكىدەك، بالا ئوقۇتىمەن دەپ ... قارا ما پۇلنى، ئازراق بېرەيمۇ؟ سەندەك ئەپەندىدىن ئۇنى سېتىۋالىمەن ...

قايىر ئىدى. ئاشۇ قايىر. ھۆكۈمەت بېلىمى بار ئادەملىك گېپىنى ئاڭلايدۇ، بىز ئۈچۈن تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ ھۆكۈمەتتىن قومۇش ئورۇشقا رۇخسەت ئېلىپ بەرسەڭ، بىزنىڭ ئۈچىمىزمۇ بىر ئاپتاپ كۆرۈپ قالسا، سەن دېگەن مۇئەللىم بولغاندىكىن، دەپ يىغلىغان قايىر ئىدى، ئىككى يىل ئاۋۋال.

بوۋاينىڭ ھالى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان مۇئەللىم ئاخىرى بېشىنى كۆتۈردى، غەزەپ، ئەلەم، خورلۇق كۈچىدە. ئۇ چىدىمىغانىدى.

— پۇل ئۈچۈن سوكۇلدايدۇ دەيدىغانسەن، ساقلاندادىغىنى ئاخىرقى ھېسابتا سەندەك ھايۋان بولۇپ چىقمىسۇن دەپ سوكۇلداپ يۈرىمەن، بىلسەڭ...

ئۇ، بوۋاينى ھاپاش قىلغىنىچە تۈپتىن يىراقلاپ كەتتى.

بوۋاي ۋە مۇئەللىمنى ھۇشىنى يوقاتقان تەلۋىلەر قىقاس ۋە چۇقان بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

## 14

كامالىددىن نېمىشقىدۇر جىمىپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا خۇشاللىق بىلەن قايغۇنى ئىلغا قىلالماس ئىدى. بېشى چىڭقىلاتتى، يەر پىرقىرايتتى، ئىچىنى نېمىدۇر تاتلايتتى، ئىچىدە بىر نەرسە ئۆرىدەيتتى. ھۆكرەپ يىغلىغۇسى كېلەتتى، تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلگىسى كېلەتتى. نېمە ئۈچۈنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ، نېمە ئۈچۈن يىغلايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كاللىسى، ئىچى بوش ئىدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قارنىدىن يورەك ۋە ئەقىل دېگەن نەرسىنى يۇلىۋالغاندەك ...

كۈن ئولتۇردى. تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەنىدى. ئىچقىش داۋام قىلماقتا. ھادىنىڭ خوتۇنى ساغرىسىنى ئوينىتىپ يورۇپ داستىخاننى ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن بېيىتىپ تۇردى.

بۇ خوتۇننىڭ خۇلقى بۈگۈن باشقىچە ئىدى، بولۇپمۇ كامالىددىنغا. ئۇنى يېيىشكە، ئىچىشكە زورلايتتى. كۆزىگە تىكىلىپ، كۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەت - يېنىنى سىلاپ ... كامالىددىننىڭ مۇرىسىدىن ئارتىلىپ ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيغاندا، راھەتتە يوغۇناپ، چىڭقىلىپ، نېپىز كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان ئەمچىكىنى كامالىددىننىڭ مۇرىسىگە ئەتەي قويىۋالدى. كامالىددىننىڭ شۇ تاپتا ئادەملىك سېزىمى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەرلىك سېزىمى ئەكسىچە ھاراقنىڭ كەيپىدە

تېخىمۇ قۇتراپ كەتكەنىدى. ئىس-
سىق، يۇمشاق ۋە ئېغىر ئەمچەكلەر مۈرىسى-
گە تېگىپ، ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان بويىنى-
غا سۇۋالغانىدا ئەت - يېنى غۇژۇلداپ
كەتتى، سۇيدۇكى قىستاپ كەتكەندەك ...
ئۇ خوتۇن چاينى ئۇزاققىچە قۇيدى، ئال-
دىرىماي ... لېكىن ئاخىرى قۇيۇپ بو-
لۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ خوتۇن كېتىۋىدى،
ئەمچەك تەككەن يەر كۆيگىلى تۇردى. ئوتقا
قاقلىغاندەك يۈرىكى ئويناپ دۈپۈلدەپ كەتتى،
خوتۇن ھىدىنى تۇنجى قېتىم ھىدلىغاندەك.
كامالىددىن تولغىنىپ كەتتى. ئەرمىكى شۇ
خوتۇننىڭ چاي قۇيۇپ بېرىشىنى كۈتۈش
بولدى. شۇڭا ئۇ چاينى گۈپپۈلدىتىپ ئى-
چىپ پىيالىنى بىكارلاپ تۇردى ۋە ئۇ خو-
تۇنغا ئاچ ئىتتەك تەلمۈرۈپ ئولتۇردى.
خوتۇن چۈشەندى. يەنە كەلدى. پىيالىگە
چاينى ئالدىرىماي، سوزۇپقىنا قۇيدى. ئۇ،
ئەمچىكىنى كامالىددىننىڭ مۈرىسىدە بىر
دەم تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ئۆرە بولۇپ،
كامالىددىننىڭ كۆزىگە خۇمارلىنىپ تىكىلدى
ۋە مىيىقىدا كۈلگىنىچە:
— ئاله ئۇكام، چېيىم قىزىقمىكەن، تې-
تىۋاتقاندۇ ... — دېدى كۆزلىرى بىلەن
سىر ئېيتىپ.
كامالىددىننىڭ ھاراق ئېرىتىپ بولالمى-
غان ئاخىرقى ئەقلىنى ئۇ خوتۇننىڭ گېپى
بىلەن، شۇ گەپنى قىلىۋاتقان چاغدى-
كى قىلىقلىنىشى ھارام قىلدى. ئۇنىڭ ئې-
چىرقىغان بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك يېلىنجاپ
تۇرغان كۆزلىرى ئۇ خوتۇننىڭ دومبۇيۇپ
تۇرغان ئەمچەكلىرىگە قادالغانىدى. ئۇ،
گېلىنى قىستاپ قۇرۇق يۇتۇنغىلى تۇردى.
ئاشۇ ئەمچەكلەرنى خام يەۋېتىدىغاندەك.
ئۇ، قولى بىلەن بايىقى ئەمچەكلەر تەگ-
كەن يەرنى سىلىغىلى تۇردى. «ۋاھ ...
نېمىدېگەن ئوخشىغان ئەمچەكلەر بۇ؟! يو-
غان، يۇمشاق، ئېغىر ۋە ئىسسىق. يېڭىلا
چىچىقان كالا پوقىدەك ... ئۇنىڭ ئايالى-
نىڭچۇ؟ ۋاي خۇدا ئۇرسۇن! ئۈچ شۇمتەك
تولا ئېمىپ، مىجىقلاۋېرىپ لاتا قىلىۋەت-
كەن ئەمچەكلەر. ئۇلار ئەمچەك ئەمەس،
سۇيدۇك لاتىسى، ياق، خالتا ... سۈزمە
خالتىسى، بالىلىرىنىڭ رىسقى قاچىلانغان
خالتا. كامالىددىننىڭ رىسقى بولسا، مانا
مۇنداق ئەمچەكلەرگە قاچىلانغان. تۇۋا ...
خوتۇن خەقنىڭ بۇ نېمىسى نېمىشقا ئوخ-
شاش بولمايدىكىن؟ خوتۇنى كېسەلچان
بولغاچقا، شۇنداق بولامدىغاندۇ ياكى شە-
ھەر كۆرگەن خوتۇنلارنىڭ ئەمچىكىمۇ باش-
قىچىلا بولامدىغاندۇ؟ ئاھ ... دەرىخا!
ئەركەكنىڭ رىسقى قاچىلانغان ئەمچەك-
لەر ... كامالىددىنغا تېخى بۇنداق ئەم-
چەكلەر نېسىپ بولمىدى. ۋاھ ... ئاشۇ
ئەمچەكلەرنى چاڭگىلىغا تۇشقۇزۇپ مىجىق-
لاپ باقسا، ئوتتەك كۆيۈۋاتقان مەڭزىگە
سۈۋاپ - سۈۋاپ باقسا، يۈزىنى لىغىلداپ
تۇرغان لەمپۈگىگە ياققاندەك. بېشىغا قويۇپ
يېتىپ باقسا، پاختا تىققان ئىككى تاغار-
نىڭ ئۈستىدە دومىلىغاندەك، باشقا جېمى
گەپنى قويۇپ ...»
ئۇ خوتۇن كامالىددىننىڭ ئىچىدىكىنى
بىلىۋالغاندەك نازلىق كۈلۈپ، يوشۇرۇن
جىلمىيىپ، كۆز - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ كې-
تىپ قالدى. ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ -
قاراپ كېتىپ قالدى. كامالىددىن كالپۇكى-
نى شوراپ، تامشىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.
ئۇ خوتۇن ھادى بىلەن نېمىلەرنىدۇ دې-
يىشتى ۋە سەل بېرىسىغا ئۆتۈپ، كامالىد-
دىنغا ئىشارەت قىلدى. شۇنى كۈتۈپ ئول-
تۇرغان كامالىددىننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەت-
تى. ئۇ، تامغا تايىنىپ ئورنىدىن ئاران
تۇردى ۋە ھېجايغىنىچە غالداڭلاپ ئۇ خو-
تۇننىڭ ئالدىغا باردى.

— ئىم ... ئىم دەيلا ... خېنىم ...

ئۇ خوتۇن بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ كۈلدى:

— ئاستا گەپ قىلىڭ، ئۇكام ... مانداق گەپ ... ئەمدى سورۇننى ئۆيگە يۆتكەيمىز ... تاۋۇكا ئاچىمىز ... قانچىلىك پۇل ئەكەلدىڭىز؟ نوچىلىقىڭىز بارمۇ - يا؟ — خوتۇن كامالىددىننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ يېقىن كەلدى. جان سورايدىغان كۆزلەر. جادىگەرنىڭ كۆزلىرى ...

— پۇل ... پۇل ... پۇل دېگەن بولمامدىغان ... سىلىگە لازىم بولسا ... پۇل دېگەن ...

كامالىددىن ئورنىدا غالداڭلاپ ئاران تۇراتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغانىدى. ئۇنى ھېق تۇتۇۋالغانىدى. ھەر قېتىم ھېق تۇتقاندا ئۇنىڭ گەۋدىسى بىر سىلكىنىپ، سەنتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— بۈگۈنچۇ، سورۇن چوڭ بولىدۇ ... بېرىپ ھەممە پۇللىرىڭىزنى كۆتۈرۈپ كېلىڭ ... ئۇ پۇللىرىڭىز، تاڭ ئاتقاندا نەچچە ھەسسە ئاۋۇپ كېتىدۇ ... جىق — جىق تىكىدىغان گەپ ...

خوتۇننىڭ ئوتتەك تىنىقى كامالىددىننىڭ بويىنغا ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ بەدىنىنى بىر ئىسسىق جۇغۇلداش، بىر شېرىن غىدىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى بىھوش قىلدى، ئۇنىڭ يالىڭاچ ئېتىنى چىشى مۈشۈك ئىسسىق تىلى بىلەن يالىغاندەك.

— ۋاي ماقۇل ... ماقۇل خېنىم ... ئەكېلەي، ھەممىسىنى ... ئەمما ... بىر گېپىم بارتتى ... ھى — ھى—ھى... ئۇرۇمچى پەدىسىدە بىر سۆيۈپ قويغان بولسىلا...

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان، بوش گەپ قىل، ھادى ئاڭلاپ قالىدۇ، — خوتۇن قىھ - قىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھادىمۇ كۈلدى.

— بېرىپ پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەل ... — ئەمدى ئۇ بىراقلا سەللەشكە ئۆتتى، — شۇ چاغدا، ئەپلەپ تۇرۇپ بىرنى سۆيۈپ قويىمەن ... خوتۇنىڭدەك تونۇرغا زاغرا ياققان پەدىدە «پوك - پوك» قىلىپ ئەمەس، ئۈرۈمچى پەدىسىدە لېۋىڭدە بادام چاققاندەك، سېغىز كەمپۈت يېگەندەك «قاس - قاس» چىقىرىپ، «چوك - چوك» قىلىپ ...

ھاياسىز كۈلكىدىن ئىككىسى بوغۇلۇپ قېلىشتى.

— ئا ... ئا ... ئاران بىرنىما ... باشقىسىچۇ خېنىم؟ — كامالىددىننىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئۆزىنى تەستە بېسىۋالدى.

— باشقىسىما؟ ئاۋۋال پۇلۇڭنى ئەكەل، نوچىلىقىڭ بولسا ئاچاڭ تەييار ... ماڭ جۇگۇ ... ئىلدام بېرىپ كەل، — مەن كەتتىم ... قالغىنىنى قاراڭغۇ چۈشكەندە - ھە؟ ... — ئۇ خوتۇن بېلىقتەك ئويناقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. كامالىددىن ئۇنىڭ ساغرىسىغا كۆزلىرىنى تىكىپ بىر ھازاغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئۇ خوتۇن ھادى بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، گالدا - گۇلدۇڭ دەسسەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئەمدى ئۇ ھەممە پۇللىرىنى يىغىپ كېلىدۇ، ھەممىسىنى، جاندىن باشقىسىنى — پۇل دېگەننى نېمىگە تاپىدۇ ئوغۇلبالا؟ ئوينايدىغان گەپ، تۈگىسە يەنە تاپىدىغان گەپ. ئۇمۇ باشقىلاردەك ئەركەككۇ؟ نەرى كەم ئۇلاردىن؟ پۇل دېگەننى ئوغۇل بالىغا تېپىشقا ۋە خالىسا بۇزۇپ - چېچىشقا ياراتقان ... ئاشۇنداق خوتۇن ئۈچۈن جان كەتسىمۇ مەيلى ...

كامالىددىن ئىگىز - پەس دەسسەپ ئۆيىگە كەلدى ۋە قاشانىڭ ئۈستىدىن بويىنىنى سوزۇپ ھويلا ئىچىگە

كۆز يۈگۈرتتى. بالىلىرى ھويلىدا، تۇغۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان موزايىنى قوغلاپ، ئوينىشىپ يۈرۈپتۇ. ئانىسى ھويلىدىكى تونۇر ئوچاقتا قازانبېشى بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتۇ. دادىسى بىلەن ئاكىلىرى كۆرۈنمەيدۇ. خوتۇنى بىلەن يەڭگىلىرى كەچكىرىپ قالغىنىغا قارىماي تېخىچە بورا توقۇۋېتىپتۇ.

كامالىددىن قاشانىڭ شاخشا ئىشىكىنى قايرىپ قورۇغا كىرىپ كەلدى، شۇ ھامان بالىلىرى چۇرقۇرۇشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— دادا، بىزگە بازارلىق ...

— بىزگە نېمە ئەكەلدىڭ دادا ...

كامالىددىن كۆكىرىدى،

— ئۆتىشە نېرى، پوق ئەكەلدىم، پوق ...

ئازار يېگەن بالىلار دادىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ قورقۇشۇپ ئارقىسىغا داجىشتى. خوتۇنلار ئۇنىڭغا چۆچۈشۈپ ۋەھىم ئىچىدە تىكىلىپ قېلىشتى. يېقىندىن بۇيان كامالىددىن ئۆيىگە پات - پات مۇشۇنداق ھالدا كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— دا ... دام، دادام قېنى؟

— ئاكىلىرىڭ بىلەن نامازغا چىقىپ كەتتى، نەدە يۈردۈڭ ئۆزۈڭ؟

— كارىڭ نېمە، نەدە يۈرسەم؟

— ۋۇي، ئانامجۇمۇ ماۋۇ، ئانامغا مۇشۇنداق يۈزى سۆرۈنلۈك قىلامسىز؟

خوتۇنى قورقۇش ۋە ئەيىبلەش نەزەردە ئۇنىڭغا چەكچەيدى. بۇ، 24 — 25 ياشلاردىكى، قاراقۇمچاققىنا چوكان ئىدى. ئىككى تال ئۆرۈلگەن بىلەكتەك چاچ ئۆرۈمى بويلۇق چوكانىنىڭ تاپىنىدا سۆرۈلۈپ يۈرەتتى. كامالىددىننىڭ خوتۇنى مەھەللىدىلا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتا قىز - چوكانلارنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق چوكان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ سۇمبۇل چاچلىرى داڭلىق ئىدى.

كامالىددىن خوتۇنىغا يەۋېتىدىغاندەك قىلىپ كۆلىيىپ قويۇپ سەندىرەكلىگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

موماي كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە سۇپىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئانا، بۇنداق سوغ نەپەسلىكنى تۈنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى، ئانىسىغا قىلغىنى ھار كەلسىمۇ ئۇ قوپاللىقى بىر نۆرە، ئانىنىڭ، يەڭگىلىرى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنىڭ كۆزىچە غىق مەست پېتى ھېيىقماي غالداڭلاپ يۈرۈش — تېخى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق تېخى ئىشىتمىگەن بىر ھاياسىزلىق، مۇسۇلمانچىلىقتىن، ئادىمىلىكتىن چىققان بىر ئارسىزلىق ئىدى. ئانىغا بۇ بەك ئېغىر كەلدى. كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر كەلدى. ئەمدى كامالىددىننىڭ قولىدىن مۇشۇ كەپتىمۇ؟ كامال ئىككى تال پۇل تېپىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپتىمۇ؟ ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالىنىلا ئەمەس، تېخى خۇدانىمۇ تونىماس بوپتىمۇ؟ ئاھ خۇدا، ياراتقان ئىگىسى، ئانا بولۇپ كۆرىدىغىنى مۇشۇ كۈن بولسا، خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىدى. خەقتىن ئاڭلىسا ھەزەر ئەيلەپ ياقىسىنى چىشلىگۇدەك ئىشنى مانا ئۆز ئوغلىدىن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتىدىغۇ؟ ئەمچىكىنى يۇيۇپ ئىمىتىۋېدىغۇ! ئېشەكنى ئەمەس، ئانىسىنى ئىمىپ چوڭ بولۇۋىدىغۇ؟ بۇ نەلەردە يۈرۈپ شۇنچە كۆڭلى قارا بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئاھ، پەرۋەردىگار.

ئانا ئوغلى كىرىپ كەتكەن ئۆي تەرەپكە كۆزىنى چەكچەيتىپ قاراپ قالدى، قورقۇنچ، ھەيرانلىق، ئازاب مومايىنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىستى. «ئانا ...» دەپ بوزلاپ تۇرۇدىغان، ئالدىدىن تۇغرا

ئۆتمەيدىغان، تىك بېقىپ باقمىغان كۆيۈم-
چان، ئەدەبلىك ۋە ئىنسابلىق ئوغلى كا-
مال شۇمۇ؟ دادىسى كۆرسە ئۇنىڭ شۇ
ئەپتىنى، شۇ بىچارە دادىسى كۆرسە نېمە
بولۇپ كېتەر شۇ تاپتا ... ۋاي خۇدا ...
نېمە كۆرگۈلۈك بۇ! پۇل دېگەن شۇنداق
ئىبلىس بولسا كۆيۈپ كەتسۇن ... ئۇنداق
پۇللار! پۇل تاپتۇق دەپ بالىسىدىن ئاي-
رىلىپتۇ ... كۆڭلى ئۆيۈپ، چۇشى بۇزۇلۇپ
ئۆمىسلا بولىدىغان بولۇپ قالدى شۇ كۈن-
لەردە ... بىر ئىش بولىدىغاندەك.
بىر قازا ماراپ تۇرغاندەك. مانا،
قازا كەلسە ئاشۇ پۇلدىن كەلگىدەك، بې-
قىپ كۆرسە ... «ئادەمدىن هايا كەتسە،
ئورنىغا بالا كېلەر» دېگىنى شۇمۇ ئەمدى!
ۋاي خۇدا ... نەسلى - ۋەسلىمىز مۇشۇن-
داق قۇرۇرمۇ ئاخىر ...
ئانا ئازاپتىن ئېگىردى، يۈرىكى سانجىل-
غاندەك. كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ، كۆڭ-
لىكىنىڭ ئالدىنى هۆل قىلدى. ئاشۇ كا-
مال يېپىشىپ - چاپلىشىپ ئىمىپ چوڭ
بولغان پاكىز كۆكسىنى ... ئانىنىڭ ها-
لىغا قاراپ، كېلىنلەر كۆزلىرىگە ياش ئې-
لىشتى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ
مومايىنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. كامالىددىن-
نىڭ خوتۇنى سۇپىغا تەكمي تاشلاپ، مو-
مايىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. بىر پىيالىدا
قىزدىق چاي ئەكەلدى. يەنە بىرى مومايىنىڭ مەي-
دىسىنى ئاۋايلاپ سىپاشقا باشلىدى، ئاچ-
چىق ئورناپ قالمىسۇن دەپ.
— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسلا ئانا ... بىرسى
بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ ... ئې-
تىكەن ساقچىلار تەرگا قىلىپتىكەنىمىش، زې-
زىقنىڭ بورىسىغا كەتكەن ئوت
توغرىسىدا، ئاشۇ ئىش بىلەن پاراكەندە
بولغاندۇ.
— هېلىلا پۇشايمان قىلىدۇ ئانا ...

ئوغۇللىرىنى بىلىلا ... ئۇ، ئۇنداق قىلىدى-
غان ئادەم ئەمەس ئىدى. بۈگۈن ...
ئۇلار كامالىددىندىن قورققاندەك موماي
ئاڭلىغۇدەكلا قىلىپ گۇڭگۇرلىشاتتى. ياق ...
كامالىددىندىن ئەمەس، ئاستاغىنە ۋە شەپ-
سىز يېقىنلاۋاتقان بىر بالا - قازادىن قورق-
قاندەك. گەپ ئارىسىدا، كامالىددىننىڭ
خوتۇنىنىڭ ئېزىلىپ، ئۆكسۈپ يىغلىغىنى
ئاران ئاڭلىناتتى ...
كامالىددىن ئۇلارنىڭ هالىغا پەرۋامۇ
قىلماي ئۆيدىن چىقىپ تالاغا ماڭدى. ئۇنىڭ
قوينى پومپايغانىدى. ئاياللار كۆڭۈل ئاغرىقى
بىلەن بولۇپ كېتىپ، كامالىددىننىڭ
ئويگە نېمىگە كىرگىنىنى، نېمە ئۈچۈن بۇنچە
تېزلا يېنىپ چىققىنىنى، هەم ئۇنىڭ قوينى-
دىكى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويۇش-
مىدى. خوتۇنلار - دە! خوتۇنلار ئازار يې-
گەندە، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىرلەگۈچىلا
يادىدىن چىقىرىشىپ، ئۆزىنىڭ يۈرەك يار-
سىنىڭ ئاغرىقى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. تې-
نىنى يارا قىلغان هايۋان بىلەن كارى بول-
ماي، بىر چەتكە چىقىپ ئۆز يارىسىنى يا-
لاپ ياتقان چىشى هايۋاندەك. كامالىددىن
يەنە ئوڭ -تەتۈر دەسسەپ ئاشپۇزۇل تە-
رەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزىگە نە
يول، نە دەل - دەرەخ، نە يولدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان ۋە ئۆزىنى كۆرۈپ داجىپ قې-
چىۋاتقان ئادەملەر كۆرۈنمەيدۇ.

## 15

هادىنىڭ ئاشپۇزۇل ئارقىسىدىكى ياتاق
ئۆيى. ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن پۇت قويغى-
دەك يەر يوق. ئادەملەر سۇپىدا، پەگادا
**ئولتۇرۇشۇپ** كەتكەن، تىقما - تىقماق! ئۆي-
نىڭ تۆت تېمى كېرىلىۋاتىدۇ، هېلىلا يې-
رىلىپ كېتىدىغاندەك.
ئۆيگە تولغان ئىسنىڭ دەستىدىن كۆز
ئاچقىلى بولمايدۇ. تاماكا ئىسى ئاچچىق،

قاچىسىق، ئۆتكۈر. ئېلېكتىر چىرىغىنىمۇ ئىس قاپلىۋالغان. ئەسلىدىلا قىزىرىپ ئاران ياندىغان چىراغ ئەمدى كۆز يۇمۇشلاپ قالغان، جىنچىراغدەك. يېغى قالمىغان چىراغتەك ... هاراق، تەر، بەڭ، تاماكا پۇراقلىرى ۋە بۇزۇق يەل بىلەن ئىقىسىپ - كۆكەرگەن ئىسسىق هاۋا كۆڭۈل ئاينىتىدۇ. گۇندىخانا هاۋاسىدەك ...

ئولتۇرغانلارنىڭ بىر قىسمى مەھەللىلىكلەر، بىر قىسمى بېلىقچىلار، يەنە بىر قىسمى شەھەرلىكلەرمىش.

... ئۇشۇقلار شاراقشىيدۇ، ئۇشۇق ئاتقۇچىنىڭ گاھ مەيدىسىگە، گاھ تىزىغا كۈچ بىلەن شاپىلاقلىغىنى ئاڭلىنىدۇ.

— يا، پىر!

— يا، دەتتىكام!

— كەتتى!

بۇ ئاۋازلار تىترەيدۇ، تېڭىرقاۋاتقاندەك، قورققاندەك، قاتتىق ئاغرىق ئازابى چىقىۋاتقاندەك. ئاچكۆزلۈك، ئۈمىد، نالە، نائۈمىد، قورقۇنچ، غالجىرلىق، يۈزسىزلىك، شۇم نىيەت ... چىپىلداپ تۇرىدۇ، ئاشۇ كۆلرەڭ، تۇزۇندا، قۇرغاق، شاراقشىپ تۇرغان ئاۋازلاردىن ... كۆزلەر، لەچچە ئون جۇپ چىڭقالغان، چەكچەيگەن، غىلايغان، قان تىقىلغان ئاچ ۋە شەپقەتسىز كۆزلەر قولدىن ئايرىلىپ، قارا كىگىز تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۇشۇقلارغا جان - جەھلى بىلەن قادالغان. تىنىقلار ئۈزۈلگەن. يۈرەكلەر توختىغان. هېچكىم قىمىر قىلالمايدۇ.

ئۇشۇقلار هاۋانى يېرىپ ۋىشىلداپ ئۇچۇدۇ، ئوق يىلاندەك، يىراقتىن يۈرەككە مولجاللاپ ئېتىلغان خەنجەردەك. بۇ دەھشەتلىك ۋىشىلداشلار ھەممە كىشىنىڭ جان ئۈگىسىنى لەرزىگە سالىدۇ. يۈرەك ۋە تومۇرلاردىكى قانلار مۇزلاپ ئېقىشتىن توختىغاچ بۇ قورقۇنچلۇق ۋىشىلداش بىلەن جان قەپىزى ئىچىدە سادىر بولۇۋاتقان ساراسىمە بولۇپمۇ ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇشۇقلار قارا كىگىزگە يېقىنلىشىدۇ. ئالاقزادىلىك قارا قاناتلىرىنى يايىدۇ. ئۇشۇق ئاتقۇچىنىڭ جىنى تۇمشۇقىدا لىپىلدايدۇ. ئۇنىڭ جىمى ئەسەبلىرى تەڭمۇتەڭ ئۇچلىنىپ، پۈتۈن پەي - سىڭىرلىرى تارمۇشتەك قاتىدۇ. ئەزايىدىكى ھەر بىر تال تۈك تىكلىشىپ تىترەيدۇ...

«شاراق»

— ئاھ...

كامالىددىن ئىچىگە تارتىپ چىرقىرىۋەتتى. كىمدۇر بىرى ئوتتا قىزارغىچە قىزىتىلغان خەنجەرنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سېپىغىچە پاتۇرۇپ تىقىۋەتكەندەك. ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ — تاتىرىپ كەتتى. ئۆلۈكنىڭكىدەك كۆزى ئالىيىپ، قارىقى تارتىلىپ كەتتى، جان بېرىۋاتقاندەك. باشقىلار: «ئۇھ» دېيىشتى. هادى خۇشلۇقىدىن: «يا، پىر!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن ئۇچچۇپ قوپتى ۋە كامالىددىننىڭ ئالدىدىكى پۇل دۆۋىسىنى ئالمان - تالمان سۈپۈرۈپ، تېقىمىغا باستى. هادىنىڭ ئۈزۈن، ئەتسىز قوللىرى تىترەيتتى. ئۇنىڭ يۈزى قىزارغانىدى، قان ئىچىۋالغاندەك. كۈلۈۋاتاتتى، راھەت بىلەن، هۇزۇر بىلەن، ئۇتۇش شادلىقى بىلەن، ئىچى قارىلارچە...

كامالىددىننىڭ جانسىز كۆزلىرى هادىنىڭ پۇل يىغىۋاتقان قوللىرىغا چەكچىيىپ قالدى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان قاتىلغا نائىلاج قاراپ ياتقان چارىسىزنىڭ كۆزلىرىدەك. دەرۋەقە، ئۇلار قول ئەمەس ئىدى. ئاشۇ تۈكلۈك، بارماقلىرى تاماكىدىن سارغايغان، ئەتسىز قوللار راستىنلا قول ئەمەس، ئۇ بارماقلارنىڭ ھەر بىرى بىر دىۋە، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئالۋاستى، بىردىن

خەنجەر، بىر پارچىدىن يالقۇن، ئۆزىدىن دەھشەت ياغدۇرۇپ ھۆركىرەپ كېلىۋاتقان، پۇل تەرەپكە، ياق، پۇل تەرەپكە ئەمەس جان تەرەپكە، كامالىددىننىڭ جېنى تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بەتبەشرە، ياۋۇز، گۆشخور ھايۋان. بىر كۆزلۈك قىينات①، ئېچىرقاپ كەتكەن يىلپىز، ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان ئەجدىھا...

—قوپە ئەمدى، سورۇننى بوشات!

كىمدۇر ھۆركىرىدى، كامالىددىن خارامۇشلۇق ئىچىدە كىمدۇر بىرىنىڭ بېقىنىغا قوپاللىق بىلەن مۇشتۇمىنى نىقتاۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى ۋە بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈردى. بۇ، مەھەللىدىكى روزى داڭقان ئىدى.

— نې... نېمە دەيسەن؟— كامالىددىن بوغۇلۇپ خىرقىرىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئەلەسلىشىپ، چىرايى قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى.

— قوپ، سورۇننى بىكار قىل دەمدى.

— ئوي... ئوينايمەن ... پۇللىرىمنى ياندۇرۇۋالىمەن...

— قېنى، پۇلۇڭنى چىقار! پۇلۇڭ بارمۇ تىكىدىغانغا؟

— پۇلۇم تۈگىدى. 13 مىڭ كوي تۈگىدى.

— 13 مىڭ كوي؟ مەندىن بايا ئالغان ئۈچ مىڭ كويىنى ئاغزىڭغا ئالمايسەنغۇ؟ تېنىۋالاي دەمسەن ئېشەك؟

ھادى ئولتۇرغان يېرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كامالىددىنغا ئېتىلدى.

— ھادىكا ... يەنە ئىككى مىڭنى بەرگىن، ھېلىلا ياندۇرىمەن ... ئەگەر ... خۇدايىم بۇيرۇسا ... خۇش بوپ كېتەي...— كامالىددىن يىغلامسىرىدى.

ھادى دىمىقىنى قاقتى:

— كىمنىڭگە ئەركىلەيسەن؟ خوتۇنۇڭغا بېرىپ يىغلا ... پۇلۇڭ بولمىسا نېمەڭنى تىكىسەن ماز؟

كامالىددىن غىققىدە بولدى. كانىيى سىقىلىپ، يۈز - كۆزى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقالدى. جالاقلاپ تىترەيتتى، باش - كۆزىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ ھادىغا چەكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ئاناڭنى ...! ئىتنىڭ بالىسى، ھەممىڭ بىر بولۇۋېلىپ ... مېنى... خوتۇنۇڭنى چىقىرىپ قويۇپ ...— كامالىددىن ئوخچۇپ قوپتى - دە، ئېتىلىپ بېرىپ ھادىنىڭ كانىيىدىن بوغقىنىچە ئۇنى ئارقىسىغا باستى ۋە ھادىنىڭ مەيدىسىگە بىر نەچچىنى دېسىلىۋەتتى. ھادى خىرقىراپ قالدى. كامالىددىننىڭ بارماقلىرى ھادىنىڭ گېلىغا پېتىپ، كىرىشىپ قالغانىدى.

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېمىدىمۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ... قېنى مېنىڭ پۇللىرىم؟ پۇلغا تۇرامسەن، يا، جانغىمۇ...

كامالىددىن دەھشەتلەنگەنىدى، ھايۋاندەك، غالجىر ھايۋاندەك. ئۆينىڭ ئىچى ئۆرە - تۆپە بولدى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىدى. كامالىددىننى ھەممىسى بىلىشەتتى. ياۋاشتەك كۆرۈنگەن بىلەن قاۋاندەك كۈچى بارلىقىنى، بولۇپمۇ غەزەپلەنسە بىر بېشى بار ئون ئادەمگە تېتىيتتى، بېلىقچىلارنىمۇ قورقاتقانىدى، نەچچە قېتىم، كۆل بويىدا.

ھادەك خىرقىراپ تىپچەكلەپ قالدى. ئۇنىڭ ھەر بىر خىرقىرىشى كامالىددىننى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ دەھشىتىنى ئاشۇراتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. ئەتە نېمە بولسا مەيلى ... پۇل ... پۇل ... پۇل... جىمى پۇلنى ئۇتۇۋېلىپ قەرزىمۇ بەرمەيدا ئەمدى! ئازراقلا پۇل بولسا

① ئوغۇزخان قىسسىدىكى قورقۇنچلۇق گۆشخور ھايۋان.

ئۆتتۈۋالاتتى، جىمى پۇللىرىنى ياندۇرۇ-
ۋالاتتى، ئۇ پۇللىرىنى ياندۇرۇۋالالمىسا،
ئۆزى ئۆلۈۋالىدۇ ... بۇلداق جاننى ساق-
لىغىچە ... پۇلسىز...

— توختا، كامالىددىن بەگ، بىر ئېغىز
گېپىمنى ئاڭلىسا...

— كۆتەر قۇرۇق پاخپاق گېپىڭنى! ئۆل-
تۈرۈۋېتىمەن بۇ قىزىلكۆز، ئالدامچى تازنى...

— ياق، ئالدىرىما، مەنمۇ شۇ پۇلنىڭ
گېپىنى قىلىۋاتىمەن، ساڭا پۇلنى مەن بې-
رەي، راست گەپ...

كامالىددىن يېنىغا ئۆرۈلدى. يېنىدا
ئورۇمچىدىن كەلگەن ھېلىقى خوزنەك ئو-
قەتچى ھىجىيىپ تۇراتتى. قولىدا ھارۋ-
كەش تاماكىسى.

— نېمە دېدىڭ؟

— پۇلنى مەن بېرەي، ئاۋۋال ھادىنىڭ
گېلىنى قويۇپ بەر. مەن ساڭا پۇلۇڭنى
تېپىۋالغۇدەك پۇل بېرىمەن.

كامالىددىن غەزەپتىن ھېچنەرسىنى كۆر-
مەس بولۇپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ
كۆزىگە قادالدى. «راستمۇ؟» دېگەندەك.

— ئالدايسەن.

— ياق، ئوكام، راست گەپ، چۈشە
پەسكە، گېپىمنى ئاڭلىسا

كامالىددىن بەقەمدەك قىزارغان كۆزلى-
رى بىلەن ئۇنىڭغا قادالغىنىچە، ھادىنىڭ
كانىيىدا كىرىشىپ قالغان بارماقلىرىنى
تەسلىكتە ئاجرىتىپ پەسكە چۈشتى. ھادى
ھوشسىز ياتاتتى، ئۆلۈك مۈشۈكتەك. كىم-
دۇر بىرى ھادىنىڭ يۈزىگە مۇزدەك سۇ
چاچتى. بىر ھازادىن كېيىن ھادى چوڭقۇر
تىنىپ كۆزىنى ئاران ئاچتى ۋە ئىنجىقلى-
غىلى تۇردى. ئۇنىڭ ياغاق چىرايى ئىس
تەگكەندەك قارىيىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ
كەتكەنىدى. ئورۇمچىلىك ئوقەتچى قولىدى-
كى يېڭى ئورالغان تاماكىنى كامالىددىنغا
ئۇزاتتى ۋە سەرەڭگە يېقىپ بەردى. كاما-
لىددىن تاماكىنى جان - جەھلى بىلەن
ئىچىگە تارتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بېشى قې-
يىپ، ئۆزى ئولتۇرغان يەر بىلەن قوشۇ-
لۇپ چۆركىلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى ۋە دەررۇ
تامغا يۆلىنىۋالدى.

— چېكە! تازا دەم تارتىپ بىر نەچچى-
نى چېكىۋەتسەڭ سەل يېنىكلەپ قالىسەن، —
ئورۇمچىدىن كەلگەن ئوقەتچى ھىجايدى، —
ئۆيۈڭدە ساتقۇدەك نېمە قالدى؟

كامالىددىنغا تاماكا خۇش يېقىپ قالدى.
تاماكىنىڭ تەمى قانداقتۇ ياغلىشاڭغۇ،
گازىر مېغىزىدەك خۇش پۇراق ۋە يەڭگىل
ئىدى. ئۇ، قولىدىكى تاماكىنى ئۇزمەي
ئىچىگە تارتىۋەردى. بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دى يەڭگىللەپ، ئۆزىنى لەيلەۋاتقاندەك ھېس
قىلدى. كۆڭلىدىكى مالمانچىلىق بىردىنلا
بېسىقىپ، نەلەردىندۇ كۈلكىگە ئوخشايدى-
دىغان بىر نەرسە ئۇلىشىپ، ئۇنىڭ ھار-
غان ۋە ئازابتىن قاقشاپ ھالسىرىغان يۈ-
رىكىنى، مېڭىسىنى پەپىلىگىلى تۇردى. ئەم-
دى ئۇنى بىردەم - بىردەم كۈلكە قىستايت-
تى. نېمىشقىدۇر بېشى سىلىنىپ كېتىۋا-
تاتتى. قاپاقلىرى يۇمۇلۇپ، ساڭگىلاپ كې-
تىۋاتاتتى. ئۇ، بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ
قاپىقىنى يىرىپ ئېچىپ، ئۆزىگە گەپ قى-
لىۋاتقان كىشىگە قارىدى. ئۇ ئادەم كۈلۈ-
ۋاتاتتى. كامالىددىنمۇ كۈلدى:

— ھەممىنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم، ئۇچ كالى-
نى، موتونى، ئېشەك بىلەن ھارۋىسىنى ...
يەنە ئىككى يىلدىن بۇيان تاپقان پۇلنىڭ
ھەممە - ھەممىسىنى...

كامالىددىننىڭ يەنە بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— ھېچنېمە قالمىدىمۇ؟

كامالىددىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب
بەردى:

— ھېچ ... ھېچنىمە... — ئۇنىڭ

ئاۋازى غەلىتە چىقىپ كەتتى. ئۇ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ كۈلۈۋاتاتتى.

— ئاڭلىسام ... خوتۇنۇڭنىڭ چېچى بەك ئۇزۇنمىش - ھە؟

كامالىددىن بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئوقەتچىگە ھۆرپەيدى:

— ئاناڭنى ... نېمە دەيسەن؟

— ياق، خاتا چۈشىنىپ قالما ... مەن ... — ئۈرۈمچىلىك ئوقەتچى قورقىنىدىن كەينىچە سىلجىپ بولۇڭغا تىقىلدى، — مەن ... ساڭا پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىپ بېرەي دەيمەن...

— پۇل؟ ھە... پۇل...پۇل...

كامالىددىننىڭ بايىقى ئەلپازى نەلەرگىدۇ يوقىلىپ، ئاۋازى يۇمشاپ كەتتى. ئۇنىڭ تامىقى قۇرۇپ، كالپۇكى چاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆي تېخىمۇ تېز پىرقىراشقا باشلىغانىدى. ئادەملەرنىڭ بېشى پەستە، ئايىغى تورۇستا كۆرۈنۈۋاتاتتى. پۇت - قولى بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى لاتىدەك بوشاپ، لاكاسلاپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇنى بايىقى كۈلكە ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. بايىقى غەزەپ ئەمدى كۈلكىگە ئۆزگەرگەنىدى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ، يۇملاق، يېپىشقاق، سوزۇلۇشچان، شىلىمشىق كۈلكە ئىدى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ بوغۇزىغا قاراپ نەلەردىندۇ يىلان سويلىغاندەك سويلاپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كۈلكە كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى، ئىچ-باغرىنى غىدىقلاپ تاتلايتتى، ھېچنەنى ئالا قويماي غىدىقلايتتى. بۇ كۈلكە بىردىنلا تۆت چاسا، يەڭگىل، رەڭدار، نېپىز، لەيلەپ ئۇچۇدىغان، تاراقلايدىغان، ئۇستىدە ھەر خىل رەسىملەر — راۋاقنىڭ، ئادەمنىڭ رەسىملىرى بار بىر نەرسىگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ مېڭىسىدە، كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرۈشكە باشلىدى. بۇ كۈلكە بەك نۇرغۇن، بەك جىق ... ئۇنىڭ پۇللىرىدەك جىق كۈلكە ئىدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كامالىددىننىڭ، بىر يالغۇز ئۇنىڭ؛ ئۇنى ھېچكىم ئۇتۇپ كېتەلمەپتۇ. ئۆزىگە قاپتۇ. شۇنچە نۇرغۇن - ھە؟ ... كامالىددىن ھىجايدى، كۈلدى، قاقاقلاپ، تىترەپ كۈلدى. يۇملاپ كۈلدى، تېلىقىپ كۈلدى، يىغلاپ كۈلدى. ئۆي ئىچىدىكىلەرمۇ كۈلۈشكە، بىر - بىرىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— بىڭىسىڭ بار ئىكەن جۇمۇ ئاداش، كىمنىڭ ئەقلى بۇ!

— ئاشۇ ئاداش تاپتى. ئۈرۈمچىدە نوچىنى ئاشۇنداق جايلايدىكەن.

— پىلىنىمۇ ئوسارتىۋېتىدۇ ھاراقنىڭ تۆپىسىگە چەكتۈرۈۋەتسەڭ ... قارا، ما نوچىغا ... ھا - ھا - ھا.

ئۇلار ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشمەكتە، كامالىددىنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلمەكتە، يىغا ئارىلاش.

كامال كۈلۈۋېتىپ ئويلايدۇ. كىم نوچى؟ قايسى نوچىنى؟ پىلنى؟ نەدىكى پىلنى؟ كىمنى جايلايدۇ؟ ئۆزى ھازىر ئۈرۈمچىدىمۇ؟...

— ھەي كامال، ئەمدى ئاڭلا، توختا ئەمدى، كۈلمە!

كامالىددىن كۈلىدۇ، كۈلۈۋېرىدۇ. نېمىشقا توختايدىكەن؟ نېمىشقا كۈلمەيدىكەن؟ كۈلكىنى ئۇتتۇرۇۋەتمىسە؟ كۈلكە ئۇنىڭ تۇرسا، ۋاي ...جان...كۈلكىدىن ئۆلۈدىغۇ ئەمدى.

— قوپ ئەمدى، ئۆيۈڭگە بېرىپ خوتۇنۇڭنىڭ چېچىنى تۇۋىدىن كېسىپ كەلگىن . ئىككىلىسىنى. بىر تېلىغا 500 كوي بېرىمەن. مەن سېتىۋالىمەن ... قوپە، راست گەپ ...

نېمە دەيدۇ بۇ خوزنەك، چاچ ئالىمەن دەيدىغۇ؟ خوتۇنۇمنىڭ چېچىنى؟ 500 كوي؟

بەش يۈز! ئىككى تال چاچ مىڭ كوي! مىڭ كويغا ئالغۇدەك. خوتۇنىنىڭ چېچىنى؟ مىڭ كويغا ئالسا ... كىمنىڭ چېچى بولسا بولمامدۇ، مىڭ كويغا ئالسا ... مىڭ كوينى بىرلا تىكسە ئىككى مىڭ، تىكىۋەرسە 10 مىڭ، 20 مىڭ ... ھەممىسىنى ياندۇرۇۋالىدۇ. موتونى، كالىنى، ئېشەك ھارۋىسىنى ... ئىككى تال چاچ بىلەن، ناھايىتى ئىككى تال چاچ ... خوتۇنىنىڭ بولسىمۇ...

كامالىددىن بېشىنى تىزىنىڭ ئارىلىقىدىن تەسلىكتە كۆتۈردى. بېشى بەك ئېغىر، مىڭ جىڭ، لېكىن بوش، قاپاقتەك. ئۇ، ياش بىلەن خىرەلەنگەن كۆزلىرىنى زورىغا ئاچتى. قاپاقلىرىمۇ بەك ئېغىر، كېسەك ئېسىپ قويغاندەك. ئۇنىڭ كۆزلىرى — ئەس-ھوشتىن ئەسەر يوق كۆزلىرى ئالاڭلىدى. لېكىن ئۇ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. بىر قارا تۇمان، قويۇق تۈتەك ئۇنى قورشىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاخىر بېسىقتى.

— راستمۇ؟ چاچ ئالامسەن؟ مىڭ كويغا، ئىككى تالنى...— ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە ئىككى تال قۇرۇق تاختاينىڭ ئارىلىقىدىن قىستىلىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ تامىقى ئاغرىپ كەتتى، كالپۇكىنى يالىدى. تامىقى، كالپۇكى، تىلى چەم ئىدى. قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن، سەزگۈسىز چەم...

— راست گەپ، كېسىپ كەل، ھازىرلا ئىككى تالغا مىڭ كوي سانايمەن.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوقەتچى سورۇندىكىلەرگە قاراپ كۆزىنى قىستى، ئۇياتسىزلارچە.

كامالىددىن ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم چەكچىيىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئورنىدىن دەلدۈگۈنۈپ قوپتى ۋە ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرگە ئۇرۇلغىنىچە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، غۇدۇڭشىغىنىچە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ئۇ، كىملەرنىدۇر تىللايتتى، غۇدۇڭشۇپ كۈلەتتى، مىڭ كوي! پۇلۇمنى ياندۇرۇۋالىمەن... مىڭ كوي... ئۇ، ئىشىكتىن چىقىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ كەتتى. شۇ ھامان ئۆي ئىچىدە تورۇسنى تىترەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئىنچىقلاپ ياتقان ھادى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، بېرىپ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلىپ قويدى ۋە سورۇنغا كەلدى.

— قۇتۇلدۇق ناكەستىن، گاڭسا-جىسا قىلىۋېتىپ. كېلىشە ئاغىنىلەر، ئەمدى ئوڭچە ئوينايمىز.

ئادەملەر تاۋكا قۇرۇپ قىمارنى قايتىدىن باشلىۋەتتى.

— ھادى، ئەمدى شېرىك ئەمەس، ئوڭچە جۇمۇ! كىمدە كىم شېرىك بولۇۋالسا ئانىسىنى قويىمەن، — كىمدۇر ۋارقىرىدى.

— ھوي قاپاق، بېلىقچىلارنىڭ چۆنتىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بېلىقچىلارنى قۇرۇتقىچە يەنە شېرىك بولايلى... ئاندىن كېيىن ئوڭچە... جۇمۇ، جېنىم ئوكام، — ھادى روزى داڭقانىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى.

16

ھادى بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوقەتچى جەزخور ئىدى. ئۇتتۇرۇۋەتكەن مەھەللىلىكلەر ئۇلاردىن پۇل ئېلىپ تىكىپ ئويناۋەردى، يەنە ئۇتتۇرۇشتى. يەنە ئېلىپ تىكىشتى. ھادىغا قەرز بولۇۋەردى.

شەھەرلىكلەر قۇۋراق ئىدى. تاۋكا ئىككى-ئۈچ چۆرگىلىگەندىن كېيىن ئۇتقىنىمۇ، ئۇتمىغىنىمۇ جىم بولۇۋېلىشتى. ئۇلار پۇللارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىراقلا ھادىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ قېلىشقانىدى. لېكىن بېلىقچىلار ساددىراق ئىدى. ئۇلار ھادىنىڭ

شېرىك قورشاۋ قىلىۋاتقىنىنى چۈشەنمەي، قىزىشىپ، تاپقان - تەرگىنىنى تىكىشىۋەردى. ئاخىرىدا تەگىدىن تولىسى تېگىدىن چىقتى. مەھەللىكىلەرمۇ پاتاگىغىچە قەرزگە بوغۇلغاندىن كېيىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. بايا ئۇلار كامالىددىننى باپلاشتا ھادىغا ئەسقاتقان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ھادى قىلچىلىك يۈز - خاتىرە قىلماي ئۇلارنى پاك - پاكىز سىپىرىۋەتتى. ئەمدى پەقەت نىكولاي دەيدىغان ئورۇس بېلىقچى، شەھەردە كاۋاب دۇكىنى ئاچىدىغان رامزان جىنتاق، مەھەللىدە يېڭىدىن باي بولۇپ دۇكان ئاچقان يانۇش موتاي، ھادى ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوقەتچىلا تىكىشىۋاتاتتى. ئاخىرى ھادى بۇلارنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدى، كاۋابچىدىن باشقىلىرى ھادى بىلەن بىر بولۇۋېلىپ نىكولاي دېگەن بېلىقچىنى قىسماققا ئېلىشقا كىرىشتى. ھاراقكەشلىكتە داڭ چىقارغان دوك ئورۇس بۇنى بايقىماي رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قولىنى تىقىپ، قولىغا چىققان پۇلنى تىكىۋاتاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئۇتقاندەك قىلدى. خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ قورۇلغىنىدىن كېسىم - كېسىم بولۇپ كەتكەن قىزغۇچ پاتىنگى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ، تېگى كۆك بولسىمۇ ئۆڭۈپ ئاقىرىپ كەتكەن فۇراژكىسىنى گەدىنىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، ئالتۇنرەڭ كىدى چاچلىرىنى پاخپايتىپ قويۇپ تاۋكاغا بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇ، پوپايكىسىنى سېلىۋەتكەنىدى. ئۇ يەر - بۇ يېرى ئوق تېشىۋەتكەندەك تېشىلىپ، ئاپئاق ئېتى كۆرۈنۈپ قالغان ماتروس مايكىسى تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

باشقىلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ بۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشمەكتە ئىدى. ھادىنىڭ خوتۇنى كۆرۈنمەيتتى. چەينەكلەر ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىپ، چېچىلىپ ياتقان سەي تەخسىلىرى قۇرۇپ قالغانىدى. بىر - ئىككىلەن چوتار ئالغان پۇلىغا ھادىدىن ھاراق ئېلىپ ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ رەڭگىرويى ئۆچكەنىدى. دەردىنى ھاراقتىن ئېلىۋاتاتتى.

ئىشىك - تۈڭلۈكلەر مەھكەم تاقالغاچقا، ئۆي ئىچىدىكى چېركىن ھاۋا سىرتقا چىقىپ كېتەلمەي، ئۆينىڭ ئىچى سېسىقچىلىققا تولۇپ كەتكەنىدى. كەمدۇر بىرى تام تۈۋىدە دېزىل ماتورىدەك غارقىرىتىپ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئولتۇرۇشقانلار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلاشمايتتى، ھېچ تونۇشمايدىغاندەك. ئۇلارنى ئاچلىق، ھارغىنلىق، ئاچكۆزلۈك، ھاراقتىن كېيىنكى كەيپسىزلىك، ئۇيقۇسىزلىق، ھېچ سەۋەبسىزلا يۈرىكىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەن پۇللىرىنىڭ دەردى، ھەسرىتى ھالسىرىتىپ، ئەقلىنى يەنچىپ تاشلىغانىدى. ئۇلارنى شۇ تاپتا بىرلا خىيال — باشقىلارنىڭ ئۇتتۇرۇشىنى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش پاك - پاكىز ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئۆلۈك چىراي ھالەتتە تاۋكادىن يىغلامسىراپ قوپۇشىنى كۆرۈش ئىستىكىلا ئاۋۇندۇراتتى، شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىگە ھاي بېرىپ تەسەللىي تاپالايتتى. شۇڭا، ئۇلار سورۇندىن چىقىپ كەتمەي تاۋكانى چۆرىدەپ، تىللىرىنى يالىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، گوداڭ ئىتلىرىدەك.

ئەمدى نىكولاينى پالاكەت باسقىلى تۇردى. ئۇ، شۇ تاپتا قونچىنى تاتىلاشتۇرۇپ ئاخىرقى پۇللىرىنى سۇغۇرۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ لاتىدەك سولىشىپ كەتكەن پېشانىسىدە پۇرچاقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. تۈكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان يىرىك بارماقلىرى ئىختىيارسىز

تىترىمەكتە ئىدى. ئىككى چاۋغىيىدا لازا غوزىكىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان سارغۇچ بۇرۇتى تىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، نوشۇقنى قولىدا ئىككىلىنىپراق شاراقلاتتىدە، نېمىلەرنىدۇ كالدىرلاپ، مەيدىسىگە كرېست بەلگىسى سىزىپ چوقۇنۇۋېلىپ تاۋاكاغا ئاتتى. ئېيسا پەيغەمبەر بىلەن بۇۋى مەريەم قوللىمىدى بولغاي، نوشۇقى قاس كەتتى. نىكولاي نوشۇقنى ئېتىپ بولۇپلا مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ئېيىقتەك ھۆركىرىگىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— سىن ساباكى①.

كىملەردۇر ئىچقارىلارچە ھىجىيىپ خۇش بولۇپ، بەزىلىرى ئىرەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى.

— ئادى، ساباكى سىن!

ئۇ، مۇشتۇمىنى پۇلاڭلىتىپ، ھادىغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەسەبىيلىكتىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى. بۇ كۆك كۆزلەر ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلنىڭ ئاچچىقىدا تېخىمۇ بەتتەر كۆكىرىپ، كۆك ئەينەك شارىكتەك كۆك نۇر چىقىرىپ، ۋال - ۋۇل چاقنايتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدايتتى.

— مېنىڭ دادام پالگان بولگان، ئورماندا چوچكا ئاتىپ، بازاردا ساتىپ باي بولگان. مەنىگە كىمار ئويناش نېت②، ئۇندا جۇن ئالگالى ئاكچا نېت، كالاندار بولاسېن دېپ ئايتكان. ئادى مېنى چاكىردى. مېن بېلىق تۇتۇپ رىباگ بولىب ساتىپ تاپكان ئاكچا نېت بولدى. بەرىنى سەن تارتىپ ئالدى! ئاكچامنى بەر، بولمىسا ۋاسەنى چاكىرىپ، بوگوزلاپ تاشلايمەن. سېنىڭ باشىڭدىن ماسپولكادا كوز ئاچامان...!

نىكولاي دەلدەڭشىپ كېلىپ، ئۆزىنى زاڭلىق قىلىپ ئولتۇرغان ھادىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا بىگىز قولىدا جان ئاچچىقىدا ئۇرتۇپ - جۇنۇپ، دەھشەتلىنىپ ۋارقىرايتتى. دەل شۇ چاغدا تام تۈۋىدە چوشقىدەك خارتىلداپ ياتقان مەست تام - تورۇسنى تىترىتىپ يەل قويۇپ بەردى. نىكولاينىڭ چىدىماسلىقتىن قىلىۋاتقان ساراڭلىقىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان قىمارۋازلار تورۇسنى كۆتۈرۈۋەتكىدەك قاقاقلاپ كۈلۈشتى. تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكەن نىكولاي ئېرەن قىلماي، تەڭ كۈلۈشۋاتقان ھادىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى. ھادى ئولتۇرغان يېرىگە ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك ئۇچۇپ چۈشتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى نىكولاينىڭ ئارقىسىغا بىرنى تېپىۋىدى، نىكولاي سۇپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ پەگاغا يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇر - تەپ باشلاندى. بېلىقچىلار نىكولاي تەرەپ، باشقىلار ھادى تەرەپ بولۇپ بىر - بىرىگە تاشلاندى. نىكولاي بىر چەتكە چىقىۋېلىپ ھەدەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. بىركەمدە بىرسى نىكولاينى پۇرلاپ باستى. كىملەردۇر دەسسەيتتى، كىملەردۇر مۇشتلايتتى. نىكولاي تېخىمۇ سەت تىللار بىلەن تىللايتتى. يەنە كىملەردۇر ۋايجانلايتتى. ئىنجىقلاش، پۇشۇلداش، ئۆپۈز - تۆپۈر، جاراڭ - جۇرۇڭ... دىن ئۆينىڭ تېمى سىلكىنىپ كەتتى.

— ھەممىڭنى ئاتامىن سارتلار. سارت ئىتلار.

— ھېلى بىكار ئاناڭنى جۇمۇ ئىت ئورۇس...

---

① ئىتنىڭ بالىسى. ② يوق، ياق، بولمايدۇ.

— ۋاسە كىلەدى. بىر ۋاسە ئۈن سارتنى، ئىككى ئورۇس يۈز ئۇيغۇرنى سالادى...

— مانا ساڭا ۋاسە!

يەنە مۇشتلار، تېپىشلەر...

ئۇيغۇر بېلىقچىلار نىكولاينى قۇتقۇزۇۋېلىپ ئارىسىغا ئېلىۋالدى - دە، ئادىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان مەھەللىلىكلەرگە تاشلاندى. ئىككى بېلىقچى نىكولاينى ھىمايە قىلىپ ئېتىلىپ كەلگەنلەرنى يېقىن يولاتمىدى. ئۇلارنى شۇ تاپتا كەسىپ غورۇرى ۋە نىكولاي بىلەن جاپانى، ھالاۋەتنى بىللە كۆرگەن دوستلۇقى ئاياغقا تۇرغۇزغانىدى.

شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى:

— ساقچى كەلدى!

ئادەملەر چۆچۈشۈپ ئۆزىگە كېلىشتى ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئىشىككە قاراشتى. ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. كىشىلەر ھېلىقى يالغان ئېيتقان يىگىتنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغان بولدى. لېكىن ماجرا شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى، ھەرىپ ھالىدىن كېتىشكەن ئادەملەر ئۆزلىرىنى سۇپىغا، پەگاغا تاشلىشىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. نىكولاينىڭ بېشى، يەنە كىملەرنىڭدۇ خامىرى، قاپىقى يېرىلغانىدى. نىكولاي بېشىنىڭ يېرىلغان يېرىگە ماز كۆيدۈرۈپ بېسىقمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. بىركەمدە ئۇ بېشىنىڭ يېرىلغان يېرىگە بېسىلغان ماز كۆيۈكىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئورنىدىن ئىنجىقلاپ قوپۇپ، دەلدۈگۈنۈپ — دەلدۈگۈنۈپ، ئاغزىدىكى قاننى ئېرىتىپ ئولتۇرغان ھادىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كۈلۈپ:

— ئادى، سىۋولىچ، ئاراك ئال. جۇن ئال ئىتىنىڭ بالاسى. مېن ئاكاينىلارنى مىسان كىلامېن، سەنمۇ ئىچ، مانا ئاكچا — دېدى قونچىدىن 10 كويلۇقتىن بىرنى سۇغۇرۇپ ھادىغا تەڭلەپ.

— كۆتەر پۇلۇڭنى! ھېلى ئاقچا يوق دەپ قاقشاۋاتماتتىڭمۇ ئىت ئورۇس؟ ئىچمەمەن دېسەڭ قۇيۇپ بېرىمەن.

ھادى غۇدۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بۇلۇڭدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى چىقاردى ۋە بىر پىيالىگە لىققىدە تولدۇرۇپ نىكولايغا سۇندى.

— خورشو! يارايدى ئادى! ئوگول ھالا! نىكولاي ياخشى ئادام، ئادى ياخشى ئادام، ئورۇس ياخشى ئادام، ئۇيغۇر سارت ياخشى ئادام... پىراشاي پاكا، داۋاي روكا، ئەكە كولوڭنى، دوست بولامىز — دوروگ① بولامىز، — خۇشاللىقدىن نىكولاينىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ قولىنى ھادىغا سۇندى، — كەل ئادى، دوروگ ۋېپىپىم!

— ماشكا سىڭلىڭ بىلەن دوست بولمەن، ئىت ئورۇس. ئىچە ھارىقىڭنى...

— ھا - ھا - ھا. نېت! مەندە سېستىرىنكا② ئورالدا كالدى. ئورالگا بار - دە، ئوينا... خوروشو... ئۇيغۇر ياخشى ئادام... مەندە سېستىرىنكا چىرايلىك...

شۇ چاغدا ئىشىك جالاقلاپ ئۆيگە بىرسى كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. ئىشىكتە كامالىدىن ھەجىيىپ قاراپ تۇراتتى. توپا - تۇماندىن ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىگە قارىغىلى بولمايتتى، بېشىدىكى كەپكىسى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. چاچلىرى يۇڭىزلانغانىدەك سالۋاراپ تۇراتتى، چاپىنىنىڭ ئالدى ئوچۇق، چاپان ۋە چاچلىرىدا، شىم - ئاياغلىرىدا لاي چاچراندىلىرى قېتىپ

① دوست. ② سىڭىل.

قالغانىدى. قاپاقلىرى ئىششىپ قىسىلغان، كۆزلىرى مۇز چوقۇنىدىسىدەك ھېچ ئىپادىسىز يالتىراپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەردە پەقەت گۇمۇشلۇك قېتىپ قالغانىدى.

ئۇ، ئۆي ئىچىدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ كىمنىدۇر ئىزدىدى ۋە غالداڭشىپ بېرىپ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ھېلىقى ئوقەتچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھىجايدى.

— ئەكەل مىلىڭ كويىنى...

ئوقەتچى تېڭىرقاپ قالدى.

— نېمە... نېمە دەيدۇ مۇنۇ ساراڭ؟ ئەدىكى مىلىڭ كويىنى؟ مەندە نېمە ئېلىشىڭ بار؟

كامالىددىن خالتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ قويىنىدىن قاپقارا بىر كاللەكنى سۇغاردى - دە، سۇپىغا تاشلىدى. ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن چاچراپ قوپۇشۇپ ئىككىيلەننى ئورىۋېلىشتى ۋە ھېلىقى نەرسىگە بوينىنى سوزۇپ قاراشتى. سۇپىدا كېسىۋېلىنغان ئىككى تال ھەم ئۇزۇن، توم چاچ ئۆرۈمى قارا يىلاندەك يۆگىلىپ ياتاتتى. ئادەملەر چۆچۈپ كېتىشتى. تىرىك يىلاننى كۆرۈۋاتقاندەك ئارقىسىغا داجىشتى. ئۇلار بايا كامالىددىندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا دېيىلگەن گەپنىڭ چىنىغا چىقىشىنى كۈتمىگەن، شۇڭا ئۇ گەپنى ئاللىقاچان ئۇنۇتۇپ كېتىشكەنىدى. ئادەملەر ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئوقەتچىنىڭ كۆزىگە بىچارىلەرچە تىكىلىپ، يېلىنىش نەزەرىدە قاراپ تۇرغان كامالىددىنغا چۆچۈش، يىرگىنىچ، ۋەھىمە، ھەيرانلىق ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قېلىشتى. ئوقەتچى گاڭگىراپ قالغانىدى، ئۇ، كۆزىنى قاچۇرۇپ غۇدۇڭشىدى:

— مىلىڭ ... مىلىڭ كوي... سەن راستتىلا كېسىپ كەلدىڭما؟

— نېمە، يېنىۋالامسەن، مېنى كېسىپ كېلەلمەيدۇ دەپ ئو... ئو... ئويلىغانمىدىڭ؟ بۈگۈن قىمار ئويناپمەن... ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىمنى ياندۇرۇۋالىمەن، سە... سەن... بۇنى ئاز كۆرسەڭ... دادا... دادامنىڭ ساقىلىنىمۇ كېسىپ كېلىمەن... دادامنىڭ ساقىلىنى ئالامسەن؟ ئاپئاق، ئۇزۇن، پاكىز... پۇللا بەرسەڭ ھازىرلا كېسىپ كېلىمەن...

كامالىددىن جايىدا تىك تۇرالماي، دەلدۈگۈنۈپ تىلىنى چاينىدى. ئادەملەرنىڭ تەنلىرى شۈرقىراپ، يۈرىكى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى.

— ھۇ، كا... كا... كالۋا! ھايۋان... توڭگۇز... ئادەم بولمايدىغان ئىشەك... چوشقا...

مەھەللىلىك روزى داڭقان ئولتۇرغان جايىدىن چاچراپ قوپۇپ كامالىددىنغا ئېتىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئاغزىدىن كۆپۈك بۇژۇلداپ چىققانىدى بۇرغا تۆگىدەك. ئۇ كامالىددىننىڭ تۇمشۇقىغا زەرپ بىلەن بىرنى سالدى. كامالىددىن قاڭقىپ بېرىپ تامنىڭ تۈۋىگە ئۆلۈك ئىشەكتەك «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى. روزى داڭقان ماشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ كامالىددىننىڭ باش - كۆزلىرىگە قارا - قويۇق دەسسىگىلى تۇردى.

— سەنمۇ ئادەم بولامسەن؟ پۇل ئۈچۈن سەن قىلمىغان شۇ ئىش قالدىمۇ! ئاتا - بوۋىسىدىن تانغان ئىت كۈچۈكى، ئەركەكلىكىدىن تانغان خوزنەك. ئاتا - بوۋىسىنى ساتىدىغان تۇزكور! پۇل ئۈچۈن ئەرلىكىنى ساتىدىغان قارا ئۆپكە! سەن ساتمىغان يەنە نېمە قالدى؟ يەنە نېمىنى ساتىسەن، ئۆزۈڭنىما ساتامسەن؟ ئادىمىلىكىنى پۇلغا تېگىشكەن ھايۋان...— ئۇ، كۆك قۇرتتەك يەردە تولغۇلۇپ ئىنجىقلاپ

ياتقان كامالىددىننى جان - جەھلى بىلەن
چەيلەيتتى.

ئۇنى ھېچكىم توسسىمىدى. ئادەملەر قول قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرۇشتى. «خوپ بولدى» دېگەندەك. بىر كەمدە ھېرىپ ھالسىز كەتكەن روزى داڭقان كامالىددىننى ئۇرۇشتىن توختىدى. ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ، چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، بىرىپ تام تۈۋىدە زوڭزايدى. كىمدۇر بىرى ئۇزاتقان تاماكىنى كۈچ بىلەن شوراپ، قان تولغان كۆزى بىلەن يېرىم ئۆلۈك ھالدا خارقىراپ ياتقان كامالىددىنغا قادالدى. ئۆي ئىچى جىمىلدىققا چۆكتى. ئادەملەر شۇ تاپتا خىيالغا، ئازابلىق خىيالغا پاتقانىدى.

— كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆسكەنىمىز، بۇ لاتا بىلەن. بىر يىگىت بولسىغان ئۆزىچە. جىگىرى بار، ئىنسابلىق. ئىزانى بىلىدىغان. پۇل دېگەننىڭ بىر ئوغۇل بالىنى شۇنچە قىلىۋېتىدىغىنى ئەجەب ئىكەن - ھە! — روزى داڭقان زارلىغاندەك غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ كۆزى تورۇسقا قادالغانىدى. ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزلىرىدە ئۆلۈم ئۈمىدسىزلىكى قېتىپ قالغانىدى.

— كامال ئويغۇر ئەمەس، كامال ئادام ئەمەس! ئوغول بالا ئەمەس، چوچكا... نى چىلاۋېك①، — نىكولاي بوتۇلكىدىكى ئاخىرقى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ غودۇڭشىدى.

بىر كەمدە كامالىددىن ئورنىدىن ئۆمىلەپ ئاران قوپتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن شۇرقىراپ قان قۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇ، يېڭى بىلەن بۇرنىدىكى قاننى سۈرتۈپ، ئالدىغا دەلدۈگۈنۈپ كەلدى - دە، ئىككى تىزى بىلەن «دوككىدە» تىزلىنىپ، ھېلىقى چاچلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنچىقماي قادىلىپ قالدى، ئاندىن ئۇ چاچلارنى باغرىغا بېسىپ «پاڭگىدە» ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلىغىنى كېچىنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ يىراق - يىراقلاردا ئەكس سادا قايتۇرۇپ، قارا سىيادەك تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى ...

17

تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغان مەھەل ئىدى. كامالىددىننىڭ ھۆڭرىگەن ئاۋازىدىن توخۇلار ئەنسىز پالاقلىشىپ كەتتى. ئۇشتۇمتۇت ھويلا تەرەپتىن ھادىنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋەھىمىلىك ۋارقىرىشى ئاڭلاندى:

— ھادى، ۋاي ھادى ... خۇدايىم ...

ئادەملەر چۆچۈپ، مەستلىكتىن ئېغىرلاشقان باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ھادىنىڭ خوتۇنى رەڭگىرويى ئۆچكەن ھالدا ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى.

— نېمە ... نېمە ئىش بولدى ...

ئادەملەر ئۈندەرىشىپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ كېتىشتى. ھادىنىڭ خوتۇنىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، قولى بىلەن ھەدەپ تالانى ئىشارەت قىلغىلى تۇردى.

ئادەملەر تالاغا قاراشتى. ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. بىردىنلا نېمىنىڭدۇر دەھشەتلىك ھۆركىرىگىنى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يەر ۋە تام - تورۇس تىترەشكە باشلىدى. بۇ ئاۋاز تولىمۇ قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇ، گاھ تاغنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ۋاقتىدىكى ساداسىغا، گاھ چېپىپ كېلىۋاتقان توپ - توپ يىلقىنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. يەر ۋە ئۆي سىلكىنىپ، ئىشىك - دېرىزىلەر جالاقلاپ كەتتى. توخۇ، ئۇمانلار تېخىمۇ

① ئادەم ئەمەس.

بەتتەر پالاقشىپ، قاقىلداشتى. ئادەملەرنى دەھشەت باستى. ناتونۇش ئۆلۈم قورقۇنچى ئۇلارنى ئاياغقا تۇرغۇزدى. ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ ئىشىككە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. لېكىن كېچىككەنىدى. «گۈلدۈر - غاراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تام - تورۇس ئۆرۈلدى. دەھشەت بىلەن قايناپ - بۇژغۇپ ئېقىپ كەلگەن كەلكۈن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۆي - پۆي، ئادەم - پادەمنى قوشۇپ باستۇرما قىلىۋەتتى. قىيا - چىيالار شۇ هامان بېسىقتى. پەقەت قارامتۇل سەل سۈيىنىڭ دەھشەت بىلەن كۆۋۈكلىنىپ شارقىرىشىلا يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى... بۇ يەردە يىغا - كۈلكە... لەر بىراقلا ئۆچۈپ، گويا ھېچقاچان ھاياتلىق ياشاپ باقمىغاندەك گۆرىستان جىملىقىغا چۆمدى.

## خاتىمە

ۋاقىتسىز كەلگەن كەلكۈن دەريا قىشلىقىنىڭ ئازراق يېرىنى چېقىپ تېشىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى تۈزلەڭنى بويلاپ هادىنىڭ ئاشپۇزۇلىنى سېرىپ - سۈپۈرۈپ كەتكەنىدى.

كەلكۈننىڭ كېلىشى تولىمۇ ئۇشتۇمتۇت بولغانىدى. مەھەللىدىكى ئەڭ تەجرىبىلىك قېرىلارمۇ ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر قالغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر قازانى خېلى بولغانىدى تۈيغىلى...

ئەتىسى مەھەللىدىكىلەر هادىنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىنى تېپىشالمىدى. ئاشپۇزۇلىنىڭ ئورنىدا ئۇماچتەك قويۇق، قارا - كۈلرەڭ كەلكۈن سۈيى كۆۋەجەپ، غەزەپلىك گۈركىرەپ، شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. سۇ ئۈستىدە ئاللىقانداق نەرسىلەر دەم چۆكۈپ، دەم لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. بۇلار تازا سەمرىگەن قوي، ئۆچكىلەرنىڭ تاپى، هاراق ۋە پىۋا بوتۇلكىلىرى، بەش كويلۇق، ئون كويلۇق، ئەللىك كويلۇق، يۈز كويلۇق پۇللار... ئىدى. ئېقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆلۈكىنى يەر يۇتۇۋەتكەندەك بىرەرىمۇ لەيلەپ چىقمىدى. مەھەللىلىكلەر ئاھ - پەرياد ئۇرۇپ، يىغا - زار قىلىشىپ كەتمىدى، پەقەت ياقىلىرىنى تۇتۇپ ئۈنسىز يىغلاشتى. ھەيرانمۇ بولمىدى بۇ كەلگۈلۈككە، يېزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قىرانلىرىنى يۇتۇپ كەتكەن بۇ بالايى قازاغا. خۇددى ئاخىر بىر كۈن ئۇلارنى مۇشۇنداق بىر قازا يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىشىدىغاندەك.

بىر كەمدە يىراقتا كىمنىڭدۇ ھايقىرىغىنى ئاڭلاندى. ئادەملەر ئەتراپقا ئالاكلاپ كۆز يۈگۈرتۈشتى ۋە كەلكۈن ئېقىۋاتقان تۈزلەڭلىك يېنىدىكى دۆڭدە بىر بوۋاينىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلار بوۋاي تەرەپكە مېڭىشتى.

— ئەنە تىللاخان ئاتا...

— تىللاخان ئاتا بىلىدۇ بۇنىڭ سىرىنى...

ئادەملەر يۇم - يۇم يىغلىغىنىچە تىللاخان ئاتا تۇرغان دۆڭگە يېقىنلاشتى.

تىللاخان ئاتا هاسىسىغا تايىنىپ ئالدىدىكى بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان قارا سۇغا تىكىلىپ تۇراتتى.

ئادەملەر بوۋايغا سالام قىلدى. بوۋاي ھەسرەتتىن 100 ياشقا كىرگەندەك پۈچىلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار قەبرە بېشىدا تۇرغاندەك قوللىرىنى باغلىشىپ، باشلىرىنى سېلىشىپ، بوۋاينىڭ ھەسرەتلىك، زەئىپ، لېكىن ئىسسىق، يېقىملىق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشتى. بوۋاي قەدىم زامان، كەلكۈن، كۆل پەرىلىرى ۋە نىلۇپەر كۆتۈرۈۋالغان بالا توغرىسىدا رىۋايەت سۆزلىمەكتە ئىدى، ئۇلار بۇنى ئاڭلىغان، كۇرمىڭ قېتىم.

تالاي - تالاي سۆزلىگەنىدى ئۇنى
بوۋاي. لېكىن بۇ كونا گەپلەر ئادەملەرگە
بۈگۈن ئاجايىپ تەسىر قىلدى. شۇ
ئەسنادا، يېپيېڭى گەپ بولۇپ باشقىچىلا
يىراقتا، مەھەللىگە تېخى يېڭى قۇرۇلغان
مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىكى كاناي-
دىن يېزا باشلىقىنىڭ بوم ئاۋازى
ياڭرىدى. ئۇ، بۇ مەھەللىدە بېلىقچىلىق،
بورىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللى-
نىدىغان بىرلەشمە كارخانا
ۋە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپلەر ھەمدە دوختۇرخانا،
ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، چارۋا مال دوختۇر-
خانىسى، كىنوخانا قۇرۇلىدىغانلىقى، شەھەرگە
قاتنايدىغان مەخسۇس ئاپتوبۇس سېلىنىدىغان-
لىقى، مەھەللە ياشلىرىدىن بىر تۈركۈم
كىشىنىڭ ئۈرۈمچىگە ھەرخىل كەسىپلەر
بويىچە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلىدىغانلىقى
توغرىسىدا سۆزلىدى. ئادەملەر يېنىككىنە
تىن ئېلىشتى، ئۇلار رادىئو كانىيى
ياڭراۋاتقان تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ
ئۈمتۈلۈشتى...

يېزا باشلىقىنىڭ سۆزىدىن كېيىن
ناخشا، ئاندىن كېيىن قانداقتۇ يېڭىچە
بىر نەغمە بېرىلدى. بۇ نەغمە ياڭرىشى
بىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان مەكتەپ بىنا-
سىنىڭ تۆشۈك - تۆشۈكلىرىدىن يۈگۈرۈپ
چىقىشقان ئوقۇغۇچىلار قىقاس - چۇقان
ئىچىدە مەكتەپ قورۇسىدا سەپ بولۇپ
تىزىلىشتى - دە، رادىئودىكى نەغمىگە
كەلتۈرۈپ، ئاتام - ئانام كۆرمىگەن بىر
خىل ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئۇسسۇل-
نى بىر ئىزدا جىم تۇرۇۋېلىپ ئوينىشى-
دىكەن ...

كىشىلەر گاھ ھايات قايناۋاتقان مەھەللە
تەرەپكە، گاھ كەلكۈن قازاسى بولغان
ھېلىقى ئۆلۈك بوشلۇققا بىر خىل كاڭ-
كىراش ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قورقۇمسىراپ
قارىشاتتى.


كىشىلەر بىردىنلا كەلكۈننىڭ يېنىۋات-
قانلىقىنى بايقاپ قالدى. رادىئودىكى نەغمە
كۈچەيگەنسېرى سۇنىڭ يېنىشى شۇنچە
تېزلەشمەكتە ئىدى ... توۋا! ئۇنىڭ كېلىشى
بىر ئۇشتۇمتۇت بولسا، ئۇنىڭ يېنىشى
مۇ ئۇشتۇمتۇت بولۇۋاتاتتى. ئاچچىقىنى
چىقىرىۋېلىپ ئۆز يولىغا جۆنەپ كېتىۋاتامدۇ،
نېمە؟ دەپ قالىدۇ كىشى ... پىغانى
تۈتۈپتىكەن - دە، كەلكۈننىڭ، پوخادىن
چىقتى بولغاي ئەمدى ...

ئادەملەر ھەيران بولۇشۇپ بىر- بىرىگە
قاراشتى. كەلكۈن بۇنچە تېز يانمايدىغان-
تىيا ھېچقاچان؟ ... ئۇنىڭ ئۈستىگە
كەلكۈن پەقەت ھادىنىڭ ھېلىقى نەس
باسقان ئاشپۇزۇلى جايلاشقان تۈزلەڭنى
چېقىپ بولۇپلا يېنىۋاتىدۇ ... خۇددى
شۇنىڭغىلا غومى باردەك ... ئۇنى دەپ،
بۇنى دەپ ئاشۇ تىللاخان ئاتىنىڭ
ھېلىقى رىۋايىتىنىڭ ئايىغى چىققان بول-
دىمۇ، شۇنداق قىلىپ؟ توۋا ...

1990 - يىل مارت، ئۈرۈمچى - باغراش







ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## ئۇلۇغ قانال

تارماق ئېقىنلاردىن دەريالار، دەريا - دېڭىزلاردىن زېمىن سەتھىنى قورشاپ ياتقان بەھەيۋەت ئوكيانلار ھاسىل بولغاندەك، ھازىرقى زامان رەسمىي ئىبارىسىدا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ قانالغا شىمالدىن مۇز دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خەلقلەرنىڭ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» لاتقىلىرى، جەنۇبتىن تروپىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن قەۋملەرنىڭ «تېرىقچى مەدەنىيىتى» يالدامىلىرى قۇيۇلغان. مۇز ۋە ئوت ئاستىدىن ئاپىرىدە بولغان شىمال - جەنۇب قەدىمكى مەدەنىيىتى شەرق - غەرب بويلاپ ئالاھەزەل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەگدىن تولىسى ھەسسە قوشقان جاۋاھىراتلارنى بۇ قانالغا تاشلاپ، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانىغا ئايلاندۇرغان. بىز



ئۇنىڭدىن سۇمېر ۋە پىرئەۋن زامانى ئىززالىرىنى، ئارىئان ۋە كرىت دەۋرى شامانلىرىنى، سوقرات ۋە كۇڭفۇزى نەسىھەتلىرىنى، مېترا ۋە ئاپوللو ئەپسانىلىرىنى، داۋ ۋە زارا ئاستىر قەسىدىلىرىنى، مانى ۋە ساكيامۇنى دەستۇرلىرىنى، ئىسكەندەر ۋە دارا جەڭنامىلىرىنى، ئارىستوتىل ۋە بوقرات (ھېپوكرات) تەلىماتلىرىنى، كالامىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ تەرغىباتلىرىنى، رابىيە - جۇنەيدىل باغدادى - مەنسۇر ھەللاجى - پەرىدىدىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى گۇمانىزم تىراگېدىيىلىرىنى، سەئدى - ھاپىز شىرازى - ئۆمەر ھەييام - جامى ۋە نەۋائىي لىرىكلىرىنى، ھازىرقى زامان ئازادلىق ۋە «ئۆزلۈك» تەپەككۇرىنىڭ يېڭى نوتىلىرىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇ، ئۆز ساھىللىرىدا ئۆلگەن تىرىكلەرنى بېقىش بىلەن بىللە، يەنە ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەس روھىيەت پەھلىۋانلىرىنىڭ مۇبارەك خاكىنى قۇچۇپ ياتماقتا. ئۇ ھەقىقەتەن مىسلىسىز قامۇس ۋە قىياسسىز خەزىنە! ھېلىغىچە ھېچقايسى مۇقەددەس كىتابلار ياكى ئېنسىكلوپېدىك ھېكمەت مۇجەسسەملىرىمۇ بۇ قامۇس ۋە بۇ خەزىنىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىرەر پارچىسىغا تەڭلىشەلىگەن ئەمەس. ئويلاپ كۆرۈڭ: ئەگەر بۇ قانالدا ئاققان، چايقالغان، قوشۇلغان ۋە چۆكمە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى جۇغلانمىسىدا يەنە قانچىلىك جاۋاھىرات قالغان بولاتتى - ھە؟

## ھايات دانىشمەن

ئىنسانىيەت ئومۇمىي ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا روھىيەتتىكى مىسلىسىز بۆھرانغا دۇچ كەلمەكتە. ئىنسانىيەت تەبىئەتنى تېزگىنلەشتە ئېينىشتېيىننىڭ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» ئۇتۇقلىرىدىن ئۇتۇملۇك پايدىلاندى. ئۇ، ماھىر ئېلېكتىرك ماتېماتىك، كائىناتتىكى ئۇچقۇر رېتسار، يادرو مۇشتلۇق بوكس بولۇۋالدى. ئۇ يەنە شېكىسپىر تىراگېدىيىلىرىدىكى رەشىكچى، ئاچكۆز خەسىس، سۇيىقەستچى ۋە نەسەپ كۈشەندىگۈيلۇق تىپلىرىنى يېڭى نەسىل بىلەن كېڭەيتتى. بۇلغانغان كائىنات ۋە سۇ - زېمىن، بۇلغانغان تەن ۋە روھىيەت، بۇلغانغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئىنسانىيەتنى ساختا مۇھەببەت ۋە ھەقىقىي نەپرەت ماتېرىياللىرىدىن بارغانسېرى ئېنكوباتۇردىن ئاغزىنى ئېچىپ، تىرناقلىرىنى چىڭقىتىپ چىقىۋاتقان چۇجىلەردەك كۆپەيتىپ چىقارماقتا. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى، ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى كىشىلىك تەلىماتى» ياراتقىنى يوق! قەدىمكى ئەپسانىلار، كاھىن ۋە شامان ئەپسۇنلىرى، ئۈچ ئۇلۇغ دىننىڭ ئەھكاملىرى، روھانىيەتچىل ئىزگۇ تەسەۋۋۇپ تەشەببۇسلىرى، مونتېسكىنىڭ لىبېرال - ئەرك مەسلەكلىرى، ماركسنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك غايىلىرى ھازىرقى مىسلىسىز روھىيەت بۆھرانىنىڭ غايىسىزلىق كەلكۈنلىرىنى توسالماي تەمتىرىمەكتە. باشقا كەيگەن تۇماق — تەلپەكتەك ئىدىيىلەر لەرزىگە كېلىپ قالماستىن، يەنە باشتىن ئۈنۈپ چىققان ۋە كېلىشتۈرۈپ تۈگۈلگەن چاچتەك مەپكۇرىلارمۇ تىترەككە تولماقتا.

غايىسىزلىق ئورنىغا بىر قاتار «پوتېنسىيال ئاڭ» ياكى «ئالدىنقى ئاڭ» قوڭغۇراقلىرىدىن تارقالغان سىگناللار تۇرمۇش ئۈستىگە ئاشكارا دەسسىدى. ئۇ، يىلتىزى تېرەن، ھەتتا ئىنساننىڭ ئىنىستىنكتلىق ۋە فىزىئولوگىيە - پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىگە تۇتاشقان، دىنىي ھېسسىيات ۋە مىللىي ھېسسىيات بىلەن زەرەتلىنىپ تۇرغان تېز تەسىر سىگناللار بولۇپ چىقتى.

يۇقىرى ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى، تۇرمۇشنىڭ ئىسراپ ۋە سۆلەت،

ھەشەمخورلۇق ۋە ھېزەلەمچىلىك (مالنېرىزىم) كەيپىياتىغا توختاۋسىز سېرىلىپ كېتىۋېتىشى، ساختا ۋە يەڭگىلتەك مەدەنىيەت بىلەن بەزلىنىش، سىياسەت ۋە مەمۇرىيەتچىلىكتە بۇ يول بىلەن كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەتتا بۇنداق سېرىلىشنى ماددىي تۇرمۇشتىكى دۇنياغا يۈزلىنىش ۋە چىقىش يولى دەپ بىلىش، ھەقىقىي، دائىمىي ۋە نورمال ماددىي پاراۋانلىق يولىدىن كۆرە تولاراق «پوتېنسىئال ئاڭ» بىلەن «ئالدىنقى ئاڭ» نى غىدىقلىغۇچى بۇ يۈزلىنىش، غايە — ئەقىدە بۆھرانىدىكى چوڭ بۆھران ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. ئۇ، ھەقىقىي سىۋىلىزاتسىيىنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىنى كامالەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

جىنسىي خاھىش ۋە ئۇنى تاۋار شەكلىدە رىغبەتلەندۈرۈش، جىنسىي ئەركىنلىك، نىكاھسىز تۇرمۇش، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە يۇقۇملىنىش — غايە - ئەقىدە بۆھرانىنىڭ يەنە بىر ئېقىمى. يۇقىرى ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى بىلەن جىنسىي ئەركىنلىك ئېقىمى بىر - بىرىگە مەنپىي — مۇسبەت تەقەززالىقى تۈزۈپ، ئېلان ۋە سەنئەتنىڭ قۇياش ئىلاھى — ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنى جىنايەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

زامانىمىزنىڭ يۇقىرىقى ئىككى كومېدىيىسىگە مۇناسىپ يەنە ئىككى تىراگېدىيە كۆز ئالدىمىزدا قانلىق تارىخ ياراتماقتا.

دىنىي مەزھەپ كۈرەشلىرى بىلەن مىللىي - ئىرقىي تۇرۇشلار شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇنى ھەممە قىتئە ۋە مەملىكەتلەردىن تېپىش مۇمكىن. بىر قوشۇندىكى ئىككى دىنىي مەزھەپ، بىر كوچىدىكى ئىككى مىللىي ئىرقىي تۈركۈم پۈتۈن ۋاستىلەر بىلەن شۇنداق تۇرۇشتىكى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا پوپلار، پاپالار، ئۆلىمالار، سىياسىئونلار، سەركەردىلەر، ناتىقلارمۇ پايلىمىدى. مانا ئالدىمىزدا تۇرغان تېلېۋىزورنى ئېچىڭچۇ، ئۇنىڭ رەڭدار ئېكرانىدا بۇ «تۆت دائىسى»دىن باشقا تېماتىك مەزمۇنلار تولىمۇ زەئىپ ۋە ۋىجىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز...

تارىخ، تەلىماتلارنى نوقۇل مەنتىقىدىن، پىكىرەن پەلسەپىدىنلا ئەمەس، يەنە روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە روھىيەت تارىخىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ، تەلىماتلارنى زىددىيەتلىك نۇقتىدىنلا ئەمەس، بىرلىك نۇقتىسىدىن-«ۋەھدەت» نۇقتىسىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى دىن، ئىرق، مىللەت، رايون، مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە سۈنئىي يوسۇندا پارچىلىۋېتىدىغان ئۆلچەم - قائىدىلەرنى بۇزغان «مۇجەسسەم تەپەككۇر» ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ، تەلىماتلارنى قانداقتۇ ھەقىقىي ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىدىن تاشقىرى جانلىق ئادەمگە تاشقىرىدىن تېڭىلىدىغان جانسىز نەرسە شەكلىدە ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالەمنىڭ سىر - قانۇنىيەتلىرى گارمونىيىسى ئاساسىدا ئىزدەش لازىملىقىنى، ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئادەمنىڭ پىكىر - ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا يىلتىز تارتقان ئادەم ھەققىدىكى تەلىمات سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتتىن تاشقىرى يەنە نېمىنى تارىخ تەن ئېلىشى مۇمكىن؟!

ئىنسان ئۈچۈن بۇنداق «ئۆز»، «ئۆزىدە»

تۇرغان ئامىللار بارمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلار مەۋجۇت. بىز ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس غايە ۋە ئۈمىدلىرى، ئۆلچەم ۋە رىجە ھېسسىياتلىرى ئىچىدىن تاپالايمىز. ئۇ خۇددى مىڭ يىللاپ قۇدۇققا قامالغان، ساقاللىرى ئاپئاق مويسىپىت داننىشمەنگە ئوخشاش ھېلىمۇ ھايات. ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىشتىن باشقا نىجادىيەت يوق. ئۇ «يىپەك يولى» مەرىپەتپەرۋەر ئەدىبلىرى خەزىنىسىدە. ئۇنىڭ تىنىقىدا يۈزلىگەن مۇتەپەككۇر، مىڭلىغان ئىنسانپەرۋەر ئۆلىما، مىليونلىغان ھەقىقەت قۇربانلىرىنىڭ روھى ھايات!

## سۈزۈك ئەينەك

ئىنسان — تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ، گىياھتىن قەد كۆتۈرگەن ھايۋان، ھايۋاندا نۇتۇق يىپى بىلەن پىكىر كەشتىلىرىنى تۈزگەن كارامەت مۆجىزە. ئۇ — پۈتكۈل كائىنات سىرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇلۇغ ئەۋرىشكە. ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

ئىنساننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە. ئۆز خوجىسىنى ئىتمۇ، مۈشۈكمۇ كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيەتلىرىنى ۋە بۇ ماھىيەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجە - ماقاملىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك، بۇ «ئۆزلۈك ئەينىكى» دۇر.

ئۆزلۈك — ئۆزىنى بىلمەكلىك! ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى سۈپىتىدە تۇرغان ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ساۋاتسىزلىقتىن ئىبارەت، خالاس. ئىنسان ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىدىن باشقا تەسۋىرى ئالەم ھەقىقەتلىرىگە شۇنچىلىك ئىجىللىق بىلەن ئىچكىرىلەپ كىردىكى، ئۇ، يىپەك غوزىسىغا قامالغان زات — پىلە قۇرتىغا ئوخشاپ قالدى! روھىي زېمىندا ئىپتىدائىي ئىنساندىن تاكى تەقۋادار كاھىنلار ياكى ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىسلىرى ۋەزخانىلىق قىلىپ كەلگەن زامانلارغىچە نەچچە تۈمەن يىلدىن بېرى، ئىنسان تۈركۈملىرى خۇددى ئۆلگەن بۇغا بەدىنىدە قىمىلداپ يۈرگەن ئاچ چۈمۈلىلەردەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تېنىم تېپىشمىدى. بۇنداق بۇغا جەسىتىدىن نەپ ئېلىش پەن ۋە ماھارەت تارماقلىرىغا ئايرىلىپ، زېمىننى بارغانسېرى مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكىلەشكەن قۇرۇلمىلار قاپلىۋالدى. ھەسرىتى شۇكى، ئىنسانىيەت تېخى ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى ماھىيىتى، ئورنى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئۆز پائالىيەت ھادىسىلىرىدىكى قىممىتى ھەققىدە ھېچقانچە ئىزدەنگىنى يوق. ئۇ ھېلىمۇ بۇغا بەدىنىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلۈك خەزىنىسىگە دادىل قەدەم قويۇپ: «مەن كىم؟» دېگىنى يوق! مەئىشەت ئىجىللىقى خىرويىن خۇمارىدەك ئۇنى دومىلىتىپ، ئاللىقاچان ئۆزىنى ئۇنتۇغان مەجنۇن — دەلدۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئېسىل بىنالار، ھەر خىل شەكىلدىكى ئايروپىلانلار، ئالتۇن قەلەملەر، ئوتلۇق قوراللار تۇتقان قايسى ئادىمىزات ئۆزىنى ئۆز قولىدىكى يالتىراق «نام — ئەمەل كارتۇچكىسى» دىكى مەن ئەمەسمەن، مەن بۇنىڭدىكى ئىبارىلار ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنياسىمەن، دەپ بۇ كارتۇچكىنى مەسخىرە قىلالايدۇ؟!

ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك شۇكى، ئۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ نىچۇكلىكى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ، ياخشى - يامانلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېلىپ، نەپسانىيەتتە مايمۇنلۇقتىن ئالۋاستىغا يۈزلەنگەن؛ ئەخلاقلىق، ساداقەتمەن كىشىلەرنى ئويۇنچۇق

بىلىپ، بازار تىلسىملىرىدىكى شەيتان
ئويۇنىنىڭ رولچىلىرى قىلىۋالغان؛ ئۇ، بۇ
يولدىكى ئەسەبىيلىكلىرىنى كىشىلەردىن
ھالقىغان قابىللىق دەپ بىلىپ، ئۆز - ئۆ-
زىنى ھالاك قىلىشىنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرىنى
تېپىشنى ئىجادىيەت دەپ قارىغان. قىسقى-
سى، ئۇنىڭ كەسپى ۋە ئىش — ئەمەلى
زېمىن ۋە مۇھىت، پىكىر ۋە قەلبنى بۇل-
غاپ، ئۆز - ئۆزىگە گۆر كولاشتۇر.

دەر ھەقىقەت، «ئۆزلۈك» بىر سۆزلۈك
ئەينەكتىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئەينىكى —
ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىرادە - قۇدرەت
زەررىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۇرۇپ، نۇرانىلىق
ھاسىل قىلىدۇ. بۇ نۇرلار قوشۇلۇپ — بىر-
بىرىنى زورايتىپ، ھېكمەت ئىلھامى ئاس-
تىدا ئۆزلۈك ئەينىكى بولۇپ يېتىلىشى
مۇمكىن!

ئۆزلۈك ئەينىكى كامالەتلىك ئىنسان
قەلبىدىكى قۇياش ۋە ئەقىل كۆزىدىن ئى-
بارەت. ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلىرىڭ
پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ھەتتاكى مە-
ئىشەت - روزىغار، ئىلىم - سەنئەت، ئىش
ۋە شېئىرىيەتنىڭ پەقەتقىنە ۋاستە ئىكەن-
لىكىنى، ھەقىقىي مەقسەت ئۇنتۇلغان ۋە
ياتلاشقان بىرلا نەرسە — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ
كامالىتى، ئىجتىمائىي - مەنىۋى بەختى
ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇ چاغدا سەن
ئۇلۇغ بىلگەن قۇلى ئىگىلىرىنىڭ لاي قور-
چاق ۋە خار كۆرگەن قۇللارنىڭ نۇرانە
مالائىكە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ
مۇمكىن.

ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل، ئۆزەمچىلى-
كىنى ئۇنتۇغان يېتۈك كىشىدۇر. ئۇ، ئۆزى-
نى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى
بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ ئارىدا ھەقىقەتنى
يوشۇرغان پەردىلەر، سېپىللار، تېرە ۋە
ئىرق پەرقلىرى بىلەن ئەپسۇنكار رىسالىلار
ھېلىقى لاي قورچاقلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆ-
زىگە سەجدە قىلدۇرۇش كويىدا ياراتقان
سېھىرلىك مەنزىرىسى بولۇپ چىقىدۇ. سەن
تەڭرىلىك ماقامىدا تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈڭگە —
ئىنسانغا سەجدە قىلىسەن. بۇ، ئېغىر يات-
لىشىشتىن ئۆزلۈككە قايتىش ۋە پارچىلانغان
ئالەمدىن ئۇلۇغ ۋەھدەت — بىرلىكنى قايتا
تېپىشتۇر. سەن شۇ چاغدا ئىستىغپار ئو-
قۇيسەن: ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى
بىلمىگەن، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تاشقى ئالا-
مەتلىرىنىلا تەن ئېلىپ، كامالەت تەرەپلى-
رىگە ئەقلىڭ يەتمىگەن ياكى ئۇنى تەن
ئېلىشنى خالىمىغان، ھەتتا ئۇلارغا تۆھمەت
توقۇپ، چەتتىن پېشۋا ئىزدەپ يۈرگىنىڭگە
پۇشايمان قىلىسەن. ئۇ چاغدا، سەن
ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كۆيىقابىنىڭ تاش
بورانلىرىدا يىقىتىپ، ئۇنى ئېيسادەك تاخ-
تىغا باغلاپ، شەمس تېبرىزىنىڭ رەقىبلى-
رىدەك ئۇنى ئۆزگىلەر قولىدا قۇدۇققا تاش-
لاپ قەتل قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى
مەشرەپنىڭكىدەك بۇرمىلاپ، يەنە ھېچنېمىنى
كۆرمىگەندەك ئۆپكىڭگە ئۇن سۈيى تولدۇ-
رۇش بىلەن ئەرمەك بولۇپ يۈرۈۋەرمەيسەن
ئۆزلۈك ئەينىكى — مىراجى ئەلاكى، ئۇ-
نىڭدا تەڭرىنى كۆرىسەن. ئۇ سەن، سېنىڭ
ئاشىقىڭ، مەھبۇبىڭ ۋە مەقسۇدىڭ. جالا-
لىددىن رۇمى مۇنداق يازغانىدى:

«ھېچنېمە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە پەقەت،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئېرۇر
بىلسەڭ ئەبەد.»

ئۆزلۈك ئەينىكى — كامىل ئىنسان قەل-
بىدىكى يېشىلگەن ۋەھدەتتۇر.

## «ئات» بىلەن «ئات مىنگەن كىشى»

ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە بىر ھايۋان
بولۇپ، ئۇنى «ئات» قا، مەنىۋى جەھەت-
تىن بىر كامالەت مۇمكىنلىكىدىكى زات
بولۇپ، ئۇنى «ئات مىنگەن كىشى» گە

تەمسىل قىلمىش مۇمكىن.

ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئى. ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ، نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ. ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئوزۇقىنىڭ — ئات يېمىنىڭ «ئىنكاسى»، «ئىپادىسى» ئۈچۈن ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ.

كامالەتتىن خالىي ئىنسان — مۆتىۋەر ياكى گۈزەل، نازاكەتلىك ياكى قەيسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلۈكتىن بىخەۋەر بولۇپ، ئۆزى ھەققىدە غەم يىمەيدۇ، بەلكى ئات يېمى غېمىدا پايپېتەك بولىدۇ. سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا يوشۇرۇنغان، پۈتۈن سەن ئۈچۈن جانىجان بولغان نىيەتلىرىڭنى تارتىماي ئۆز ئالقىنىڭغا تۆكۈپ كۆرچۇ! قاراپباق، ئۇلارنىڭ قانچىسى ئىنسان ماھىيەتلىرى غېمىدا ۋە قانچىسى ئات بوغۇزى غېمىدىكىن! خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇ:

«پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەستۇر ئادەم،
گۈزەلدۇر ئۇ يەنە ئىنسانىيلىق جەۋھەرى بىلەن ھەم.»

سەن ئاسمان - زېمىن ھەققىدە يېتۈك بىلىمدان، ئەمما، «ئۆزلۈك» ھەققىدە بىر تەلۋە نادان! بىلىمدان بىلەن ئاقىلنى، ئاقىل بىلەن دىل — قەلبى كامىلنى پەرق ئېتىشنى بىل. ئابدۇقادىر بېدىل مۇنداق دەيدۇ:

«ھاياتلىق گۈلىستاندۇر دىل ھىممىتىدىن،
باسقان ئىزىڭ بوستاندۇر قول قۇدرىتىدىن.»

بىلىملىك، ئاقىل، تەدبىرلىك - ئىقتىدارلىق كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئارىپنى — قەلبى ئۆزلۈك تېگىدا ئويغانغان كامىلنى پەرقلەندۇر:

بىلىم — ئوزۇقتۇر. ئۇنى ئۆزلۈك ئۈچۈن رىسىق قىلىشىڭ، ئاۋام ئۈچۈن مەئىشەت قىلىشىڭ مۇمكىن. ئوزۇق يەنىلا ۋاستە ۋە بايلىق.

ئەقىل — چىراغتۇر. دىلى كور كىشى ئۈچۈن چىراغ بەلكى ناشايان بىر ۋاستە.

ئىقتىدار — كۈچتۇر. ئىزگۈسىز قۇدرەت جاللات پالتىسىنى ئەسلىتىدۇ. بىلىم — ئەقىل - ئىقتىدارنى ئىپتىخار خەزىنىسىگە سالماي، «ئۆزلۈك» ئەينىكى ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى تەلقىن قىل!

«ئۆزلۈك» ئەينىكىدە ئاتقا مىنگەن كىشى ئۆلمەس چەۋەندازدۇر. ئات ئۇنىڭ تېنى ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى. بۇ پائالىيەت ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىسى، پسىخولوگىيىلىك پىكىر تۈيغۇلىرى، تۇرمۇش مەشغۇلاتى بولۇپ، بىر قاراشتا ئۇ پېرسونالىنىڭ بارلىقى. ئات بىلەن ئات مىنگۈچى ئارىسىدا بىر چاك مەۋجۇتكى، ئۇلارمۇ ئالەمنىڭ «ئىككىگە پارچىلىنىش قانۇنى» نىڭ ئىلكىدە. ئادەم قېرىپ، خۇددى ئاتتەك ھاسىرايدۇ. بۇ دەل ئات مىنگەن كىشىنىڭ پىشقان، ئاتنى ئۆز ماھىيەتلىرىگە كۆندۈرگەن ۋە كامالەت ماقامىنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان چېغى سادىر بولىدىغان «ھىجران» دۇر. مانا بۇ ئات سۈپىتىدىكى ئىنسانىنىڭ ئۆمرى دېگەن سۆز. ئىنسان ئۆمرىنى باللىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە قىرقىيدۇ، پۈچۈلدۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بەدىلى — مەنىۋى يېتىلىشتۇر. ئەتتەك! «ناۋا مۇقامى» ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، چالغۇ تارىسى «چارس» قىلىپ ئۈزۈلىدۇ! تارا ئالماشتۇرالمايسەن. بۇ خۇددى ئات يەڭگۈشلىيەلمىگەنگە ئوخشايدۇ. قولۇڭدىن كېلىدىغىنى ئەلشىر نەۋائىيدەك خاتىرجەم ئۇمىد:

«نەۋائىي بىناۋالىق بىرلە دائىم مەي
ئىچەر، بىركۈن —
نەۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە
چالغاي، دەپ.»

نەۋائىي، دائىملىق بىناۋالىقنى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدىنى ئېيتقان. بىز ئۇنى «نەۋائىي بىناۋالىق بىرلە ئاخىر مەي ئىچەر، بىر كۈن — نەۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي، دەپ» دېگەن ئۇلۇغ ھىجران ۋە مۇقەددەس مەنىۋى ئىزچىللىق (ۋىسال) مەنىسىدە ئىستىئارە قىلىمىز.

ئىنسان ئۆلىدۇ، ئەمما مۇتلەق مەنىدە ئەمەس.

ئابدۇلھەسەن ھەرەكانى: «يەر يۈزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك دەيمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز. ئەسلىدە ئۇلار تىرىك» دېمىگەنمىدى؟!

ئىنساننىڭ قىممىتى — ئاتىنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى! ئۆزۈڭگە ئات باھاسىدا، ئويناقلاپ تۇرغان ياكى پۇشۇلداپ قالغان ئات نەرقىدە قاراپ تەمەننا ياكى غەمكىنلىك يولاتما! بەلكى ئات مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن! ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىماغا ئايلاندۇرۇۋاتقان غاپىل ئىنساندۇر. ئات چەيلەپ پېتىقلىۋەتكەن بۇ ئىنسانىي قىممەتتىن ساڭا يەنە قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى، ئەي نادان!

## دانىشمەنلىكنىڭ دەردى

«فانىي» ۋە «باقىي» ئىبارىلىرى يوقۇلۇپ بېرىۋاتقان ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغان ئىككى سۈپەت (ئاتربىوت)، ئىككى دۇنيا مەنىسىدە تولاراق دىنىي كوسمولوگىيىلىك تۈس ئېلىۋالدى.

«زاھىر» ۋە «باتىن» ئىبارىلىرى كۆرۈنىدىغان سۈرەت ۋە كۆرۈنمەس ئىچكى ماھىيەت مەنىسىدە تولاراق دىنىي بىلىش نەزەرىيىسى قېياپىتىگە كىرىۋالدى.

«ماددا» ۋە «شەكىل» ئىبارىلىرى ئارستوتىلدىن باشلاپ مۇقەررەر مەۋجۇدىيەت بىلەن ئۇنىڭ ھالەت (ئەراز) كۆرۈنۈش ئالماشتۇرۇشنى ئىپادىلەشتىن، بىر دومىلاپلا «مەزمۇن» ۋە «شەكىل» كاتېگورىيىسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئارىسىلىقىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ماقامىنى نېمە دېگۈلۈك. «جاھىل» ۋە «فازىل» ئىبارىلىرىمۇ سىۋىلىزاتسىيىگە قارىتىلغان تارىخىي مەنىگە بەنت قىلىندى.

دانىشمەن — بىلىمدان، ئاقىل، ئالدىن بىلگۈچى ۋە رەھنىما ساھىبى مەنىسىدە ئۆزۈندىن ھەممە خەلقلەر مۇبارەكلەيدىغان نۇرانە نام. ھەر دەۋرنىڭ دانىشمەنلىرى بولغان. ئۇ، يۇقىرىدىكى قورۇلمىلارنى مۇجەسسەم ئۇيۇق قىلىپ كۆتۈرۈلگەن تەپەككۇر قۇياشى!

«دانىشمەن» ئىبارىلىرى قانداق ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، دانىشمەن ئۇلۇغ بىشارەتچىدۇر. دانىشمەن — مەيلى مۇنبەردە، دار ياغىچى ئاستىدا ياكى سەرگەردانلىق دالاسىدا بولسۇن قولىدا يېڭى ئۇيۇقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كاھىندۇر.

دانىشمەنلىكنىڭ ئىككى ئالقىنىنى ئۇچام قىلغان چېغىغا قارا! ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئىنسانىيەتكە ئاتالغان يېڭى ھەقىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرى چاقنايدۇ. ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ شەخسىي ھايات پاجىئەلىرىدىن ئۇرغىغان پاك — يىللىق قان تاراملاپ تۆكۈلىدۇ. ئۇ، كاناي- سۇنايلار بىلەن چۇقان كۆتۈرگەن

گەن كوچىدا نېمە قىلسۇن. ئۇنى ناگان -
ناگانلاردا بەلكىم ئاھۇ - پەرىيادلار بىلەن
ياش تۆككەنلەر ئارىسىدا ئۇچرىتالىشىڭ
مۇمكىن.

دانىشمەنلىكنىڭ دەردى تولا! گۈزەللىم،
ھەر بىر مۇشكۈل داۋاندا ساڭا: «ئەمدى
قال!» دېگەنىدىڭغۇ!

ئۇ، ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ،
ئۇنىڭ ھەقىقىي ئازابلىرىدا ياشايدۇ!

ئۇ، ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقىنى بىلىپ، كېچە-
كۈندۈز تىنىمسىز ئەجرى — ئەمگەك قىلىدۇ!

ئۇ، ئۆز ھاياتىدا تەييار ئەقىدىلەر،
ئاتا مىراس قاراشلار، ئىزچىل رىجىلەرگە
چوقۇنمايدۇ، بەلكى قايتا مۇئامىلە قىلىدۇ.
ئۇ ئۆز ھاياتىدا قايتا ئويغىنىدۇ، ئىككىن-
چى باشلىنىش ياشايدۇ. بۇ بىر ئاسىيلىق—
ئىسيانكارلىقتۇر. ساكيامۇنى شاھزادىلىكتىن
بۇددىھالىقا، مۇھەممەت غەيرىي مۇسۇلمان-
لىقتىن مۆمىنلىككە، ماركس گېگېلچىلىكتىن
كوممۇنىزمغا ئۆتكەن. مەنسۇر ھەللاجمۇ
ئادەتتىكى كالام تەلىماتىدىن «ئەنەلھەق»-
قە ئۆتتى! دانىشمەنلەرنىڭ قايسىبىرى
تاۋار - دۇردۇنلار ئۈستىدىن ھەقىقەت دۇر-
دانىلىرى تېپىشقان؟!

ئۇ، ئالدىن بىلىپ، ئالدىن ئويغانغاچقا،
قەلبى ھەقىقەت، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا
كۆيۈپ، كىشىلەر بىلگەن ئامەتلەرنىڭ
ئىللەتلىكىنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن ئەيمەن-
نىپ، سۈكۈنات ئىچىدە، نەپرەت ۋە خەي-
رىخالىق ئىچىدە ياشايدۇ! ئويغاتماق ھە-
قىقەتەن ئېغىر ئىش، چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى
تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ!

ئۇ، سىرداشقا تەشنا، روھىي تېرەك -
مۇئەككەلگە تەشنا، ھەقىقىي قەلب ساقىيسىغا
تەشنا ھالدا، خاتا ئوبرازلاندۇرۇشلار،
رەشىك - ھاقارەتلەر ئىچىدە مەنىۋى تەن-
ھالىق ئازابىنى چېكىدۇ. ئۇ، توخۇ قېرى-
ىڭغا كىرىپ قالغاندەك، ئۆز قولىدىكى
ئۇنچە - جاۋاھىرلارنى توخۇلارنىڭ تېپىپ
تاشلاپ، سامان - پاخاللار ئارىسىدىن دان
تالىشىپ يېيىشىۋاتقان ھالىتىدىن غەمكىن
بولىدۇ!

مانا شۇ تاپتا، چىدامسىز مەھبۇب، ۋا-
پاسىز يار - دوستلارنىڭ يوشۇرۇن سات-
قۇنلۇقى بىلەن ئاشكارا مەسخىرىلىرى ئۆل-
مەس ئىبلىسنىڭ ئۆلگەن ئادەم ئەلەيھىس-
سالام ئۈستىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، تەنە
بىلەن بىر مەھەل تەنتەنە قىلغانلىقىدەك
نەشتەرى روھىيەت ھاسىل قىلىدۇ!! دىلبى-
رىم، ھەر قانچە ھالەتتىمۇ ئوغۇز سۈتى
بىلەن باراۋەر پاك ۋە مۇقەددەس تۇنجى
مۇھەببەت شارابىمنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە
ئۇرما! رەقىبلىرىمگە نەپرەتلىنىمەن. ئۇلار-
نىڭ پۈشتى -جەمەتىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ.
ئەمما، ساڭا نەپرەتلىنىشنى دۈشمەنلىرىمدىن
ئۆگەنمەك ماڭا ھار!

دانىشمەن تۈن قاراڭغۇسىدا ساڭا قېر-
غان ياۋا توغراق دەرىخىدەك كۆرۈنۈشى
مۇمكىن. تاڭ شولىسى ئاستىدا ئۇنىڭ
ئالتۇن سۇمۇرغلىقىنى ئاڭقىرالايسەن. ھە،
ئۇ ئالتۇن سۇمۇرغ! تەنھا، يىراق مىليون-
مىليون يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كا-
مالىتىنىڭ ئىنژېنېرى! ئۇ، دوزاخ ئوتىدا
كۆيۈپ تۇرسىمۇ خالايىققا جەننەت دەرۋا-
زىسىنى ئاچقۇچى سىمائىي قەيسەر! ئۇنى
ئىقلىمنىڭ يىراق ئۆپۈقىدىن ياكى مايىت-
رى بىلەن ئىمامەھدى ئاخىر زامان رىۋا-
يەتلىرىدىن ئىزدىمە، ئۇ ئۆز قېشىڭدا،
ئۇنىڭ روھى ئۆز ئىزىڭدا جاھان كېزىدۇ.

## گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي

ئىنسان يىغلاپ تۇغۇلۇپ، جاپا بىلەن
ياشاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلىدۇ! ئىنساننىڭ
سىرلىرى، مۇئەممالىرى ئۇنىڭ مۇناجات
ئىلاھىيە قۇۋىبىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈك

بەشەرىيەت ئوقيانۇسىدا!

ۋەھدەتتىن تاشقىرى ھېچنەرسە يوق. بىر بولمىغاندا تۈمەن بولمىغان بولاتتى. بارلىق بولمىغان بولسا، يوقلۇق ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، يوقلۇق — بارلىقنىڭ كۆز ئالدىڭدا يوقلىقى، ھىجران — ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى، ئاچلىق — توقلۇقنىڭ شۇ چاغدا يوقلۇقى، خەستەلىك — سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقىدۇر.

ئىنسان گۆھەرسىزلىكتىن گاداي ئەمەس! چارىسىزلىكتىن بىچارە ئەمەس! قۇدرەتسىزلىكتىن ئاجىز ئەمەس! ئۇ قۇل، ئەمما بۇنىڭ ۋەجى دۇنيادا ئەركىنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىن ئەمەسقۇ، ئاخىر!!

ئىنسان ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئۈلىشىپ - توۋلىشىپ مۇناجات قىلىشتى. ئۇ ئەمدى كۆكتە پەرۋاز قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدى.

ئىنسان يۇقما كېسەللىككە زار يىغلاپ قۇربانلىق قىلىشتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى داۋالاشنىڭ ئىمكانلىرىنى كۆردى. ئالاھەزەل مۇمكىنلىكىنىڭ مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۇنىڭغا پىچىرلىماقتا.

بۇ، ئۇلۇغ ئۆزلۈكنىڭ پېشايۋانىدا سادىر بولۇۋاتقان ھادىس، تېخى ئىنساننى ئۆزلۈك سارىيىغا ئېلىپ كىرگىنى يوق.

چۈشەن، ھەممە تەقەززالىرىڭ تەقەززا قىلغۇچى خاسىيەتلىرى بىلەن تەقەززا بولغۇچىنىڭ يېنىدا.

تىلەكلىرىڭنىڭ ئىجادىيىتى سەن روكۇ قىلغان مېھرابتا ئەمەس، سەجدە قىلىۋاتقان چەۋەنداز ئىلكىدە!

تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى ئاجىزلىقىڭدۇر. ئاجىزلىقىڭ ئۇممان سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتىڭنىڭ تاغ ھالىتىدىن قۇم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر. ئۇنى پارچىلىغان سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ نەپسىڭ، تەمەخورلۇقىڭ، ئۆزىڭنى ئاناي قىلىش نىيىتىڭ، ئاچكۆز ھەسەتىڭ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ، ئۆزۈڭ ئىقتىدا قىلغان لاتا - پۇرۇچ قورچاقلىرىڭغا بولغان خۇپىيانە قۇللۇقىڭ!

پارچىلاندىڭ، پارچە - پارچە «ئات» نەپسىڭنى ئەلا بىلىپ، بىر پۈتۈن قەلبى كامىل «ئات مىنگۈچى» ماھىيەتلىرىڭنى تىلىم - تىلىم قىلىۋەتتىڭ! ئۆزلۈك ئەينىكىڭنى سۇندۇرۇپ، ئىنسانىي بىردەكلىككە كىرپىمدەك نەشتەر سانجىپ، «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» يولىغا چۈشتۈڭ. ئۆلىمالىرىڭ ئۇزۇن بويلۇق قاتىل — ئىبلىس تەلەتىدە تەزلىمەكتە. ئۈمىد - ئارزۇلىرىڭ تالقان بولۇپ، قۇمدەك دەر غەزەپ غىچىرلىشىپ، جەڭ - جېدەل جەڭگاھىغا ئۇچۇشتى. نەيزە - ئاپتوماتلىرىڭ — ئۇنىڭ تەرسا چوقانلىرى! قارا، ئى ئالەمنىڭ نۇرانە گۈلتاجى — ئىنسان، ئىش - ئەمەلىڭگە قارا: يىرتقۇچلىقتا گۆشخور ياۋايى ھايۋانمۇ سەندىن ئۆزىنى تۇتقان. ئۇ، توقلۇقتا مۇلايىم، سەن ئەسەبىيسەن. ئاخىرى ھەسرەت داشقازىنىنىڭ ئاستىغا تاشلانغان يانغىن خەشەكتىنمۇ قەدىرسىز كۆيۈۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ نالە قىلىسەن. سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى، كامالىتىڭنىڭ قاتىلى، تۇرمۇشىڭنىڭ بۇلغانغان بىنەزەر ئەخلىتى! بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزدۈڭ، ئاتەشىن، ئەمما نەپسانىي ئىستەك بىلەن، تەنتەكلىكلىرىڭدە ئالقانات چىقىرىپ تۈزدۈڭ!

تەقدىرىڭدىن زارلانما! تەقدىرىڭ ئەزەللىك لەۋھەسىدە، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە، ۋە ياكى تەڭرىنىڭ رەھمى - شەپقىتى، قەھر - غەزىپى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس. ئۇ، مۇھەببەت - نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە! بىلكى، ئۇ سەن يوقاتقان، سەن ئىزدەپ يۈرگەن، سەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىدە—

ئىنسانىي قىممىتىڭىنىڭ قىسمەتلىرىدە،
قەلب دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدە.

جاھان سېنى ئەقىل - ئىدرەك گۈلى
قىلىپ ئېچىلدۇرغىچە قانچە - قانچە يۇلتۇز
ئۆمرى كەتتى. سەن جاھاننىڭ ئۆزىنى تې-
پىش يولىدىكى بىر پارچە ھېكمەت ئەينى-
كى بولمىقىڭ جائىز ئىدى. سەن بارلىقنىڭ
گۈلشىنى، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەسىبىسىدە
ئالەمگە كەلدىڭ. ھەممە ئىقتىدارىڭنى پۈ-
تۈن ۋۇجۇدىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز تىز-
گىنىڭنى ئۆز ئەركىڭگە بەرگەن.

ئەقىل ئىزلە! ئەقىلنى ئۆزلۈك كامالىغا
باشلا! ئەقىل - كىتاب سەھىپىلىرىدە تاۋ-
لانغان ئۆلمەس روھلار قاتارىدا، تەجرىبە
جەريانلىرىدا پىچىرلىغان دۇنيا ئۇچۇرلى-
رىدا، تۇرمۇش تەكرارلىقىدا نىگارىنى
كۆرسەتكەن ھېكمەت جۇلالىرىدا، تەپەككۇر
بىلەن تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا. بىلگىنىكى،
ئۇ، يېنىڭدا، نادانلىقىڭنىڭ لاچىن كۆز
قاپچۇقلىرىغا، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان نەش-
تەر تىلى ئۇباستىغا، تەرسالىقىڭنىڭ ئات
تۇۋاقلىرى تېگىگە كۆمۈلگەن!

ھەممە نەرسىنى كۆمگەن ۋە ئۇنىڭ مۇھ-
تاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ - چاڭقاپ
يۈرگەن ئىنساندا نە باياشادلىق - ئاۋاتلىق،
نە گۈزەللىك - بەخت، نە سۋىلىزاتسىيە -
كامالەت بولسۇن! ئۇ، تارنەزەرئۇپۇقىدا،
داچەن تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان
مۈشۈك، مۇبالىغە قىلغانىدىمۇ مولۇن، خالاس!

ئەي، گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان ۋە
گۆھەرنى پەرق قىلالمىغان ئەما بىچارە
تىلەمچى. سېنى گۆھەر زېمىنگە، گۆھەر
سېزەر ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان دۇنيا، سېنى
ئىنسان، گۆھەرنى تاش دەپ ئاتىمىغانىدى.

ئەمدى مۇھىتىڭغا قارا: ۋەھىمە بىلەن
بىخۇتلۇق، تەمەخورلۇق بىلەن بېسىمخور-
لۇق، قۇللۇق سۈكۈتى بىلەن قۇلدارلىق
كىبرى ھاۋاسى، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىسراپ-
خورلۇق — قىسقىسى كامالەت مىزانىدىن
چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت، مانا سېنىڭ
ئۆمۈر مۇھىتىڭ! بۇ مۇھىتتىكى سەن قاتىل
بىلەن ئۆلگۈچى، ئوغرى بىلەن بۇلانغۇچى،
ياللانغۇچى بىلەن زوراۋان، جىنايەتكار
بىلەن راھىپ! سېنى ئۆلگەن پاكى كىشى-
لىك دۇنياسىغا تېخى تۆرەلمىگەن دېۋالاي
دېسەم، سېنىڭ تاشلىغان زەھەرلىك قالدۇق-
لىرىڭ ھايات چىمەنزارلىقىنى بۇلغىۋەتتى!
غەلىتىلىكى شۇكى، بۇ تاشلاندۇقلار ئاداش-
تۇرغۇچى ساختا كرىستالدەك، قەلبى ئاجىز
كۆزلەرگە جىلۋە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مەھ-
لىيا قىلدى!

كۆزۈڭنى ئاچ! ئۆز مۇھىتىڭنى ۋە ئۆز
قۇدرىتىڭنى بايقا!

## يول

يول!

ئامېرىكىلىق يازغۇچى پاللون «مۇرۇۋ-
ۋەت» ناملىق كىتابىدا يول توغرىسىدا
مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: بىر بېكىنمە ماكان
بولۇپ، ھېچكىم سىرتقا چىقماس ۋە سىرت-
تىن كىرمەس ئىكەن. كىمىكى بۇ نىزامنى
بۇزسا قەتل قىلىنار ئىكەن. ئۇلار ئۆزى-
نىڭ يېپىق مۇھىتىنى مۇتلەق غايىۋى
ماكان دېيىشكە كۆنگەنىكەن. كۈنلەردىن
بىرىدە بىر بەختسىز بۇ ماكاندىن ئايرى-
لىپ جاھان كۆرۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۆز -
ئۆزىنى ئەپسانىۋى ئادەت بىلەن ئالداپ
يۈرگەنلىكىنى، ئۆز ماكانىنىڭ قاراڭغۇ ۋە
بەختسىز مۇھىتتا تۇرغانلىقىنى ئۆز خەل-
قىغە يەتكۈزگىلى قايتىپتۇ. ئۇ، ئۆز تەسى-
راتلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشىغىلا، ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ، بۇ يېپىق
ماكاندا ئېغىر يەر تەۋرەش، تاغ گۈمۈرۈ-
لۈشلەر بولۇپ، ھەممە كىشى ھەرتەرەپكە
پېتراپ كېتىپتۇ. ئۇلار دۇنيانى كۆرۈپ،

ئۆزىنىڭ جاھىل - بىكىنمە ھاياتىغا لەپ رەتلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ بىر - بىرلەپ ئاتا قەدەم دىيارغا قايتىپتۇ ۋە بۇ ماكاندىن تۇنجى بولۇپ سىرتقا چىققان قېرىندىشىنى ئەۋلىيا بىلىپ، ئۇنىڭغا خاتىرە سۇپىسى سېلىشماقچى بولۇشۇپتۇ. نەتىجىدە جەسەتگاھى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئۇ كىشىگە سېلىنغان خاتىرە سۇپىلىرى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، بۇ ماكاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سوزۇلغان تاشيولغا ئايلىنىپتۇ.

يول — ماكان، يول يۈرمەك — زامان سۈپەتلىك جەريان! يول — ئوربىتا بويلىغان يۇلتۇزلار ئۈچۈنمۇ، زەررەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان زەررىچىلەر ئۈچۈنمۇ، تۇرمۇش سەپىرى ۋە ئۆمۈر كارۋىنى ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت نەرسە.

يول — چەكسىز يايلاقتا، بىر - بىرىگە تۇتاشقان بوستان دىياردا، دېڭىز - ئوكيان ساھىلىدا، كائىناتقا ئۇچۇش مەيدانىدا، تەپەككۇر جەريانلىرىدا، تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا، تارىخ داۋانلىرىدا داۋام قىلىدۇ.

يول — ماكان! ماكانلار زەنجىرى، ماكانلار سېكىلى، ماكانلارنىڭ زامان جەريانىدىكى ئاقما — راۋان ھالىتى. مەن ھەممە يېرى بىردەك ماكاننى كۆرمىدۇم.

يول — زامان! زامانلار ھالقىسى، زامانلار ئېقىمى، زامانلارنىڭ ماكان بوشلۇقىدىكى مېلودىك ئىلگىرىلىشى. مەن ھەمىشە بىر خىل، بىر سىزىقتا كەتكەن، رېتىملىق كېسىلمىلەرسىز، ئىزچىل كەتكەن تۇتاش زاماننى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.

يول — تارىخ! تارىخ — كەسمە زامانلار تارىخى! كىم تارىخنى ئەبەدىي بىر خىل تۈز سىزىق دەپ پەرەز قىلسا، ئۇ سەبىي ياكى خامۇش، ھېلىگەر ياكى ئالدانغۇچى.

تارىخ — زامان، ماكان، ئىنساننىڭ يولىدۇر. تارىخ يول سۈپىتىدە ھەممىنى ئارقىغا تاشلىمايدۇ! تارىخ، قىسمەن ئۆلىدۇ، ئارقىغا تاشلىنىدۇ. ھېكايە، رىۋايەتلەرگە ئايلىنىدۇ. مۆزېيغا كىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھادىسىلىرى، ۋەقەلىك تىياتىر كۆرۈنمىلىرى! تارىخ، قىسمەن ئۆلمەيدۇ. ئۇ رېئاللىققا ۋە كەلگۈسىگە ئۇل، تەركىب، ئەينەك، روھ، زەھنىما بولىدۇ. ئۇ پروگراممىلارغا جان بېغىشلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆلمەس ماھىيىتى، مەڭگۈ قۇدرىتى! تارىخنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىش ماھىيىتى مەڭگۈلۈك گېنئولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە. ئۇ بىر قېتىملىق ئەمەس، دائىمىي پەيدا بولۇش يولى بىلەن ئۆز قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

تارىختا ئۆلمەسلەر — ئات سالاھىيىتى بىلەن ئۆلگەن، تارى سالاھىيىتى بىلەن ئۈزۈلگەن ئات مىنگۈچى ۋە ناۋا سازەندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتى تارىخقا، داۋاملىشىشقا مۇھتاج! پۈتۈنلەي ئۆلگۈچىلەر ياكى ئالتۇن ياكى يەم - خەشەككە ئەبەدىي كۆمۈلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ماددىي پاراغەتتە ئۆز بەخت - سائادەتلىرىنىڭ قاراڭغۇ لەھەتگاھىغا ئەبەدىلئەبەد غەرق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالتىراق، كامىران ھاياتى گويا چەكسىز ۋاقىت دەرياسىدا يالتىراق قوڭغۇزچە بىر دەقىقىلىق جىلۋە.

يول يەنە قالىدۇ! ئۇ، مۇنازىرىلەر ۋە سۈكۈناتلار ئىچىدە، جەڭ - جېدەل ۋە سۈلھلەر ئارىسىدا، ۋىسال ۋە ھىجرانلار ئوتتۇرىسىدا، پىكىر توزاقلىرى ۋە ئىختىرا زالىپلىرى قۇچىقىدا، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، ئەقىدە ۋە ساتقىنلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆكسىدە يەنە داۋاملىشىدۇ! ئۇنى ئاخىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت يول بويلاپ ئېچىلىدۇ، تەپەككۇر يول بويلاپ چېچىلىدۇ، تارىخمۇ يول

تالالىرىدىن خۇددى گۈللۈك رەختلەردەك
توقۇلىدۇ.

يول، ھەر خىل! جەھەننەمگە ئېلىپ
بارىدىغان يول بىلەن جەننەتكە ئېلىپ
بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە
پەرق يوق! گەپ، قەلبىڭنىڭ كۆزى ۋە
ئىرادەڭنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا!

## «تەڭرى»، «ئەلچى»، «قەھرىمان» ۋە «ھاكىم» توغرۇلۇق سۆز

تەڭرى — تەبىئەت قۇدرىتى ۋە تەبىئەت
تەرتىپى مەنىسىدە؛ بۇ قۇدرەت ۋە بۇ تەر-
تىپنىڭ روھىي مۇئەككىلى، بىرىنچى سە-
ۋەبى مەنىسىدە؛ ئادەم قىياپەتلىك ئالەم
پادىشاھى مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ ئەقىل
ۋە كۆڭلىدە گەۋدىلەنگەن ۋەھدەت مەنىس-
دە؛ ئىنساننىڭ كامالەتلىك ماھىيىتى ۋە
ماقامى مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەل-
دى. ئىلاھىيلىق تېخىمۇ كەڭ مەنىدە،
بىرىنچى دەرىجىلىك مۇتتۇۋەر يۈكسەك خا-
سىيەتلەر مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ پاك كۆڭ-
لى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلدى.

تەڭرى — خاسىيەت، ئىقتىدار، ماھىيەت
ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئىزگۈسى ۋە ئەڭ
گۈزىلى؛ ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈ-
رۈپ، ئەقىدە ۋە ئۈمىد چىرىغىنى
يورۇتىدىغان ئەڭ نۇپۇزلۇق ئىبارە ۋە
روھىيەت.

ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار مۇھىمى ئۇنىڭ
تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتتىن خالىي ئالەم
پادىشاھى مەنىسىدىكى تەسۋىرلىنىشىنى
ئىنكار قىلسا كېرەك. ئىنساننىڭ پاك قەل-
بىنىڭ ئىلاھىي مۇقەددەسلىكى ۋە كامالەت
ماقامىغا يەتكەن ئىنساننىڭ تەڭرىدەك
يۈكسەكلىكى توغرىسىدىكى قاراشلارنى بىر-
دىنلا ئىنكارىيەت مۇز دەرياسىغا غەرق
قىلىۋەتمەسلىك لازىم.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى:

— «زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان،
ئۇ — ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.»

ئۆمەر ھەييام:

— «ئالەمنىڭ تىلىدىكەن مەۋجۇدىمىز،
ئەقىل كۆز قارىچۇقى ئىنسان ئۆزىمىز.»

نىزامى گەنجەۋىي:

— «ئاسمان ۋە زېمىندا بارلىقنىڭ بارى،
ئىنساننىڭ پىكرىدىن ئەمەس تاشقىرى.»

مەنسۇر ھەللاجى:

— «ئۇ بۇمۇ؟ ھە، ئۇ بۇدۇر! (خۇۋۋە -
خۇۋۋە)»

زەلىلى:

— «سەن ئۆزۈڭنى بۈگۈن تاماشا قىل،
ھەرنە ئاجايىپكى باردۇر ئادەمدە.
ئەقىل كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نەتىلەرسەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەرغىنۇننىڭ ساداسىدىن كۆيدۇم،
شوئلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بەمدە.
قايدا ئېيسا كەبىي ئۇل مەسىھ،
كۆرگىن ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە.»

مەشرەپ:

— «گەرچە مۇھتى ئەزمەم،
ئاتىم ئادەمدۇر ئادەم.
تۇرئىلە كەۋنۇ ماكان مەنەم،
مەن بۇ ماكانغا سىغمەدىم» دېگەنىدى.

ئاقىل ۋە ئارىفلىقنىڭ مىزانى «توخۇ
بىلەن تۇخۇمنىڭ قايسىسى بالدۇر» دېگەن
مۇئەممانى يېشىشتە ئەمەس، بەلكى ئىنسان-
نىڭ ئالەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى، تۇر-
مۇشنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مېلودىيىسى ئىكەن-
لىكىنى بىلىش بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىدا يو-
شۇرۇنۇپ ياتقان تەڭرىدەك پاك، ئالىيجاناب،
مۇقەددەس، قۇت بەخش، ئىزگۇ، قابىل،
قادىر، مېھرىبان، مۇرەۋۋەتچان سۈپەت ۋە
ئىقتىدار مۇمكىنلىكلىرى تىلسىمىنى ئىنسان-
نىڭ ئۆزىگە ئېچىپ كۆرسىتىش ۋە يېشىپ
چۈشەندۈرۈشتۇر. ئۇيىلاڭچۇ، تەنتەكلىك ۋە

ئەسەبىيلىكى، نادانلىق ۋە بىلمەرمەنلىك تۇيەيلى بۇ سۇپەت ۋە ئەقىدىدار سىمالىرىنى شەيتان ئىبلىس نامىغا تونپلانغان ئىللەتلەر بىلەن بىللە قوشۇپ «ئەپسانە» ۋە «ئەپيۇن» بەدكەردىسى ئاستىدا ئىنسانىيەتتىن ئادا - جۇدا قىلماقلىق، ماھىيەتتە بۇ شاراپەتلىك ماھىيەت، ئەقىدىدار، سۈپەتلەر ئورنىغا نەپسانىيەتنى ۋە ئىبلىس جامالىدا ئىپادىلەنگەن بارلىق قابەھەتلەرنى ئىنسانىيەت ئىچىگە ماكانلاشتۇرماق بولغانلىقتۇر. بۇ قەلب (كۆڭۈل) خەزىنىسىدىكى ئۆزلۈك جاھاننامىسى ئورنىغا، قاتىل خەنجەرى ۋە ئاچكۆزنىڭ قازنىقىنى تىكمىشكەنلىك ئەمەسمۇ؟!

سوقرات ھەكىم: روھىيەت بىلەن قارشىلىشىش — ئىچكى دۇنيامىزنىڭ ئىلاھىيلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە بۇ مۇقەددەس روھىيەتكە ئاسىيلىقتۇر، دېمەكەنىدى؟!

ئىنسان ئۆز - ئۆزىدىن تولۇق غەلىبە قىلغان، ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەم تىزگىنلىگەن، ئۆز ماھىيەت ۋە سۈپەتلىرىنى گۇمانسىز چۈشەنگەندىن كېيىن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» يەكۈنىنى ئالەم كېمىنى قىلىشى مۇمكىن.

بۇ مەنىدە، ئىنسان تەڭرىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ غەيرىي تەڭرىلىكلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ، خالاس!

مەشرەپ:

— «ھەقىقەت كوچىسىدا رەھنائىي
ئىنتىزارىكمەن،
تامامى ئەھلى غەپلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي
دېيمەن.»

— «كاسەلەپ كاززاپ شەيخلەر بۇ
ۋەتەندە بىر ئېسە،
كۇفر ئېلىگە مەشرەپتەك رەھنىما پەيدا
بولۇر.»

زەلىلى:

— «بۇ پىشەسەرھەددىدە ھەر تەرەپ
يۈز شىرۇ - ئەجدىھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت، نۇر
ئايان بولماس.»

— «زەلىلى ھېچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇ،
جاۋاھىر يوقتىمەن ئانى سوراغىم بار.»

مانا، بۇ يەردىكى «پەيغەمبەر»لىك — ئەلچىلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ئويغانغان قىسمىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنساننى ئويغىتىشى — مانا بۇ «ۋەھىي» ۋە مەرىپەت!

ئەلچى — رەسۇل دىنىي ئىنزاھلارغا كۆرە ئالەم پادىشاھى تەڭرىنىڭ ئاددىي ئاۋامغا ئۇلارنى دىنىي مەرىپەت بىلەن ئويغىتىش ئۈچۈن تاللىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەلچىلىكنى تولىسى پەيغەمبەر — رەسۇللار ئۆزلىرى ئاۋامغا جاكارلاپ كەلگەن. ئۇلار مالائىكلەرنىڭ ۋاستىسى، مىراج ۋەسلى ياكى ئىلاھىي ۋەھىي ئارقىلىق رەسۇللۇق پائالىيىتىنى باشلىغانلىقىنى ئۆزلىرى قەيت قىلىشقان.

مېنىڭچە، ھەقىقىي رەسۇل ئىنساننىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئالدىن چۈشەنگەن ۋە مىللەت ئىچىدە ئۆزلۈك ئاقارتىشى ئېلىپ بارغان ھەقىقەت ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار تارىخنىڭ تەپەككۇر سۇمۇرغلىرى، خەلقنىڭ دانىشمەنلىرىدىن ئىبارەت.

قەھرىمان! ئۇلۇغ مەشئەلچى! تۇسقۇن بۆسكەن ۋە ئىنسان ھاياتىغا يېڭى سەۋىيە بەخش ئەتكەن زات ئومۇمەن قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، قەھرىمانلار ئىككى خىلدۇر: ئۇنىڭ بىرى، ھېكايەتلىك قەھرىمان، يەنە بىرى، ھېكمەتدارلىق قەھرىمان! گوھىر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھىي ياكى ئىنسانىي قەھرىمانلاردىن تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخىي قەھرىمان، تراگېدىك قەھرىمان،

رېئال قەھرىمانلار ھېكايەتلىك قىممەت پەيدا قىلغان قەھرىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى چىنلىق ياكى ياسالمىلىق، ئىجابىيلىق ياكى سەلبىيلىك جەھەتتە يەنە ئۆزگىچە.

ھېكمەتدار ماقامىدىكى قەھرىمانلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلەر، بىلىش ياكى ئېتىقاد تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز - ئۆزى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەشلەردە ئەرزىيەت چەككەن، دارغا ئېسىلغان (سوقرات، ئېيسا، مەنسۇر ھەللاجى، مەشرەپ)، سۈرگۈن قىلىنغان (ئەپلاتون، پەرىدىدىن ئەتتار، چېرنىشېۋىسكىي)، قەست بىلەن قەتىل قىلىنغان (فارابىي، شەمس تېرمىزى، ئابدۇقادىر ئەزىزى) ۋە ھاقارەتلەنگەنلەردىن ئىبارەت. ھېكايەتلىك قەھرىمانلارنىڭ ھاكىمىيەت سەلتەنىتى سۈرگەنلىرىمۇ، سۈرەلمىگەنلىرىمۇ، ئايىنغان ۋە ئىزچىل تۇرغانلىرىمۇ نۇرغۇن. ھېكمەتدارلىق قىممىتى ياراتقان قەھرىمانلار ئەل غېمىدا ئۆزىنى ئاتەشكە ئاتقان ۋە ھاكىملىق سەلتەنىتى بىلەن كىبىر توزانلىرىنى ئۆزىگە يولاتمىغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھاكىم — سەلتەنەت ئىگىلىرىدۇر. ھاكىملار توغرۇلۇق ئوقۇلغان ھەمدۇ سانالار بىلەن ئۆتكۈر مەسخىرىلەر بۇتائىمىنىڭ شۇبھە تۇمانلىرى ئارىسىدىكى ھالىتىدىن بىر دېرەك. ئادىل پادىشاھ، پەيلاسوپ پادىشاھ، رەئىيەت (خەلق) پەرۋەر پادىشاھ بىلەن زالىم، جاھىل ۋە چىركىن پادىشاھ ھەققىدىكى نەسىرىي - شېئىرىي تەپسىلاتلار كۆپ قېتىم چاينالدى. ۋەھالەنكى، ھاكىم مەۋجۇتلىكى زۆرۈرى بولغان مۇھىتتا، يەنىلا ھاكىم مەۋجۇتتۇر.

بىز پەقەت ئىككى نەرسىنى تەكىتلەيمىز:

سەلتەنەت — ھۆكۈمرانلىق تەختى ۋە ھاكىملىق قورالى بولۇپ، ھاكىم قانداق فازىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسان قەلبىدىن سىرت ۋە ئىنسان بېشىغا ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن تېڭىلغان تۆمۈر دۇبۇلغىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئۆلچەم، ئۇل ۋە تۈۋرۈك دەپ بىلىدىغان، ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن پىكىرگە ھېسداشلىق قىلمايدىغان، ئىلىم ئەھلىگە شۇبھە بىلەن قاراشتىن خالىي بولالمايدىغان، ئۆز ئىرادىسىنى تۇغ ۋە قانۇن قىلغان قايىراق تاشتۇر.

سەلتەنەت مەنىسىدە، ئىنسانغا ھاكىملىق قىلىشقا يۈلىنىپ، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنى ئىنسانغا بەخش ئېتىش شۇبھىلىكتۇر. ئۇ ھەقتە «سەلتەنەت تەختىدىن ھەققەت ئىزدەش، چۆلدە يوقاتقان تۆگىنى پادىشاھلىق ئوردىسىدىن ئىزدىگەنگە ئوخشاش» دېگەن تەمسىل بار. بۇ، ھاكىملىققا خۇشتار كىشىلەرگە تەنبىھ. بىلگىنىكى، ئىنساندىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ھاكىمغا يېقىنلاشقاندا، نېچۇندۇر كۆڭلۈڭ غۇۋالىشىدۇ، ھەتتا ھەققىي ئىنسانىي قەلبتىن يىراقلىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر قوشۇمچىسى بولۇشقا يۈزلىنىسەن. سەندە ئۇنى«بۈزۈكۋار»، ئۆزۈڭنى «كىچىك پىداكار» دېگەن روھىيەت گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەر قانچە ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز - قۇللىقى بولۇشتىن كۆرە، ئازاد ئىنساننىڭ ھامىيسى، دوستى، مۇرەببىي بولغىنىڭ ئەلا. بۇ، بىرىنچى.

ئىككىنچى جەھەت شۇكى، سەلتەنەت ئەھلى مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنى ئەقىل، ئەدىلگە دەۋەت قىل! ئۇلار بىلسۇنكى، ئادىل پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە ھاجەت ئەمەس!

زالىم پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە كاپالەتمۇ ئەمەس! ھەقىقىي سەلتەنەت ئادەملەر قەلبىدە بەرقارار تاپقان سەلتەنەتتۇر. ئۇنىڭ ھاكىمى ھاكىملىق سۈرىتىدىكى ئىنسان، سەلتەنەت تەختىدىكى ئىنسانھامىيسى بولمىقى لازىم. «قۇتاتقۇ»— ئىلاھىيەت قوللىغان سەلتەنەت بولۇپ، ئۆزۈمچى ھاكىملىق قىلغان سەلتەنەت مەلئۇن سەلتەنەت ۋە كۆلپەتلىك سەلتەنەتتۇر. سەلتەنەت ئىگىلىرىنى يېتەكلەش ھاكىمىيەتچىلىكتىكى كومانىستىك ئىدىيىنىڭ ئىزچىل بىر پىرىنسىپى بولۇپ، ئۇ يەنە نىسبىيدۇر!

ھەئە، ئۇلۇغ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى — كىشىلىك تەلىماتى»! سەن تەۋرىلىك خاسىيەتلىرىڭ بىلەن تەۋرىلەردەك تەپەككۇر قىل، ھېچ بولمىغاندا ئالدىڭغا ئالتۇن بېلىق ئۈزۈپ يۈرگەن بىر داس سۇنى قويۇپ، ئۇنىڭغا نەزەر سال. ئۆزۈڭمۇ ئوزۇق تالىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار قاتارىغا كىرىۋالماي، ئۇلارنى كۆزەت. ھەيرانلىقلىرىڭنى بىردىنلا ئىنسانىيەت تۈركۈملىرىگە يۆتكە. يېنىدىكى بېلىق ئاغزىدىن نان تالقانلىرىنى يۇلۇپ ئالغان «غالىب» بېلىقتىن «غەلىبە» ۋە «غالىب» دەبدەبىلىرى بىلەن تەنتەنە قىلغان ئەسەبىيلىك چۇقانلىرىنى ئويلان! قەلبىڭدە ئويغانغان مۇنۇ جۈملىنى ئوقۇ: «غالىب» ۋە «غەلىبە» ئىبارىلىرى نادان ۋە ئەسەبىي قاراشلار ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇلمىقى جائىز!

غالىب خۇددى قەھرىماندەك، خۇددى سەلتەنەت ساھىبىدەك ھېكايەتلىك غالىب مەنىسىدىكى غالىب، خالاس. ھېكمەت قەھرىمانىنىڭ غەلىبىسى «ۋەھدەت» (بىرلىك) ۋە «ئۆزلۈك»نىڭ، نۇر ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ تارىخىي تەنتەنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ كۆلكىسى ئەمەس، ئاخىرۇ-مازدا بىلەن پرومېتېينىڭ قۇچاقلىشىشى!

ھەي ھېكايەت غالىبى، دەرھەقىقەت سەن ئۆز ھېكايىلىرىڭدا غەلىبە قىلدىڭ، بىلەمسەن، ئۇ يەنە سېنى يەڭدى. ھېكايەت غالىبلىرى مەۋجۇتلۇق سۈرىتىدىكى مەۋجۇتسىز زاتلاردۇر. شۇنىسىمۇ باركى، بەزىدە مەغلۇب ئۆز غالىبىدىن ئۇلۇغۋار بولۇشى مۇمكىن. غالىب - مەغلۇب شاھماتلىرى مىڭ قېتىم ئوينالسىمۇ، ئۇرۇقلار يەنىلا ئانا زېمىندىن ئىبارەت شاھمات ساندۇقىدا دوملاپ يېتىپتۇ! غەلىبە قىلغان نەرسە ئاڭ ۋە ھەقىقەت، خالاس! ئىنساننى بۇنداق غالىبلىق ئەپسانىسىگە قىزىقتۇرغۇچى مەيلەر ئاقىۋەت قەدەھ سوقۇشتۇرغۇچىلارنىڭ مەيلى - ئىختىيارى بىلەنمۇ، تارىخنىڭ ئۆتكەن ئىز ۋە ھېكايىلىرىنى كۆمۈپ ئىلگىرىلەش قائىدىسى بىلەنمۇ پۇچقا چىقىپ كېتىدۇ! غالىبلىق ئوردېنلىرى بىر مەھەل پورەكلىگەن قىزىلگۈلگە ئوخشاپ كۆزلەرنى چاقناتسىمۇ، ئۇ بەربىر تۆكۈلگەن خازاندەك ھەسرەتلىك تۇيغۇلاردا يەڭگىل ئۇچۇپ چىرىيدۇ. ئۇنىڭدىن قالىدىغان نەرسە ئۆتمۈشنىڭ كۆلكىلىك ئىبرىتى، خالاس.

قەھرىمان، ھاكىم، غالىب! بەلەند پەرۋازدا زېمىنگە قارا! ئۇ سېنى تەۋەللۇت قىلغانىدى، ئۇ يەنە سېنى ئۆز قوينىغا غەرق قىلىدۇ.

قەھرىمان، ھاكىم، غالىبلارغا نەزەر سال! ئۇلارنىڭ قايسىلىرى ئۆز ئايىغى بىلەن، قايسىلىرى كىشىلەر يەلكىسىگە مىنگەنلىكى بىلەن، يەنە قايسىلىرى ياغاچ ئاياغلىرى بىلەن سەندىن ئېگىز. ئۇنى ئۆز پەزىلىتى، كىشىلەر يەلكىسى ۋە ياغاچ ئاياغلىرى بويىچە بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىن. شۇ چاغدا، ئىنساننىڭ بىر - بىرىگە چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش ھېسلىرىنىڭ

قاچانىدىن داۋام قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلمىسەن.

بىلگىنىكى، چوقۇنۇش بەدىلىگە ئەرك بەرگۈچى ئىلاھ — ئەركسىز ۋە ئەرك سۆيمەس ئىلاھتۇر!

## ۋاقىت، ساڭا ئالدانمايدۇ!

ئىلاھىيەت — ئىنسان! ۋاقىت — ئىلاھىيەتنىڭ ئىلاھى! ھەل قىلىدىغان كۈچ — سېنىڭ ئىرادەڭ، سېنىڭ تۈزگەن رىجىلىرىڭ، سېنىڭ پۇختا ھىيلە - تەدبىر ياكى تۇزاق - ئالداملىرىڭ ئەمەس! سەن پىرئەۋنلىك سەلتەنىتىدە تۈمەن يارلىقلار چۈشۈر ۋە ياكى سەن تەقۋادار راھىپلىق ئىھرامىدا دائىمىي تىلاۋەت - تەسبىھ ئەھكامىنى ئادا قىل، بەرىبىر سەن ئەمەس، پەقەت ۋاقىت ھەل قىلىدۇ!

ۋاقىت — ئاددىيلا دەقىقىلەر دەرياسى ئەمەس، ئۇ ئاددىيلا كېئومېترىك سىزىق ئەمەس! ۋاقىت — ئۆتكۈر. ئۇ، ئۆز ھالىتى، ۋەزنى، ساپاسى، ماھىيىتى ۋە قۇدرىتىنى تىنىمسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان ترىگونومېترىيىلىك ئۆركەش. ئۇ تامچە بولۇپ، ئارقىدىنلا بۇلاق بولۇپ، ئارقىدىنلا دەريا بولۇپ، ئارقىدىنلا دېڭىز - ئوكيان بولۇپ ھەسسىلەپ قىممەت يارىتىدىغان تىلسىم. ئۇ، يوللار روجەكلىرىنى، پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى، سەنئەت نەفاسەتلىرىنى، بىلىش سىستېمىلىرى، ئىنسان ئەۋلادلىرىنى، مىللەت ساپاسىنى، ئىنسانىيەت ئىقتىدارىنى ھەر قېتىم ترىگونومېترىك يۈكسەلدۈرۈپ ئىلگىرىلەيدىغان مۆجىزىلىك ئېقىم.

ۋاقىت يول ئاچىدۇ، تاۋلايدۇ، ھەممىنى ھازىرلايدۇ، سىگنال تارقىتىدۇ، ئۆزى ھەققىدە ئاكتىيورلۇق قىلىدىغان شەخسلەرنى يارىتىدۇ. ئۇ، مۆجىزىدار يارىتقۇچى جۇغلانما ۋە بىۋاپا، شەپقەتسىز ھالاك قىلغۇچى دىۋە! ئۇ، تىرۇيا قەھرىمانلىرىنى يارىتتى ۋە ئۆز قەھرىمانلىقلىرى ئىچىگە دەپىن قىلدى. ئۇ «ماخاپخاراتا» باتۇرلىرىنى ئويغاتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزى چەيلىگەن زېمىن تەرىپىدىن چەيلەتكۈزدى. ئۇ ئىسكەندەرنى ئۆزىنىڭ شاھانە بارىگاھىدا غەلىبە پىلانلىرىنى تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇ شاھىنشاھنى ئۆز پىلانلىرى بويىچە قازانغان غەلىبىلىرى بىلەن تەبرىكلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياش جېنىنى ئۇنىڭ جاسارەتلىك بەدىنىدىن يۇلۇپ كەتتى.

ۋاقىت ھىدايەتكار سېخىمى! ئۇ بىكار تەلەپكە مەنىسىز ۋە ئۇنۇمسىز ۋاقىت ئاتا قىلغان. ئۇ ھەتتا مەغرۇر، كاززاپ ۋە ھاماقەتكىمۇ كەڭكۈشادە ۋاقىت ئاتا قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ سېخىيلىق تاناۋىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىنى ئۇنىڭ تەنتەك - سۇيىقەست پىلانلىغۇچىغا بەرگەن مۇمكىنلىكلىرىدىن بايقا. ۋاقىت ئۇلارغا «نېمە قىلىمەن دېسەم، شۇنى قىلىمەن» دېگەن كالتا ھەمدە ئەسەبىي مۇددىئاغا پۇرسەت ئاتا قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلمەيدۇ.

ۋاقىت خەسىس رەشكچى! ئۇ ھەممىنىڭ يولىنى تورايدۇ، ھەممىگە ئۆمۈر چېكى ۋە ئىزگۈلۈك ئۆلچىمى بىلەن قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ. ئۇ مىليون - مىليون كىشىلىك قوشۇن، مىليون - مىليون قامۇسنامە بىلەن ئون يىللاپ، قەرنىلەپ، ھەتتا ئەسىرلەپ «تونى پىچىلىپ كەتكەن» بەر قارارلىقنىمۇ قايتىدىن چۈۋۈپ، ئۆز ئۆلچەملىرى بويىچە ھەقىقىي تارىخ قەسىرىسىگە ئۆتكۈزىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر شۇ نەرسىنى بىلمەيدۇكى، ۋاقىت ھەقىقىي قىممەتلىك، ھەقىقىي مۇقەددەس، مەڭگۈ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۆلمەس نەرسىلەرنىلا، يەكۈنلەرنىلا تارىخ قاتلاملىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. ۋاقىت ھېلىگەرنىڭ شېرىكى،

ئوغرىنىڭ قازناقچىسى، سۈيىقەستچىنىڭ ھامىيسى ئەمەس. ۋاقىت قىلمىنى قىردىق يارىدىغان ئادىل سودىيە، ئۆلۈكنى تىقىپ قويىدىغان قار دۆۋىسى ئەمەس.

ۋاقىت — يېتىلىش دېمەكتۇر! ۋاقىتى - سائىتى پىشقان نەرسىنىڭ مۆجىزە يارىتىشى ۋاقىتنىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى. مۇشكۇل، ئازابلىق ۋە بىتاقەت، خورلۇق ئىچىدە يېتىلگەن مىقدار ئۆزگىرىشلىرىدىن كېيىن خۇددى تۇخۇمدىن چۈجىنىڭ، پورەكتىن گۈلنىڭ، شەرقتىن كۈننىڭ چىقىشىدەك ئۇلۇغ يارىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

ۋاقىت — يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر! ئۇ يېتىلدۈرىدۇ، يېتىلىدۇ. ئالغا قاراپ، يورۇقلۇققا قاراپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەركىن تەبىئىتى، ئەركىن روھىيىتى، ئەركىن كامالىتىگە قاراپ ئىلگىرىلەش — ۋاقىتنىڭ «ئىرادىسى» ۋە تۆمۈر قانۇنى، ئەنە شۇ!

## «ۋاپا»، «جاپا» ۋە «بىۋاپا»لىق

نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي، نەۋائىي بادە ئىچ، ئالەم غەمى بىھۇدەدۇر.»

شۇنداق! ۋاپا — ئىزگۈ كۆڭۈلنىڭ ئىزگۈ پەزىلىتى، دانا ئەقىلنىڭ شېرىن مېۋىسى! ئىزگۈلۈك ۋە كامالەت ماقامىغا يەتكەن كىشى ۋاپا بېغىشلىغۇچىدۇر، ۋاپا تەلەپ قىلغۇچى ئەمەستۇر؛ كەرەم ئاتا قىلغۇچىدۇر، تەمەننا قىلغۇچى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ چۈشەنچە سەھىپىلىرىگە: «ۋاپا كۈتۈش يۈزىسىدىن ۋاپا ۋە كەرەم بىجا قىلماق نادانلىقتۇر» دەپ يېزىلغان.

دۇنيا ماكانى جەھەتتە سەندىن بىقىياس كەڭ. زېمىن، مەملىكەت، شەھەر بويلاپ قىسىلداپ يۈرگەن سانسىز كىشىلىك توپى ئۇنىڭدا ھايات - مامات جېڭى بىلەن مەشغۇل. دۇنيا زامانى جەھەتتە سەن ياشىغان ۋاقىت مۆھلىتىدىن بىتەققاس ئۇزۇن. ئۇ ئەلمىساقتىن ئاخىر زامانغىچە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان بىھېساب ئۆتكۈنلەر گۇرۇھىنى ئۇزىتىپ ھارغان. مېنىڭ بۇ ئىككى كەلىمە سۆزۈمنى تەسەۋۋۇرۈڭ يەتكىچە ئىدراك ئەينىكىڭگە چۈشۈر، ئاندىن «ۋاپا زارىدا يۈرگەن» ئۆزۈڭگە بۇرۇلۇپ نەزەر سال! قارا، ئالەمنىڭ قايسى يېرىدە، قايسى زاماندا ساڭا «ۋاپا بېغى»، «ۋاپا شەپقەتخانىسى»، «ۋاپا قەسىرىسى»، «ۋاپا دەرياسى»، «ۋاپا ماگىزىنى» ئۇچرىغان؟ بۇ يوق! ساكىيامۇنى شاھزادە چېغىدا ئالەم — ئازاب دېڭىزى، ئۆمۈر — جاپا چەرقى، دېگەننى بىلدى. بۇنى ئۇ ئەڭ ئالىي ماقام — ئويغانغانلىق ماقامى دەپ قارىدى. خىرىستىئان سىماسى ئىيسا ئالەمنىڭ جاپالىقلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى تۈپەيلى، ئەڭ ئاخىرقى جاپا ئىنئامى سۈپىتىدە كرېست ياغىچىغا مىخلاندى! ئىسلام تەسەۋۋۇپلىرىدا بايقالغان جاۋاھىراتلارنىڭ بىرى «ئالەم باقاسىز، ئۆمۈر ۋاپاسىز» دېگەن ھۆكۈم بولۇپ، مەن ئۇنى ئالدامچى ئەقىدە ياكى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى ئەپسانە دەپ قارىمايمەن. بۇ بىر ھەقىقەت، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىنكار تېخى كۆرسىتەلمىگەن. دۇنيا ئەسلىدىن بىۋاپا، مەيلى ئۇ ئوردا ياكى زىندان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. زامان تەلىماتلىرىنىڭ قايسىبىرسىمۇ بۇ ھۆكۈمدىن مۇتلەق بولالمىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەل بىر مودېل شەكلىنى سىزدى ۋە بۇ ئالتۇن كۆۋرۈكتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان غايىۋى ئەنداز ئاستىدىكى قايناملىق تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى، كىشىلەرنىڭ بىۋاپالىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلدى:

— «چىۋىندەك چاقۇرلەر، ئىتتەك قاۋارلەر،

قايسىبىرىنى بېرىپ ئۇراي مەن»؟

ئەلشىر نەۋائىي «ئىتلەر» ھەققىدە قاقشىدى، ھەتتا ئۇ پەھلىۋان مۇھەممەد كۆچتىنگىردىن ياردەم سورىماق بولدى:

«بۇ باشىم كويىدا دائىم غۇلغۇلا قىلۇر ئىتلەر،
گەر ئۆلسەم بۇ غۇلغۇلىنى نەغۇ قىلۇر ئىتلەر.

.....

تۇتارغا ماتەمىم ئايا، يىغلىشتىلەر ياخۇد،
قىلۇرغا تائام تەنىم ئارزۇ قىلۇر ئىتلەر.»

بىر قاراشتا بۇ ئاچچىق ۋە ئىزچىل چىنلىق! يەنە بىر قاراشتا بۇ، دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىنىڭ ھەر جاي، ھەر زامان، ھەر كىشى بېشىدىكى خۇنۇك ئۇچۇرى!

«ئىت»، «چىۋىن» — ئويغانمىغان ھەممە كىشىدىكى ماددىي تەقەززا ۋە مەنىۋى ئېھتىياج بازىسىدىكى بىر مۇمكىنلىك! بۇ ھال مەلىكە ۋە شاھزادە ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت مۇمكىنلىكتۇر. ئۇنى «ئۇرۇپ» تۈگەتكىلى ۋە قابىللار ياردىمىدە ئۇنىڭدىن «خالاس» بولغىلى مۇمكىن ئەمەستۇر.

قارا، تەبىئەتكە — ئىنسانىيەتتىن ئىلگىرىكى نەپەس ئالغۇچىلارغا!

ئالما پىشار، مېۋىسىنى تۆكەر، ياپراقسىز بولۇپ، قىشلىق ئۇيقۇغا كېتەر. ئالما ئۆز ۋاپاسىغا ھېچقاچان بەدەل — ۋاپا تىلىگەن ئەمەس!

دېڭىز بويىدىكى قۇمساڭلىققا كېلىپ تۇخۇملىغان تاشپاقىغا قارا! قۇمغا تۇخۇملىرىنى كۆمۈپ قويۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇر. تۇخۇمدىن چىققان تاشپاقا قۇمچاقلىرى ئانىسىنى ئەمەس، سۇنى ئىزدەپ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلار. تاشپاقا ئۆز ئەجرىگە زادىلا ھەق تەلەپ قىلغان ئەمەس!


مانا، ۋاپا ۋە ۋاپا كۈتمەسلىك! ئۇلار ئۆزلۈك كامالىتىگە يەتكەن ئەمەس، ئەمما بۇ ئەقىلسىز، ئەمما ئۆز سىگنال رېفلېكسلىرى بىلەن دۇنيانىڭ قايسىبىر قاتلىمىدا «ۋاپا ھەرىمى» يوقلۇقىنى «بىلگەن» جان-دارلار بىلەن ئۆزلۈك مۇقامىدىكى دانالار بىرلا ھەقىقەتنى ئوخشىمىغان ھايات يولى بىلەن ئىختىرا قىلىشقان. بىرى، بىلمىشتىن خالىي ھالدا ۋاپا كۈتۈشنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىرى، ئازابلىق بىلمىش بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغان.

ھەي، نادان! يەنە ئەجىرلىرىڭگە تەنتەنىلىك ناغرا - سۇناي، تۇغ - سۇتۇق تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟! قارا، شۇنداق زورۇقۇپ شۆھرەت ئورىمىدا مەسخىرە يىغىۋالغانلارنىڭ تەلۋىلىكلىرىگە! كىمىرىكىس جەڭگە ماڭغان ھەيۋەتلىك قوشۇننى ئۆزى پارات مۇنبىرى ئالدىدا ئۇزىتىۋېتىپ يىغلىغانىدى: يەنە يېرىم ئەسىر ئۆتمەي بۇ غالىب يىگىتلەر تۇپراق ئاستىغا ئەبەدىيلىك ئۇيقۇ ئۈچۈن كېتىدۇ - ھە! مۇنبەردە كېرىلگەنلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆز يېشى ھېكمەتدار ئىدى.

جاپادىن قاچما، ۋاپا قىل، ۋاپا كۈتۈپ ئۆكۈنمە!

جاپاكەشلەرگە ھېمداش بول، كەرەم قىل، بىۋاپا بولما! بۇ ئىزگۈ ئۈمىد، ئەمما ئالەمنى بىۋاپالىقتىن خالاس قىلىدىغان تۇتىيا ئەمەس.

ياشلىقىڭغا كىبىر قىلما، ھەي، بىساقال. مەن ساقىلىمنى قىرىپ بولغىچە، سەنمۇ ئۇستۇرىنىڭ پاتراق بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ قالىسەن! ياشلىقمۇ باقاسىز ۋە بىۋاپا قىسقا دەقىقە، خالاس!






نىزامىددىن ھۈسەيىن

چۈجىنىڭ شۈملۈكىدىن توخۇنىڭ ئەقىلى يوق
— ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

تارىختىكى بەزىبىر مىجەز نۇقسانلىرىمىز دېگىنىمىزدە، مىلادى XVII ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇرتىمىز (ئەجدادلىرىمىز جەمئىيەتلىرى) دا يۈز بېرىپ ئۆتكەن يامان ماھىيەتلىك غايە — ئېتىقاد بۆھرانى (سەلبىي ئىدېئولوگىيە كرىزىسى)، ئۆرپ - ئادەت، مىجەز - كەيپىيات، دىن، ئەخلاق، مەنىۋى تۇرمۇش ... مۇنبىرى (مىللىي مەدەنىيەت) ساھەلىرىمىزدىكى نۇقسانلىق ھالەتلىرىمىز (جاھالەت ۋەيرانچىلىقلىرى) نى كۆزدە تۇتىمىز.

## — «ئەۋلىيا»لار باشلىغان يول

ئىشانغا قول بەرگەن،
شەيتانغا قول بەرگەن.
— تاتار خەلق تەمسىلى

### 1. دوملاپ تۇرىدىغان مەنبە

يېپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى مىللىي

مەدەنىيەتكە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىلىم - پەن ئورنىغا جاھالەت، نادانلىق، ئەسەبىيلىك ئالمىشىپ، مىلادى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا ئىپتىدائىي «دىنىي» تەرىقەت — سوپىزم ئېقىمى يېڭى بىر «دىنىي ئېتىقاد» سۈپىتىدە يامراپ كىرىشكە باشلىدى. بۇ «دىنىي ئېقىم» بىزدە «خۇفىيە سۇلۇكى»، «جەھرىيە سۇلۇكى»، «چىستىيە سۇلۇكى»، «ئىسھاقىيە سۇلۇكى»، «ئىناقىيە سۇلۇكى»، «داۋانىيە سۇلۇكى»، «ئىشقىيە سۇلۇكى»، «ئىمامى رەببانى سۇلۇكى» ... دەپ ئاتالغان، بىر - بىرىگە زىت نۇرغۇن «دىنىي ئېقىم»لار پارچىلاندى («دىنىي ئېتىقاد» بولۇپ يېيىلدى). بۇنى خوجا - ئىشانلار جاھالەتچىلىك دەۋرىنىڭ بىزدە باشلىنىش مۇقەددىمىسى دېيىشكە بولاتتى.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىزگە پەيدا بولۇپ ئۆز «تەرىقىتى» — «خۇفىيە سۇلۇكى» نى ئوتتۇرىغا چىقارغان، تارىختا بىزگە پەيدا بولغان خوجا - ئىشانلارنىڭ «پىرى ئەۋلىيا» سى خوجا مەختۇم ئەزەم ئۆز «تەرىقىتى» نى ھەم «پىر» — «ئەۋلىيا» نىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى شەرھىيلەپ مۇنداق يازغانىدى: «... مۆمىن بەندىنىڭ پانىي ئالەمدىكى جىسمى ئۆمرى، رىزقى نېسىۋىسى، كەچۈرمىشى، نەسلى - نەسەبى، نىيەت ئەفئالى، مەئىشەت نىسابى، ۋابال - ساۋابى...غايىبى پېشانىسىدىندۇر ... بەندە بىلىشكە، ئىزدىنىشكە نېسىپ ۋە قادىر ئەمەستۇر ... بەندىنىڭ جىسمى، تەقدىرى، زۇۋۇلىسى ئۆزى تۆرۈلۈشتىن ئاۋۋال غايىبى رەببى ئاللا تەرىپىدىن ئۆمرى پېشانىسىگە چېكىلگەندۇر ... بەندە رىزقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ئەجداتىدىن، مىراستىن، نام - نەسەبتىن، يەردىن، ئەجرىدىن، خەيرى ئېھسانىدىن ... شەك - شۈبھىسىزكى پانىي ئالەم مۆجىزاتلىرىدىن ئەمەس، مۇتلەق ئۇلۇغ رەببى ئاللا ئاتا قىلغان تەقدىرى مىزان پېشانە رەببىكۇمدىن بىلمىكى، ئىزدىمىكى شۈبھىسىز روھىي قەرزدۇر، پاكلىقتۇر ...»①

تارىخىمىزدىكى مەشھۇر ئىشان ئافاق خوجا «پىر» ھەققىدە ھەم «پىر» بىلەن «مۇرىت» مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرىت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئوخشاش. پەيغەمبەرگە ئاللادىن قانداق ۋەھيي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھيي كېلىدۇ... مېنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ماڭا ئىشەنمىگۈچىلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر ...»②

خوجا - ئىشان «ئەۋلىيا» لىرى تەرىپىدىن بىزنىڭ جاي - ماكانلىرىمىز (بولۇپمۇ دەسلەپتە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنى) دا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، كېڭەيتىلگەن ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان بۇ خىل «دىنىي يول» تەدرىجىي ھالدا مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىردىنبىر «دىنىي يولى»، تۇرمۇش — تىرىكچىلىك يولى، جەمئىيەت يولى، «خۇدايى بەندىچىلىك يولى»، ئومۇمەن يەككە - يىگانە ھۆكۈمران «يول» بويۇكلىكىگە يۈكسەلدۈرۈۋېتىلگەن (كېڭەيتىلگەن، ئومۇمىي جەمئىيەتلەشتۈرۈلگەن).

خوجا - ئىشان «ئەۋلىيا» تەلىماتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇ خىل «دىنىي يول» لىرى ئارقىلىق بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى نەگە باشلاپ، نېمىلەرگە ئېرىشتۈرمەكچى ئىدى؟ ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنى جاھان كېزىپ،

① «مەختۇم ئەزەم تەسنىپى» دىن. ② «ئافاق خوجا تەزكىرىسى» دىن.

يۇرتىمۇ - يۇرت قاتىراپ، ئۆي - ماكان تۇتماي، خوتۇن، بالا - چاقىلىق بولماي، مازايى - ماشايىقلارنى چۆرگىلەپ، چاچلىرىنى چۈشۈرمەي، جەندە - كۇلا كىيىپ، كۈندە تاپقاننى كۈندە يەپ تۈگىتىپ، ئاچارچىلىقتىن زارلانماي، ئىنتەك قانائەتچان، قوزىدەك ياۋاش، ئۇچىلىرى جۇلجۇل، روھى ئۆلۈك، قاسماق بىسقۇۋۇل، جانىنمۇ، جاھانىنمۇ ئۇنتۇغان ... پىرىنىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى ئاتاپ يۈرىدىغان خار «مۇسۇلمان» چىلىق «يولى» غا باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيەت مۇددىئاسىغا ئېرىشمەكچى ئىدى. دېمەك، خوجا - ئىشان «ئەۋلىيا» لارنىڭ «دىنىي يولى» — «تەقدىر پېشانە» چىلىك يولى «پىر» غا ئوڭ، «مۇرىت» قا تەتۈر، دوملاپ تۇرىدىغان يول ئىدى. پېشقەدەم ئۆلىما، تارىخچى ۋە ئەدىب، قەشقەرلىك مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجى ئىشان مەختۇم ئەزەمنىڭ يۇقىرىقى «دىنىي تەلىمات» ىغا باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئىمان — نىيەت دېگەنلىكتۇر. تەرىقەت — يول دېگەنلىكتۇر. دېمەككى، تەرىقەت تەركىدۇنياچىلىق يولىدۇر. بۇ يولنىڭ بىزنىڭ لەھجىمىز (تىل شىۋىمىز — ئا) دىكى ئەھلى جامائەت ئۆزلەشتۈرگەن نوقۇل مەناسى ‹تەقدىر پېشانە› — (پېشانىگە چېكىلگەننى كۆرمەك) دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر ... بۇ يول — ‹قۇرئان كەرىم› يولىغا زىتتۇر. ‹قۇرئان كەرىم› يولى مۇنداقتۇر: ئىخلاس (ھەر ئىشنى جان - دىل بىلەن ئورۇنلاش)، ئىبادەت، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت (ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق، ئىنساب، ئادالەت، كېچىمىش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىيلىق، ئىسلاھ روھى بولۇش (يېڭىلىققا يۈزلىنىش)، چىداملىق ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش، باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەتلىك، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەتلىك، ياخشىلىق، تەدبىرلىك، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يول بىلەن ئادا قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش ... ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر، ‹قۇرئان كەرىم› يولىدۇر ... مەختۇم ئەزەم يولى — ئىسلامىيەت يولى ئەمەس — نەپسانىيەت يولى — ‹سەن تاشلىۋەت، مەن تېپىۋالاي› يولىدۇر ... يولباشچىسى كاززاپتۇر...»①

VIII — IX ئەسىرلەردە ئەرەب، پارس مۇسۇلمان دۇنياسىدا «مەنىۋى تەرىقەت» چىلىك (پەۋقۇلئاددە دىنىي ئەكسىيەتچى مۇتەئەسسىپلىك) نۇقسانى بىلەن چەكلەپ تاشلانغان بۇ ناباپ «دىنىي ئېقىم» نىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ XVI — XVII ئەسىرلىك جەمئىيەتلىرىگە يېڭىبىر «دىنىي ئېقىم» سۈپىتىدە يامراپ كىرىشىگە شۇ زامان شارائىتىدىن تۆۋەندىكى ئامىللار: بىرىنچىدىن، شۇ زامانلاردا مۇسۇلمان ئالىمىدە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشى، كۆپىيىشى، دىنىي زىددىيەتلەرنىڭ ئەۋجگە چىقىشى؛ ئىككىنچىدىن، شۇ چاغلاردىكى ئەرەب، پارس مۇسۇلمان دۇنياسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، قېچىپ چىققان ھەر خىل ئەكسىيەتچى مۇتەئەسسىپ «تەرىقەت» «ئەۋلىيا» لىرىنىڭ بىزگە ئارقا - ئارقىدىن

① مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ «ئىشانلىق مەفسەدە» دېگەن ماقالىسىدىن.

تۈركۈملەپ ئېقىپ كىرىشى، كۆپىيىشى،
يەرلىشىشى، مەنبە تېپىشى؛ ئۈچىنچىدىن،
جەمئىيەتتىكى ئىچكى فېئوداللىق ئېزىش -
ئېزىلىش (ئىچكى ئىجتىمائىي زەئىپلىك)؛
تۆتىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزدىكى دىنىي
بۆلۈنۈش، سەلبىي ئەگىشىش (دىنىي كىرى-
زىس)؛ بەشىنچىدىن، دىنىي كەڭ قۇچاقلىق
(مىللىي قىزغىنلىقتىن دىنىي ئەگىشىشنى
ئومۇمىيلىق قىلىش) ... ئامىللىرى سەۋەب
ۋە تۈرتكە بولغانىدى. بۇ سەۋەب، ئامىللار-
نىڭ مەركەزلىك تۈگۈنى يەنىلا «تەرىقەت»-
چى «ئەۋلىيا» لار بىلەن ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ كەڭ قۇچاقلىق مۇناسىۋىتى ئىدى.
بۇنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، تارىخىمىزدا
تۇنجى پەيدا بولغان «ئەۋلىيا» — رەئىيە
(ئاممىا) مۇناسىۋىتى يەنى «پىر» — «مۇرىت»
(ئەگەشتۈرگۈچى - ئەگەشكۈچى) مۇناسىۋ-
تىنىڭ شەكىللىنىشى دېيىشكە بولاتتى. بۇ
يەردىكى بىخەستەلىك يەنىلا كەڭ قۇچاق-
لىق ئىدى. ئەپسۇس! مېنىڭچە، ھاياتتا كەڭ
قۇچاقلىق — ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قۇدرەتلىك
ئۇسۇل بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ.
ئەخمەقلىق بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ
بولىدۇ. كىمدە كىم ئەخمەقلارچە كەڭ
قۇچاقلىق قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇ ئاخىرى
قاتتىق قوللۇقا، ھەسرەت - نادامەتكە
قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ خىل تارىخىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇنا-
سىۋەت ۋارىسلىرى — خوجا - ئىشانلارنىڭ
تارىخىمىزدىكى نىيەت - مۇددىئالىرى توغ-
رۇلۇق مەرھۇم ئالىم، ئەدىب ئەھمەدزىيائى
ئۆزىنىڭ «پېشانىدىن كىتابى يولسىز
ئەقىدىلەرگە» دېگەن ماقالىسىدە توختىلىپ
مۇنداق يازىدۇ: «تارىخىمىزدا ئۆزلىرىنى
ماشايىق (ئەڭ ئالىي دىن ھامىيسى) ئاتى-
ۋالغان «تەرىقەت» چى خوجا - ئىشانلار-
نىڭ بىزدىكى تۈپ مۇددىئا - مەقسەتلىرى؛
قىسىلىپ كىرىۋېلىش، پەگادىن تۆرگە،
تۆردىن خانىقاغا، خانىقادىن «پىر» -
«سەئىد» لىككە، «پىر» - «سەئىد» لىكتىن
«ئەۋلىيا» لىققا، «ئەۋلىيا» لىقتىن ھۆكۈم-
رانلىققا، ھۆكۈمرانلىقتىن پادىشاھ، خانلىققا
كۆتۈرۈلۈش، ئۆرلەش ئىدى ... تاشقى
بەشىرلىرىدە ئىسلام دىنى لىباسىغا چىڭ
يۆگىنىپ، قولتۇقلىرىدىن قۇرئاننى، باش-
لىرىدىن يوغان سەللە، قوللىرىدىن تەسۋى-
نى تەرك قىلماي، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ نام - شەرىپلىرىنى ئېغىزلىرى-
دىن چۈشۈرمەي، دۇئا - تىلاۋەتتىن توخ-
تىماي، مۆمىن بەندىلەرنى خۇدا يولىغا
«باشلاپ»، تۇرۇشنى شوئارى مەنبە قىلغان
بۇ «ماشايىق» لارنىڭ روھىي ئالىمى (ئىچ-
كى دۇنياسى — ئا) پۈتۈنلەي نەپسانىيەت
(بايلىق، ئەمەل، ئابروي، مەنسەپ ...)
ئۇچۇنلا مۇتلەق بەنت ئىدى...»

دەرۋەقە، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
قەشقەرىيە زېمىنىغە ئېقىپ كىرگەن «دىنىي
ئەۋلىيا» خوجا مەختۇم ئەزەمدىن تارتىپ
تاكى 1866 - يىلى قەشقەردە خانلىق تەخ-
تىن قوغلاپ چۈشۈرۈلگەن قانخور پادىشاھ
ۋەلىخان خوجىغىچە ھەر خىل دەرىجە،
نام، ئاتاقتا جاھان تۇتقان بىر نەسەب-
يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە «ئەۋلىيا» نىڭ ھەم-
مىسىنىلا «دىنىي نىجاتكار» دېگەندىن
كۆرە دىنىي ھىيلىگەر، زەھەر سېپتىشنى
كەسىپ قىلغان «شىپاگەر تېۋىپ» ياكى
قۇرئان كۆتۈرۈۋالغان سەللالىق مەلئۇن ...
دەپ ئاتاش شەك - شۈبھىسىز توغرا
ئىدى.

خوجا - ئىشانلار مەۋجۇدىيەتتە، رېئال-
لىققا سوغۇققان، ئۇنىڭغا ئۈمىدسىزلىك،
دۈشمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ. ئۇ لارنىڭ

روھىدا جەمئىيەتكە قارشى ئاق چوڭقۇر ساقلانغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئەڭ پاسسىپ ئىدىيىۋى ئېڭى، غەيرىي ئىدراك، غەيرىي «تۇغما قابىلىيەت» لىرى ھەمدە قەدىمىي ئىدېئالىزملىق، شەكىلچىلىك، ئىنكارچىلىق، ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسى، مەدەنىيەتكە قارشى ئاڭ... ئۇلارنىڭ يولىدۇر. خائىنلىق، ئالدامچىلىق، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر، مەنپەئەتخورلۇق، ئاداۋەتپەرەستلىك، پەسكەشلىك، تىرىكتاپلىق، ساختىپەزلىك، قېرىنداشلار ئىختىلاپى، ئانىلار خورلۇقى، نومۇسسىزلىق ... ئۇلار دۇنياسىنىڭ ئۇرۇقى، مېۋىسىدۇر. خوجا - ئىشانلار قۇرغان «ئىلاھىي ھاكىمىيەت» لەر (خوجىلار خانلىقلىرىنىڭ تولىسى) «دىن»، سىياسەت، قىلىچ، پۇل، قامچىنىڭ بىرلەشمىسىدىن پۈتۈپ چىققان تەپكۇ «زالىمى ھاكىمىيەت» لەردۇر.

كېيىنكى ئۇتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا بىزنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز «تەرەققەت» يولى بىلەن ئىككى - ئۈچ ئەسىرلەپ ماڭدى. ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتتا ئۆتەيدىغان بىردىنبىر مەجبۇرىي ۋەزىپىسى «مۇرىت»لىق دەپ بىلىشتى. تارىختىكى مىللىي خاراكتېرىدىن، غورۇرىدىن مەھرۇم بولدى. ھەر خىل «ئەۋلىيا»، «ماشايىق» لارغا ئەگىشىپ بۆلۈندى. ئۇيۇشقاقلىق خىسلەتلىرىدىن ئايرىلدى. مىللىي روھتىن ئايرىلدى. مىللىي تەربىيىدىن ئايرىلدى. مىللىي يېتەكچىلىرىدىن ئايرىلدى. مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي مائارىپتىن ئايرىلدى. ئۆزى ئۆزىدىن ئاشمايدىغان — بىرى ئوت، بىرى سۇ، بىرى زەھەر، بىرى زۇقۇم تەتۈر پېشانە ئىنسانلار، تەتۈر پەلەك جەمئىيەت كىشىلىرى بولۇپ قېلىشتى، زامانلارنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن يوقالدى. مىللىي، ئىجتىمائىي دەبدەبىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. زاماننىڭ سەلبىي، تارقاق، نادان، نامرات، دۇنيادا ياشاش — مەۋجۇتلىنىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان مۇردا مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇپ قېلىشتى. بۇ ھالەتنىڭ بىر قىسىم داۋامى تاكى 1949 - يىلغىچە — جۇڭگو كومپارتىيىسى بىزنى ئازاد قىلغىچە داۋام قىلغانىدى.

## 2. بۇزۇلغان كەيپىيات

(ئۆتمۈشىمىزنىڭ نادامەتلىك پەيتلىرى توغرىسىدا)

مىلادى XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن يەنى 1678 - يىلى ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئافاق خوجا قۇرچاق خانلىقى قۇرۇلغاندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا تەركىدۇنياچىلارنىڭ بىر يۈرۈش تەركىدۇنياچىلىق ئادەت، قىلىقلىرى خۇددى بىھۇشلاندۇرغۇچى قارا بوران شەكلىدە يامراپ كىرىشكە باشلىغان ھەم تەدرىجىي جەمئىيەت مەنىۋىيىتى (جەمئىيەت روھىي كەيپىياتى) بولۇپ ئومۇملىشىشقا (يامراپ كېتىشكە) جەزملەشكەن. بۇنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئەينى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي تەركىبىدە ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بەزى مەنىۋى زەبۇنچىلىقلىرىمىزغا قوشۇلغان قارا بوران شەكىللىك مەنىۋى ئاپەت، مەنىۋى مەرەزلىك دېيىشكە بولاتتى. شۇ زامانلاردىكى بۇ خىل كەيپىيات ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ساقىندى داۋامى ياكى تەسىرى توغرىسىدا مۇنداق ئەسلىمىلەرنى قىسقىچە خاتىرىلەپ كۆرۈشكە بولىدۇ:

**بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمگەك ۋە ئەمگەككە بولغان ئەنئەنىۋى كەيپىياتى بۇزۇلغان، تىرىكتاپلىق باشلانغان، كېڭىيىپ بارغان. ئۇ، شەخسلەرنىڭلا كەيپىياتى ئەمەس، سىياسىي كەيپىياتمۇ ئەمەس بەلكى شەخسلەردىن ھالقىغان، سىياسىي قاتلامدىن سىرتقى پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەنىۋى كەيپىياتى**

بولۇپ كەتكەن. بۇ كەيپىيات دەسلەپتە
ئايرىم جاي، ئايرىم شەخسلەرنىڭ بېشىـ
دىن ئۆتتۈۋاتقان كەيپىيات بولسىمۇ، تەدـ
رىجىي ئۇلغىيىپ جەمئىيەتلەشكەن كەيپىيات،
مىللەت كەيپىياتى، ئادەت دەرىجىسىگە
ئۆرلەپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئۇستۇن كەيـ
پىيات بولۇپ بارغان. بۇنى بىر خىل
مەنىۋى سېرىق هال ئاپىتى، روھىيەت
ئاپىتى دېمەي بولمايتتى. بۇنى ئەجدادـ
لىرىمىز بەختسىزلىكنىڭ يامراش تۈگۈنى
دېيىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئەگەر بۇ ئاپەت
ۋاقتىدا تونۇلمىسا، بۇ ئاپەت يۇقۇپ سىڭـ
گەن مىللەت مەنىۋىيىتى توغرىسىدا ئېچىنىش
ئۇقۇمىدىكى توغرا چۈشەنچىمۇ بولمىسا،
ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەختسىز زامانلىرى
يامانلىشىۋېرىپ تارىخنىڭ ئەسلى ئەنئەـ
نىسىگە قايتىش، ئىلىم - پەن، تەرەققىيات
دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن
بولمايتتى.

ئەمگەك، شىجائەتتىن ئايرىلغان هاياتـ
نىڭ بەختسىزلىكتىن باشقا نېمە تەقدىرى
بولسۇن؟ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغانلار
(ۋەيران بولغانلار) نىڭ ھەممىسىلا پەقەت،
پەقەتلا ئەمگەك — شىجائەتتىن ئايرىلىپ
قالغانلار ئەمەسمىدى؟

بۇ ھەقتىكى ھېسسىياتىمىزنى تۆۋەندىكى
ئېچىنىشلىق تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىلـ
لەپ كۆرۈشكە بولىدۇ:

ئافاق خوجا «خان» لىقى زامانى
(1678 — 1694 - يىللار)دا ئۇنىڭغا تەۋە
بولغان يۇرتلار (ئاساسەن هازىرقى جەنۇـ
بىي شىنجاڭ تەۋەلىرى) دا بېجىرىم ئۇيـ
غۇرلاردىن 300 مىڭدىن جىقراقى ئافاق
خوجا مەزھىپىگە «مۇرىت» بولۇپ باغلىنىپ
پۈتۈن هاياتلىق ئۆمرىنى ئەزەلدىكى ئەمـ
گەك قىلىپ ئىشلەپ يېيىشتىن جاهان
چۆرگىلەپ تېپىپ يېيىشكە، ئەمەلىيەتتە
قەلەندەرچىلىك، كۆكەمىلىك قىلىپ جان
بېقىشقا كەسىپ ئالماشتۇرغان. يەنى يۇرتـ
ماكان تۇتماي، ئۆي - بىسات، ئائىلە،
بالا - چاقىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، جانىنىمۇ،
جاهانىنىمۇ ئويلىماي، ئۇچرىغانغا چېقىلىپ،
قولىغا چىققانىنى ئېلىۋېلىپ، نېمە تاپسا
شۇنى يەيدىغان بىلى بوش، قولى بىكار
«خۇدايى» تېجىمەللەردىن بولۇپ كېتىشـ
كەن. تارىخچى ئالىم، ئەدىب، مەرھۇم ئەھـ
مەد زىيائى بۇ زامان توغرىسىدا توختىـ
لىپ مۇنداق يازغان: «... ئافاق خوجا
زامانى — بىزنىڭ ئەمگەكچان ئەجدادلىـ
رىمىز ئۆز تەقدىرىنى ئەمگەكتىن ئەمەس،
تەقدىر پېشانە (تەركىدۇنياچىلىق) دىن
كۆرۈشكە كۆچكەن غەپلەتلىك زاماندۇر.
بىز ئۇ زاماندا خەلق، مىللەت پايدىسىغا
چېپىلغان بىرەر ئېرىق - ئۆستەڭ، ئاۋات
قىلىنغان بىنام، ئەھيا قىلىنغان ئورمان،
ياسالغان يول، كۆۋرۈك، كولانغان كۆل،
سېلىنغان ئىمارەت، راۋاج بېرىلگەن هۈنەر،
ئاۋات قىلىنغان بازار، مەھەللە ... دېگەنـ
لەرنى ئاڭلىمىدۇق ھەم بىلمىدۇق ...
ئۇنىڭ ئەكسىچە، سانسىزلىغان ئەجدادلىـ
رىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قابىل، ئەڭ گۈزەل
چاغلىرىنى تىلەپ يەيدىغان قەلەندەرچىـ
لىككە — لاماكانچىلىققا سەرپ قىلىشقان...»

دەرۋەقە، ئۆمۈر بويى ئىش — ئەمگەك
قىلمايدىغان «دىۋانە خان» لاردىن بولۇپ
كېتىشنى نومۇس ئەمەس، شەرەپ، هارام
ئەمەس، هالال كۆرۈدىغان، بىلىدىغانلارـ
دىن بولۇپ كېتىشكەن بۇنداق كىشىلەر
بارا - بارا كۆپىيىپ بېرىۋەرگەن. يۇرتىـ
مىزمۇ پۈتۈن دۇنياغا قەلەندەر تارقىتىدىـ
غان، چېكىملىك نەشە، ئوشۇقلۇق قىمار،
جەندە - كۇلالىق ئابدال، رەزىل قەلەنـ
دەر (قەلەندەرچىلىك بىلەن ئوغرىلىقنى
بىرلەشتۈرگەن — ئا) كۆپ چىقىدىغان،
تارىلىدىغان «ئالتە شەھەرلىك قەلەندەر»ـ

لەر ماكانىغا ئورۇن بولۇپ قالغان...

دانىيال خوجا خانلىقى زامانى (1697 — 1734 - يىللار) دا دانىيال خوجىچى «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ «مۇرىت» لىقىنى قوبۇل قىلغان، شۇلارنىڭ مەزھەپ كۈرەشلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ تەركىدۇنياچىلىق يولىغا كىرگەن قەشقەرىيلىكلەردىن 10 مىڭدىن جىقىراقى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ ياكى «پىر»، «ئەۋلىيا» لىرىغا دۇئا قىلدۇرۇۋېتىپ خۇدايى پېقىرچىلىك (قەلەندەرچىلىك) يولىنى تۇتۇپ چەت جايلارغا تارقىلىپ كېتىشكەن. كىرىيىلىك تۇرسۇن قارىي تەرىپىدىن 1890 - يىلى كەشمىردە يېزىپ قالدۇرۇلغان «خوتەن» ناملىق قول يازما ئەسەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... بىزنىڭ يۇرتىمىزدا دىۋانىچىلىق قىلىپ بەيتۇلھەرەمگە بارغان ھاجى ھەرەملەر باردۇر. جاھان كەزگەنلەر باردۇر. لېكىن ماكان تۇتۇپ ئەل - يۇرتقا داستىخان يايغان، خىزمەت قىلغان دىۋانە بۇ دۇنيادا ئۆتمىگەن. دىۋانە، ئابداللاردىنمۇ بەتەررەك مەخلۇق تىرىكتاپتۇر. تىرىكتاپ كۆپەيگەن جاي چۆل قالۇر، يۇرت بولماس. تىرىكتاپقا ۋەتەن، يۇرت، ئاتا - ئانا، خوتۇن، بالا، نەسل - نەسەب، نومۇس، ھايا ... ھاجەت بولماسلەر ... تىرىكتاپ كۆمۈلگەن زەرەتگاھ پۈتۈن زېمىندىن يەكلىنەر، ئەرۋاھ كۆچۈپ كېتەرلەر ... خۇدا تىرىكتاپتىن يىراق قىلغاي ...»

ھال ئەمگەك، ھالال تۇرمۇشلىرىنى تاشلىۋېتىپ، نوقانچىلىق بىلەن لىڭشىپ قورساق بېقىپ (چىقماس جان، ئۆلمەس ئادەم بولۇپ يۈرۈپ)، ئۆمرىنى خار ئۆتكۈزۈشنى راۋا كۆرۈپ ئالەمدىن كەتكەنلەرنىڭ روھناتلىرى كېيىنكى چاغلاردىكى ئەرۋاھلارنىڭ تۇپراقلىرىدا تېخى تەسىرىدىن قالغىنى يوق. تارىخنىڭ جاھالەت ئورۇقلىرىنى ئۆزىمىز تېرىپ، پەرۋىشلەپ ئۆستۈرۈپ، مىراس قالدۇرۇپ ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىپ، ئاخىرى ئەۋلادى تىرىكتاپ، ئەۋلادى نومۇسسىزلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم كېلەتتى، ئەلۋەتتە. ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىغان. مانا بۇ، بۇزۇلغان كەيپىياتنىڭ بىر خىلى.

**بۇزۇلغان كەيپىياتنىڭ يەنە بىر خىلى: ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق كەيپىياتى ئىدى.**

**ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ بىر قانىتى — ئۆزۈمچىلىك ۋە ئىچى تارلىقتۇر.** ئۇنىڭ بېشى تىل ئادانلىقىدىن باشلىنىدۇ. بىزنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن بەزى ئادەملىرىمىز ئۇنلۇك، قاتتىق گەپ قىلىشنى بوزەك بولماسلىقنىڭ قورالى قىلىۋېلىشقان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئۇلار پېتىشمايۋېرىپ تىنچلىق سەزگۈسىنى يوقاتقان. كىمنىڭ كېپى چوڭ بولسا، شۇنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ، دەپ بىلىشكەن. شۇڭا، سۆزگە سۆز كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ يانما دېگەننىلا بىلگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قائىدە سۆزلەشنىڭ ئورنىغا چىڭ گەپ قىلغان ئادەم زەردىلىك، ۋىجدانلىق ئادەم ھېسابلانغان. بۇنىڭ ساقىندى داۋامى ھېلىغىچە سۆرۈلۈپ كەلمەكتە. بىزدە ھەزىلپەرەسلىك ياكى تەبازلىق (جىلخورلۇق) ئېغىر. بۇنداق ئادەملەر ئاغزى يامان، قارا قورساق، ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، لېكىن بىچارە، كىشىنى سوراش كۆپ، ئۆزىنى سوراش يوق.

بەزىلەر بىزنى «ئىچى يامان» دەپ سۆكىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. قوشنىسى پولو يىسە ئۆزى نان يەپ ئولتۇرۇپ «نەدىن كۆرۈچ تاپتىكىن ... ياغنىمۇ بىرسىدىن تىلىگەندۇ...» دەپ ئىچىگە ئوت كېتىدىغانلار يوق ئەمەس. ئات مىنگەنلەرنى ئېشەك مىنگەنلەر تىللايدۇ، پىيادىلەر بولسا تېخىمۇ شۇنداق. كىشىلەر كىشىلەردىن

ياتقىلىشىپ كەتكەن. بىر مەھەللىلىك ھەتتا بىر جەمەت كىشىلەرمۇ تىنىقى - تىنىقىغا چۈشمەسلىك سەۋەبى بىلەن بىر - بىرىنى يەكلىشىدۇ. ھەر بىرى ئۆز نىيىتىنى — پەقەت ئۆز قارىشىنىلا جاھاندارچىلىق مىزانى قىلىشىۋالغان.

مۇنداق قىلىقلار تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، تارىختىن ئېقىپ كەلگەن (بۇشۇكتە تەگكەن) كېسەل.

**ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ يەنە بىر قانىتى — ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك.** بىزدە «ئىككى دوست» ناملىق بىر تۇرمۇش خاتىرىسى بار. ئۇ مۇنداق: بىر مۇساپىر جان بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن جاھان كېزىپ يۈرۈپ زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىن بويلىرىدىكى خىلۋەت بىر جىلغىدىن بىر كونا ئالتۇن كېنى تېپىۋاپتۇ. ئىشلەپ مىڭ مۇشەققەتتە بىر نوكچا ئالتۇن ئاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى بىرسى ئۇقۇپ دەرھال ئامبالغا چېقىپ قويۇپتۇ. كېيىن قارىسا چېقىپ قويغىنى دەل ئۆزىنىڭ ھەقەمسايىسى— كونا دوستى بولۇپ چىقىپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالتۇن تاپقىنى ئۇنىڭدىن. ئۇ:

— سەنمۇ ئالتۇن كان تېپىۋاپسەن، مەن چېنىمنى باقالماي يۈرىمەن. سېنى چاقماي نېمە ئىش قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كېيىن ئامبال ئالتۇن تاپقاننى كاننى بىلىۋالدى دەپ، چېقىمشتۇرغاننى كاندىن خەۋەر تاپتى دەپ ھەر ئىككىلىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئالتۇن كاننى ئېلىۋاپتۇ. ساكمۇ يوق، ماكمۇ يوق بوپتۇ.

**بىزدە ھەۋەسنىڭ ئورنىنى ھەسەت ئىگىلەپ كەتكەن.** ئۆتمۈشىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئىللەتلىرىگە دىققەتتە بولغان بىر كىشى ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق خاتىرە يازغان:

«بىزنىڭ مەھەللىدە كۆپ نەرسە بەش، ئاز نەرسە تۆت ... بەش نەرسىنىڭ بىرسى — قىزغىنىش، بىرسى — غەيۋەت، بىرسى — جېدەل، بىرسى — سەن، بىرسى — مەن. ئاز تۆت نەرسىنىڭ بىرسى — بىرلىك، بىرسى — ئۆزىنى سوراش، بىرسى — كىشىنى سوراش، بىرسى — خالىسلىق...»

ئېتىزلىرى تۇتىشىپ، تۇتۇنلىرى كۆرۈنۈپ، ئېشەكلىرىنىڭ ھاڭراشقىنى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ گەپلەشمەيدىغان بولۇپ كەتكەنلەرنى كىم يوق دېيەلەيدۇ. قىسقىسى، ئۆتمۈشتە بەزىلەر ئارىسىدا يالقۇنجاپ كۆيگەن مەرەز گۈلخان كېيىنكى چاغلارغا تۇتۇنلەپ يېتىپ كەلگەن، خالاس. پەرقى، بىرسى «ئەۋلىيا» لار تەرىپىدىن ئۇلغايتىلغان بولسا، كېيىنكىسى ئۆزىمىز تەرىپىدىن ساقلاپ قېلىنغان.

**بۇزۇلغان كەيپىياتنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى — نادانلىق، قارا قورساقلىق.**

تارىختىكى بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ نادانلىقى ئاساسەن ھەسەتخورلۇق، ئۆزىنى بىلمەسلىك، ياسالمىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، كۆرەڭلىك ... قىلىقلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن. مېنىڭچە، ھاياتتىكى ئىجتىمائىي ئادەمگەرچىلىك بىر خىل ھەسەتخورلۇق زىننىتى ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ بىر قىسمى. لېكىن بىزگە مىراس قالغان ئادەمگەرچىلىك ئۆزىمىزنى باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان بىر خىل شەكىل بولۇپ قالغان. سەن دوغامنى چاقىرساڭ، مەن بېگىمنى چاقىرىمەن، سەن سوپۇمغا قول بەرسەڭ، مەن ئىشانىمغا قول بېرىمەن. سەن مېھمانغا قوي سويساڭ، مەن كالا سويىمەن. سەن قازىغا ئەرز قىلساڭ، مەن ئامبالغا ئەرز قىلىمەن. سەن ئون قوي ئۆلتۈرۈپ ئون كۈن توي قىلساڭ، مەن 100 قوي ئۆلتۈرۈپ 100 كۈن توي قىلىمەن ...

مانا بۇ بىزدىكى ھەشەمەتخورلۇق مىجەزى.
ھەشەمەتخورلۇقنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرۇلۇق بىزگىچە مۇنداق بىر خاتىرە يېتىپ كەلگەن:

«... تەركىدۇنياچىلىق ئالىمىنىڭ پىرى، ئەۋلىيا ھەزرىتى ئاپاق ھەشەمەتخورلۇقى توغرىسىدا مۇنداق بىر مىسالى خاتىرە باردۇر: «... خوجا ئاپاقخان پادىشاھ خېنىمغا ئاشىق - بىقارار ئىكەنلەر. بۇنى بىلىندۇرۇپ خېنىمغا خەت سۇندىلەر ... خېنىم ماقۇل بولۇشقا ئۈچ شەرت ھەشەم قىلىپ دېدى: بىرىنچى شەرتىم: مېنىڭ پادىشاھزادە تۇغقانلىرىم بار، ئۇلارغا قانداق نەرسە لازىم بولسا بەرسە، كارى بولمىسا؛ ئىككىنچى شەرتىم: بىرەر كىشىگە غەزەپ قىلسام ئۆلتۈرمىگۈنچە قويمايمەن، ئارىغا چۈشمىسە؛ ئۈچىنچى شەرتىم: قەدىمكى پېشقەدەم ئالىملاردىن ئاڭلىدىم، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇپەيلىدىن بۇ ئالەمگە خۇدانىڭ ۋەلىيلىرىدىن كېلەرمىش ھەم ھەممە كىشى ئۇ زاتقا ئەگىشەرمىش. مەزكۇر ئەۋلىيانىڭ سۇلتانى مەندىن ۋۇجۇدقا كەلسە ...» بۇ چوڭ ھەشەمگاھلىق ئېھردى. ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭمۇ غورۇرى ھەشەمگاھلىقى تۇتۇپ، روھىي ئالەمدە بۇنىڭدىن چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي، دەپ شەرت قىلىپ، 30 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ، 30 مىڭ ئات سوۋغات قىلىپ ‹دۇنيانىڭ خوپلىقى — كەيمەك، يېمەك، چاپچاماق› دەپ لەۋزى شوئار قىلىپ 40 يەردە 100 كۈن توي قىلىپ مېھمان ئۇزاتتىلەر»①.

تارىختا ئۆتكەن ئۇنداق بىر «ئەۋلىيا»نىڭ بۇ خىل ھەشەمەتخورلۇق ساھەسىدە كېيىنكىلەرگە تاشلاپ كەتكەن مىراسى تەسىرى (بەزىلەر يادنامە دەپ بىلىشىمۇ مۇمكىن) نى سۈپۈرۈپ تاشلىۋېتىدىغان روھىي سالاھىيەت بىزدە يېتىشكەن كۈنى بىزنىڭ بۇ خىل كېسەلدىن شىپا تاپقان كۈنىمىز بولۇپ قالىدۇغۇ، ئەلۋەتتە.

**ئۆزىنى بىلمەسلىك ياكى ئۆز ئەيىبىنى تونۇماسلىق، تۈزەتمەسلىك — ئەل - يۇرت بىلەن ئىناق ئۆتەلمەسلىكنىڭ، جامائەتلىشەلمەسلىكنىڭ توپ يىلتىزى.** ئۇنى ئۆتمۈش مەنىۋىيىتىمىزدىكى كېسەللىكلەردىن بىرى دەپ تونۇشىمۇ بىر ھېسابتا ئورۇنلۇق. سەۋەب: تولا چاغلاردا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرالماي ئۆزىمىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئەيىبىمىزنى بويىنىمىزغا ئالماي داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز. چۈنكى كىشىلەر ئۆز ئەيىبىنى تونۇشقا ئادەتلەنمىگەن. خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى يوشۇرىدۇ. ئىشكىنى تاقاپ قويۇپ تەگەيدۇ. كىمنىڭكىنى تەگەيدۇ؟ يەنىلا كىشىلەرنىڭكىنى.

**بۇزۇلغان كەيپىياتنىڭ يەنە بىر خىلى: ئەگەشمە قۇلچىلىق (قارىسىغىلا ئەگىشىش) ياكى بېقىندىخورلۇق. بۇ تولاراق جەمئىيەتتە لەشكەن ئائىلار خورلۇقى، بىچارىچىلىق .. ئىللەتلىرى بىلەن تەركىبلىنىدۇ.**

مېنىڭ ئۇلۇغ بابام (چوڭ بابامنىڭ دادىسى) ئىشانغا «مۇرىت» بولۇپ «پىر»گە ئەگەشكەن. چوڭ بابام دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىشاننىڭ ئوغلىغا «مۇرىت» بولۇپ ئۇنى ئەگەشكەن. ئۇنىڭ بالىسىمۇ دادىسىنىڭ يولىغا ئەگەشكەن. ئەۋلادى ئەگىشىش داۋاملىشىۋېرىپ «ئاتاڭ قىلغاننى قىل» ئادىتى مۇقەددەس ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن. ئالايلى، XVII -XVIII ئەسىرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقدىرىنى كونترول قىلغان تەرىقەت كۈچلىرى ئەجداد ئائىلىرىمىز (خوتۇن - قىزلار) نىڭ جەمئىيەتتىكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق ئورنىنى

① ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئاپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» قەشقەر: «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» 1984 - يىل 1 - سان

پۈتۈنلەي يوق قىلىنىۋەتكەنىدى. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە بۇ ئەھۋال مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«... پادىشاھ خوجىلار زامانلىرىدا خاتۇنلار رەئىيىيە (پۇقرا) ھېسابلانماس ئىدى ... قانچىلىرىنىڭ ھايات، قانچىلىرىنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىگە مەلۇمات قىلىنماس ئىدى ... ئوغۇل تەۋەللۇت تاپقان (تۇغۇلغان) ھامان ئادەملەر تىزىمىگە پۈتۈلەر، قىز پۈتۈلمەس ئىدى ... قىزنىڭ تۇغۇلۇش، ئۆلۈش ھېسابىنى ھېچ كىشى ھېچ يەردە ھېسابقا ئالماس ئىدى ... ئەرسىز مۇسۇلمانچىلىق قىلغان، ئەرسىز ئۆي تۇتقان، ئەرسىز كەسىپ، تىجارەت قىلغان، ئەردىن ئەرلىك دەۋاسى قىلغان، ئەرگە جاۋاب ياندۇرغان، ئەرسىز مال قان قىلغان، نەزىر، توي، پاتىھە ... ئۆتكۈزگەن خاتۇن كىشىنىڭ ئىبادىتى قوبۇل بولماس ... خاتۇن كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى ئىناۋەتسىزدۇر ... سەدرە - روپاشلىقنى تەرك ئەتكەن، نەھى ھارام قىلغان (كەيىپ قىلغان)، ئەرگە خۇسۇمەتتە بولغان، بەرانە (بەدەن ئەزالىرىنى يۆگىمەي، ياپماي) يۈرگەن ... مەزلۇملەرنى نىيەتلىرىدىن ياندۇرماق، تووۋا قىلدۇرماق... مەزلۇمنىڭ جەستىنى ئەرنىڭ جەستىنىڭ دائىما ئايىغىدا قويماق ئىسلام يولىدۇر...»

بۇنداق «تەلىمات» نى ئوتتۇرىغا ئاتقۇچىلار ئېھتىمال ئانىدىن تۇغۇلمىسا كېرەك؟

ئانىلارغا نىسبەتەن تولۇق قۇللۇق ھۆكۈمنامىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل پەۋقۇلئاددە ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىم — «خوجىلار يولى» تورىنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، نەسلى سۇيىقەست، شۇ دەۋرنىڭ قارا ۋابا تورى، دېيىشكە توغرا كېلەتتى، ئەلۋەتتە.

لېكىن بۇ ھالەت كىشىلەر تەرىپىدىن ۋاقتىدا تونۇلمىدى. ئەكسىچە، ئەتىۋار «ئەنئەنە» قىلىنىپ، يولغا قويۇلۇۋەردى. شۇنداق قىلىپ، سانسىزلىغان ئامانىنساخانلار، سانسىزلىغان ئانا ئالىملار، ئانا يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەرنى ... ئۆزلىرىمىز ئۆيلەرگە سولىۋەتتۇق، كۆمۈۋەتتۇق. ئانىنىڭ خورلۇقى — بالىنىڭ خورلۇقى، ئانىلارنىڭ خورلۇقى — پۈتۈن مىللەت، جەمئىيەتنىڭ خورلۇقى ئىكەنلىكىنى، ئانىلار ئازادلىقى بولمىغان جەمئىيەتتە خەلق، مىللەت ئازادلىقىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىدۇق. قاراڭغۇغا ئۆگەنگەن قارا نادان بولۇپ ئەگىشىپلا كېتىۋەردۇق.

بۇ خىل ھالەتنى كېيىنكى چاغلاردا ئۆزگەرتەلىدۇقمۇ؟ ئۆزگەرتتۇق دېگەنىدىمۇ مەنىۋى داۋامىنى تېخىمچە جەمئىيەت خاراكتېرلىك تۈگىتەلمىدۇق. پاكىت ئۈچۈن A مەھەللىدىكى B ئاكىمىزنىڭ ئائىلە ئېتنوگرافىيىسىنى خاتىرىلەپ كۆرەيلى: ئاكىمىزنىڭ قارىشى مۇنداق: ھەر قانداق شارائىتتا خوتۇن بىلەن بالا ئەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، كېپىنگە شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم. ئەر — ئائىلىنىڭ مۇتلەق خوجايىنى ... ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت خېلى بۇرۇنلا ئوغۇل بالىلارغا بولغان تەربىيىدە ئاساسقا ئىگە بولغان. ئوغۇل بالىلار كىچىك ۋاقتىدىلا كىشىلەردىن «خوتۇن - قىزلارنىڭ قىممىتى يوق»، «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «خوتۇننىڭ يېرىم خۇداسى ئەر»، «خوتۇن - قىزلار ئەرلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ...» دېگەنلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئوغۇل بالىلار قىزلار بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا قىزلارغا كۆزگە ئىلماسلىق مۇئامىلىسىدە بولۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇڭا، چوڭ بولۇپ توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئايالىنى ھەمرىھىم دەپ قارىماستىن، خىزمەتچى ئورنىدا كۆرىدۇ. دېمەك، خوتۇن -

قىزلار ئائىلىسىدىلا ئەرلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى تەرىپىدىنمۇ كەمسىتىلىدۇ، ئەرلەرى تەرىپىدىن خورلىنىدۇ. باراۋەر ھەمراھقا ئايلىنىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بېرىلمەيدۇ. قىز تۇغۇش مەيۇسلۇك ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ ئاكىمىز B 90 - يىلى 33 - خوتۇنىنى قويۇۋەتتى. پۇشتىدىن بولغان ئالتە ئوغۇلنى بېقىپ، سەككىز قىزنى ئانىلىرىغا تاشلىۋەتتى. قويۇۋېتىلگەن خوتۇنلارنىڭ توققۇزى «ئاغزى يامان»، 12 سى «ھاياسىز»، بەشى «كوچا كەزدى»، ئىككىسى «تېگى پەس» لىكتە ئەيىبلەنگەن. يۇقىرىقى «ئەيىب»، «گۇناھ» لارنىڭ ھەممىسىلا يەنىلا تارىختىكى «خوجىلار يولى» دىن قالغان مىراسلارنىڭ مېۋىلىرى ئەمەسمۇ؟ بىزدىكى يامان گەپنىڭ ئەڭ قاتتىقى خوتۇنلارغا، گۇماننىڭ نۇرغۇنى خوتۇنلارغا، گۇناھنىڭ نۇرغۇنى يەنىلا خوتۇنلارغا، دىنىي ۋابال، ساۋابنىڭ جايىدا بولمىغانلىقىمۇ يەنىلا خوتۇنلارغا ... ئارتىلىۋاتامدۇ؟

جاھاندارچىلىق ئالاقىسى ئېشەكلەشكەن كونا زاماندىن ئايروپىلانلاشقان يېڭى زامانغا قەدەر (ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە) بۇ خىل ئەگىشىش (ۋارىسلىق) داۋاملىشىپ كېلىۋەردى. ئىشانىم كەتكەن بىلەن يولى كەتمىدى، بوۋىمىز ماڭغان يولنى نەۋرىمىز مېڭىۋاتىدۇ. ئەگەر تارىختىن قالغان ئەگەشمىچىلىك ئۆزگەردىغۇ دېيىلسە، راست، ساقاللىقلاردىن ساقالسىزلارغا، ئۇزۇن چاپانلىقلاردىن كالتە چاپانلىقلارغا، ئومۇمىيلىقتىن تارايغان ئومۇمىيلىققا، ئاشكارىلىقتىن يوشۇرۇنلۇققا ئۆزگەردى، خالاس. بۇرۇنقىلار ئەگىشىشنى خانىقا، تۈنەكخانا، مازارلار (تەرىقەت سورۇنلىرى) دا ئۆگەنگەن بولسا، كېيىنكىلەر باشقىراق يەرلەردە ئەگىشىشنى ئۆگەندى. ئېغى بۇ خىل ئەگىشىش — بۇرۇنقى خوجىلارنى ئەگىشىشتىن مەزھەپچىلىك، چېكىدىن ئاشقان خۇشامەتگۈيلۇق، رەزىل خۇسۇسىي غەرەز بىلەن مەلۇم مەنسەپدارغا ئەگىشىشكە شاخلىدى، خالاس. بۇنى بىر خىل مىللىي كېسەل — تارىخ پاجىئەسى دېسەك بولار.

**بىچارىچىلىق — تولاراق ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ... ئادىتى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.**

بىزدىكى بىچارىچىلىق:

— نېمە ئىش قىلىسەن؟
— بۇيرۇغاننى.
— ئولتۇرامسەن؟
— ئۆرە تۇرۇپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن.
— ۋەزىپەڭ نېمە؟
— خوش دېيىش.
— ئىش قىلالامسەن؟
— خەق قىلغاندا قىلىمەن.
— كۈلەلەمسەن؟
— خەق كۈلسە، كۈلەلەيمەن.
— يىغلىيالامسەن؟
— خەق يىغلىسا، يىغلايمەن ...

دېگەنلەك خاراكتېردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەن قىياپەتلىنىدۇ. دېمەك، بىز پەۋقۇلئاددە مۇتەئەسسىپ مەدەنىيەتنىڭ ئاسارىتىگە دۇچار بولغانلىقىمىز ئۈچۈنمىكىن بەزىلىرىمىز مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان. پەرق ئېتىش، باھا بېرىش، ئەقلىمىزمۇ يوق دېيەرلىك. راست - يالغاننى پەرق قىلىشقا قىزىقمايمىز. بۇ، بىر نېرۋا خاراكتېرلىك زەئىپلىكىمىز، ئەلۋەتتە.

**بۇزۇلغان كەيپىياتنىڭ يەنە بىر خىلى قەلەندەرچىلىكتۇر:**

«سۇغا بافرى قانمىغاچقا، كۆپ ھاللاردا سەرىقتال - مۇھتاجلىقتا ياشايدىغان بۇ جاپالىق بۇرتتىن ئالىمۇ، زالىمۇ، بايمۇ، گادايمۇ چىققانىكى، ئەزەلدىن بىرمۇ تىلەمچى چىققان ئەمەس. بۇنىڭدىمۇ بىردىنبىر خاسىيەت

شۇكى، سايدا تۇغۇلۇپ، تاشقا دەسسەپ ئۆسكەن بۇ ئىرادىلىك خەلق دۇنيانى، ياشاشنى ۋە ئىنسانىي قىممەتنى چىن مەنىسىدىن ئەمگەك دەپ چۈشىنىدۇ.»

— ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ «داۋانلىق يوللار ناملىق پوۋېستىدىن.

قەلەندەرچىلىك دېگىنىمىزدە، بىزدە ئۆتمۈشتە بولغان قەلەندەرچىلىك، تىلەمچىلىك ... بىلەن مەشغۇل بولغۇچى كىشىلەرنى كۆزدە تۇتۇمىز.

كونا جەمئىيىتىمىزدە قەلەندەرچىلىك قىلغان بەزىبىر كەسىپىي پېشقەدەم قېرى قەلەندەرلەر ئۆزلىرىنىڭ «قەلەندەرچىلىك يولى» نى: «ئۇلۇغلىرىمىزدىن قالغان يول»، «رىسالىسى بار يول»، «رىسالىدە دۇنيانىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىن قول ئۈزۈپ، دۇنيا مەئىشەتلىرىنى قوغلاشماسلىق، رىيازەت چېكىپ غۇربەتچىلىكتە تەركىدۇنيا ئۆتۈش قەيت قىلىنغان، بۇ يولدا توختىماي يۈرگەنلىك ئاخىرەتلىكنى تاپقانلىقتۇر ... قەلەندەرچىلىك — نامراتلىقتىن ئەمەس، ساۋابلىق ئۈچۈندۇر ...»، «قەلەندەر پېشانىگە پۈتۈلگەن رىزقىنى ئىزدەپ تېپىپ يىگۈچىلەردۇر ...» دېيىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، قەلەندەرچىلىكنى نامراتچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەندىن كۆرە، تارىختىكى «تەرىقەتچى ئۇلۇغلىرىمىز» كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، قەلەندەرچىلىك تەرىقەتنىڭ تۇرمۇشلاشقان جەمئىيەت شەكلىدۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا بىز ئۇنداق قەلەندەرچىلىكنى جاھالەت قەلەندەرچىلىكى دەپ ئاتايمىز. بۇ قەلەندەرچىلىك خاراكتېر جەھەتتە ئىجتىمائىي نامراتلىق ھادىسىلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تارىخىي، تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماددىي تۇرمۇشتا مادارسىز قالغانلار، ھادىسىگە، پېشكەللىككە ئۇچراپ ئىجتىمائىي بېقىم، قۇتقۇزۇشقا ھاجەت بولغانلار، ئىگىسىز، ھامىيسىز قېرى - چۆرىلەر، ناتاۋان يېتىم - يېتىمەلەر، قىسقىسى جەمئىيەت خەيرى-خاھلىقى زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي بىچارىلەر ... دىن پەرقلىنىدىغان قەلەندەرچىلىكتۇر.

بۇ خىل قەلەندەرچىلىك توغرىسىدا 1948 - يىلقى ئىلى ھۆكۈمىتى (ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى — ئا) ئورگان گېزىتىنىڭ شۇ يىلى 11 - سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان قەلەندەرچىلىكنى چەكلەش ھەققىدىكى باشماقالىسىدە مۇنۇلار تەكىتلەنگەن: «... ئىلى تەۋەلىكىدە بەزەن قەلەندەرلەر ھەر بىرى ئات مىنىپ، ئىككى - ئۈچتىن ئاتنى يېتىلەپ يۈرۈپ سەھرا، قىشلاقلارغا چىقىپ دېھقان، مالچى قېرىنداشلىرىمىزنى ئالداپ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋالماقتا ... قەلەندەرلەر خامانلار چەش بولغاندا خامانلارغا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بىرسى ‹مەن ئىلمىي تالىب›، دېسە، يەنە بىرلىرى ‹يەتتە قېتىم ھەرەمگە باردىم› دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ‹ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەن› لىكىنى دېيىشىدۇ. بەزىلىرى ئاجايىب - غارايىب ‹ئۇلۇغ كىتاب› لارنى كۆرسىتىشىپ غايىبنى بىلىدىغانلىقىنى، بالا-قازا، ئاغرىق - سىلاقتا شىپالىق ئاتا قىلغۇچىلار ئىكەنلىكلىرىنى تەكىتلىشىدۇ - دە، خامانىدىكى چەشكە قاراپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. تاكى ئالدىغا ئۈچ - تۆت گۈرجەكتىن بۇغداي تۆكۈلمىگىچە خاماندىن كەتمەيدۇ ... ئۆتكەن يىل كۈزدە يۇقىرىقى جاغىستايدىنلا ئون نەچچە قەلەندەر تىلەپ 300 نەچچە خو بۇغداي يىغىۋالغان. جىسمانىي مادارى ئوبدان، تەندۇرۇس كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ تولىسى ئۇششۇقلۇق، قىمارۋازلىق، نەشىخورلۇق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق ... ئىللەتلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن تىرىكتاپ، مۇتتەھەم، نومۇسسىز كىشىلەردۇر. جەمئىيەت مىقياسىدا ئۇنداقلارنى چەكلەش، تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى

يۈرگۈزۈش كېرەك، بۇ، چوڭ مىللىي
ۋەزىپىمىزدۇر ...»

بىزنىڭ بۈرۈنقى جەمئىيىتىمىزدىكى
ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق، نەشىخورلۇق،
ئالدامچىلىق، كۆكەمىلىك، يۈزى قېلىنلىق
ئىللەتلىرىنىڭ تارقىلىش مەنبەلىرىدىن
بىرى — قەلەندەرچىلىك ساھەسىدۇر. 1937-
يىلى 20 - مايدا چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر
گېزىتى» دە بېسىلغان «ئۈرۈمچىنىڭ بىر
يىللىق خىزمەتلىرى» دە «... 59 مىڭ ئا-
دىمى بار ئۈرۈمچىدە مۇشۇ بىر يىل ئىچى-
دىلا 414 قېتىم ئوغرىلىق ۋەقەسى بولدى.
بۇنىڭ 390 قېتىملىقىنى قەلەندەرلەر قىلغان.
17 قېتىم قاتىللىق كۆرۈلدى، يەتتىسىنى
قەلەندەر - بەڭگىلەر قىلغان. 240 قىمارۋاز
تۇتۇلدى. 102 سى ئۈرۈمچىگە كەلگەن قە-
لەندەر مۇساپىرلاردۇر ... »

ئەپلەشتۈرەلىسە ئوغرىلىق، ئەپلەشتۈ-
رەلمىسە قەلەندەرچىلىك قىلىدىغان، ياش
ۋاقتىدا ئوغرى، قىمارۋاز، قېرىغاندا بەڭگە،
قەلەندەر بولۇۋالىدىغان، قاراڭغۇدا بۇلاڭ-
چى، كۈندۈزدە قەلەندەر — بىچارىچىلىك
بىلەن يۈرۈيدىغان قەلەندەرلەر ئومۇمەن
«خودا يولى» نى شىپى كەلتۈرۈپ، «دى-
نىي» لىباسقا يۆگىنىپ، بىچارىلىق بىلەن
كۆرۈنۈش قىلىپ، يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا سۆزلەپ،
قوللىرى كۆكسىدە، بەللىرى ئالدىغا ئېگىل-
گەن، خۇددى تىزلىنىپ تەلمۈرگەن نەپسخور
ھايۋاندەك خارلىق خواھلىقىنىڭ ھەممە تۈرلى-
رىنى خوپ كۆرۈپ بىر پارچە نانغا ياكى
بىر تىيىن پۇلغا جانىنى تەلمۈرتكەن، ئىن-
سان سىياقىدىكى قەدىرىدىن ئايرىلغان ئا-
دەم بولغىنى ئۈچۈن بىزنىڭ كىشىلىرىمىز
دەرۋەقە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش، بىر نەرسە
بېرىپ قويۇشنى مەنىۋى خىسلەت، ساۋاب-
لىق ئىش قىلىۋالغان. بۇنداق يۇمشاق
خىسلەتنى بۈرۈنقىلار «تەركىدۇنيالىق خىس-

لىتى» قىلىشقان بولسا، كېيىنكىلەر «مۇ-
سۇلمانچىلىق خىسلىتى»، ئۇنىڭدىنمۇ كې-
يىنكىلەر بولسا «ئىنسانچىلىق خىسلىتى»
قىلىشىپ كەلمەكتە. خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ، يا-
كى ئائىلىسى، بىر يۇرتنىڭ نومۇسىنى تۆ-
كۈدىغان، ئەڭ يامان ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ
كەتكەن، ئەمگەك قىلمايدىغان، خورلۇق
سېزىمىنى يوقاتقان، زىيىنى ئېغىر، تەس-
ىرى قەبىھ ئۇنداق كىشىلەرگە پاك مۇسۇل-
مانچىلىق خىسلىتى، پاك ئىنسانچىلىق خىس-
لىتىنى زايا قىلىش — بىلىپ - بىلمەي نو-
مۇسسىزلىققا، خورلۇق - خواھلىققا ئاگىسىز-
لارچە بولۇشقانلىق، يان باسقانلىقتۇر. نەپ-
رەتكە ئۇچرىمىغان ئىللەت يوقالمايدۇ،
ئەسكىلىككە قارشىلىق بولمىغان يەردە
ئەسكىلىك تۈگىمەيدۇ. نومۇس بولمىغان
يەردە ۋىجدان نېمە قىلسۇن؟ ئىجتىمائىي
بىچارىلەر (ئەمگەكسىز، بېقىمسىز، ئاجىز-
ناتىۋانلار) گە قارىتىلغان پاك دىنىي خىس-
لەتنى، ئىنسانچىلىق خىسلىتىنى، جىسما-
نىي مادارى، قۇۋۋىتى، تەندۇرۇسلۇقى
جايىدا تۇرغان قارام تىرىكتاپلارغا تەقدىم
قىلىش — ۋەج تاپساڭ ئەسكىگە بەر دېگەن-
لىك بولماي نېمە؟ دۇئا قىلدۇرۇش تۈگ-
مىسە دۇئا ئېلىش تۈگىمەيدۇ. ساختا قە-
غۇچى تۈگىمىسە ساختا قىلىنغۇچى تۈگى-
مەيدۇ. ئۇلۇغ ئەدىب ئەلىشىر نەۋائىي تى-
لەمچىلەر ھەققىدە «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا
مۇنداق يازىدۇ:

«...تىلەمچى - گادايلارنىڭ تو-
لىسى غەيرەتسىز ۋە ھاياسىزدۇر. ئۇ-
لارنىڭ كۈندۈزى ھەريان قاتىرىشى
ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە
ئېلىش ۋە كېچىسى كېلىپ ئوغرىلىق
قىلىش ئۈچۈن ھەر يانغا كۆز سېلىشتىن
ئىبارەت ... كىشىدىن ياخشىلىق كۆر-
سە شۈكرى قىلمايدۇ. ياخشىلىق كۆر-
گەن كىشىنى تىلغا ئالمايدۇ. ھەر قانچە

يېسىمۇ يەنە ئاچ قالغان كىشىدەك، قانچە ئىچسىمۇ سۇغا قانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خىيالى گىچىماچ خىياللار بىلەن تولغان. كۆڭلىنى رىياكار سوپىلارنىڭ كۆڭلىدەك ناخۇشلۇق قاپلىغان ... ئۇلار ئادىمىلىكتىن يىراق. ھەتتا دىۋە-شەيتانلارمۇ ئۇلارنى تىللايدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتتىن ۋە مۇسۇلمانچىلىقتىن يىراق بولۇپ، توڭگۇز ۋە ئېيىقلار ئادەمگەرچىلىكتە ئۇلاردىن ياخشىراق ...»

**بۇزۇلغان كەيپىياتنىڭ يەنە بىر خىلى نەشىكەشلىك — زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش ئىدى.**

مىلادى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن قەشقەرىيە تەۋەسىدە ئاپاق خوجا ۋە ئاپاق خوجا گۇرۇھىنىڭ «ئىشقىيە» «دىنىي» ئادىتى يەنى نەشىكەشلىك — بەڭگىلىشىش ئادىتى باش كۆتۈردى ھەم كۆچەپ كېڭەيتىلىشكە باشلىدى.

«ئىشقىيە» مەزھىپىنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى: «ئاشىق»لىشىش يەنى «ھەشىشىن» (نەشىخورلۇق) يولىغا كىرىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن «ئىبادەت» ئادا بولماس ئىدى.

«... ئىشقىيەچىلەر توپلانغان جايدا يەككە-يېگانە ھالدا قانغۇدەك چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى ‹ئىبادەت› دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ ئارقىلىق ‹خۇدا› غا ‹ئاشىق› لىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ ساراڭلارچە ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى ‹خۇدا› نىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق ... دەپ قارايدۇ ...» ① مانا بۇ ئاپاق خوجا «ئىشقىيە» يولىنىڭ توپ پرىنسىپى ئىدى. ئاپاق خوجىنىڭ بۇ «دىنىي» يولىنى ئەمەلىيەتتە XII ئەسىردە ئىراندا ئۆتكەن ھەسەن ساباھ (1039 — 1124) «دىنىي» تەرىقىتىنىڭ XVII ئەسىردىكى كۆچۈرۈلمىسى دېيىشكە بولاتتى. XIII ئەسىردە ياشىغان ساياھەتچى ماركو-پولو ھەسەن ساباھنىڭ بۇ «دىنىي يولى» ھەققىدە توختىلىپ: «... ھەسەن ساباھ مۇرىتلىرى (پىدائىيلىرى) نى نەشە چەكتۈرۈپ مەست قىلاتتى. ئۇلار نەشىگە ئادەتلىنىپ نەشىسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ نەشە چەككىسى كەلگەندە نەشە بېرىمەن دەپ ھەسەن ساباھ خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇيتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نەشە بېرەتتى ۋە ‹جەننەتنى› گە كىرگۈزەتتى ...»② دەپ يازغانىدى.

«تەزكىرە ھىدايەت» (ئاپاق خوجا ھەققىدە تەزكىرە) دىن بىلىشىمىزچە، ئاپاق خوجا ئىشانلىق قىلغان (1633 — 1694)، خانلىق قىلغان (1678 — 1694) يىللاردا خاس قەشقەرىيىدىلا ئۇنىڭ «دىنىي ئاشىق» لىرىنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز نەشىكەشلىكنى سەۋەبسىز سەلبىي ئامىللار بىلەن ئەمەس، سەۋەبلىك «يۇمشاق» قارام ئامىللار بىلەن قوبۇل قىلىشقان، بۇنى تارىخىمىزدىكى ئەڭ زور مىللىي پاجىئە، مىللىي بۇزۇلۇش دېمەي بولمايتتى:

1. ھەممە زامان ۋە تۈزۈملەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، ۋىجدانسىزلىقىنى، نىجىسلىقىنى، تۇرمۇشتىكى ئۆچمەس داغلارنى بەڭگىلەر كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

2. ئۆمرىۋى ئاغرىقچانلار، تۇغما مېيىپلەر، جىسمانىي سۇپەتسىزلەر، گۆمۈش،

① ھاجى نۇرھاجى: «تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1982 - يىل 5 - سان. ② مۇھەممەد سالىم: «شىئە-ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1982 - يىل 4 - سان.

ساراڭ، لەقۋا، تەرسا، دۆت، جېدەلخور، ئەخمەق، پوچى ... لار ئومۇمەن كەسپىي بەڭگە ئاتا - ئانىلاردىن تۇغۇلاتتى.

3. نەشىكەشلەر ئىنسان ئالىمىدە ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق (ئەل ھۆرمىتىدىن، خەلق ياكى مىللەت غورۇرىدىن، ۋەتەن، مىللەت، خەلق، نەسىل، نەسەپ، ۋىجدان، مۇسۇلمانچىلىق ... سېزىمى) تىن ئايرىلغان، ئەلگە ئىللەت، زېمىنگە يۈك — كۆل — تۇپراق كىشىلەردىن بولۇپ چىقاتتى.

4. نەشىكەش — ئۆرلىسە جېدەلخور، پەسلىسە قەلەندەر بولۇپ ئۆتەتتى. ئىش ئەمگەككە يارامسىز ھەم كۆڭۈلسىز، ئەل - يۇرتىغا، قەۋم - جامائىتىگە ۋاپاسىز بولۇپ قەلەندەرچىلىك، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، ھەتتا قاتىللىق... ئۇلار تەبىئىتىگە يات ئەمەس ئىدى.

5. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى راستلىق ۋە توغرىلىقتىن يىراق، گۇۋاھ - شاھىدلىققا، نەسىھەت ۋە مەسلىھەت ئارايىشىغا ناباب ۋە بىھاجەت قەدىرى ئۇسال ئادەملەردىن بولاتتى.

دېمەك، نەشىكەشلىك تۈگىمىگەن جەمئىيەتتە بەرجەس، قابىل، ئاڭلىق، سۈپەتلىك ئادەملەر تۇپىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەننىڭ، سەھىيە، سالامەتلىكنىڭ تەرەققىياتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەخت، جىسمانىي ئازادلىق، ھەقىقىي ئىستىقبالنىڭ بولۇشىمۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى (ئاپرېل ئىنقىلابى)غىچە داۋام قىلغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر بۆلۈم كىشىلىك تارىخى — نەشىكەشلىك داۋام قىلغان، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ قانۇنىي ياكى ئاممىۋى چەك قويۇلمىغان ئىجتىمائىي زەبۇن (نەشە دىنىي ساھەگە، مەدەنىيەت ساھەسىگە، ئېتنوگرافىيە، ئەخلاق ساھەسىگە، سەنئەت، ئەدەبىيات ... ساھەلىرىگە ئۇسسۇپ كىرگەن، يۇرت، مەھەللە، كوچا، ئۆيلەرگىچە سىڭىپ تۇرغان، نەشە پۇراپ تۇرغان) تارىختۇر. ياۋروپا جاھانگىرلىرى تارىختا ئەپيۇن بىلەن جۇڭگولۇقنى كاردىن چىقارماقچى بولغان بولسا، تارىختىكى ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجىچىلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى نەشە بىلەن كاردىن چىقىرىۋېتىش كارامىتىنى راسا كۆرسەتكەن تارىختۇر.

دېمەك، ناۋاتنى سېتىپ نەشە ئېلىپ تارتىدىغان، زېمىننى سېتىپ گۈلخان قۇرۇدىغان، تاپقان بايلىقىنى ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسىگە، ئىلىم - ئېرپانغا ئەمەس، نەشىگە خەجلەپ تۈگىتىۋېتىدىغانلار تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بۇنداق جەمئىيەت پۈتۈن مىللەتنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتكۈچى جەمئىيەت بولۇپ قالغانىدى.

تارىختىكى بۇ خىل مىللىي پاجىئەنىڭ سەۋەب-مەنبەلىرىنى تارىخىي جەھەتتىن «ئىشقىيە» يولىنى بىزدە يۈرگۈزگۈچى ئافاق خوجا ھەم ئافاق خوجىچىلاردىن دەپ قارىساقمۇ، رېئال ئەھمىيەت جەھەتتە (پۈتۈن ئاساسىي تەرەپ) يەنىلا بەزى مۇھتەرەم بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىدىن كۆرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەلۋەتتە، راست، بىر قىسىم بوۋىلىرىمىز «ئاشىق»لىق يولىغا ئۆزلىرى كىرگەن. بەڭگىلەرنى «خۇدا»نىڭ «ئاشىق»لىرى دەپ ئۆزلىرى ئەتىۋارلاشقان، ھەتتا جەمئىيەتنى شۇلارنىڭ دامىغا تۇتۇپ بەرگەنىدى. ئەپسۇس! نەشە كەندىرى تېرىغان، نەشە ئىشلىگەن، نەشە ساتقان، تارقاتقان، چەككەن، چەككۈزگەن، يېگەن، يېگۈزگەن، چەتكە چىقارغان، نەشە بىلەن بازار ئاچقانلار، گۈلخان تۈزگەنلەر... يەنىلا بەزى

بوۋىلىرىمىز ئىدىغۇ؟ نەشە ئىشلەشنى «خۇدايى كەسىپ»، «ئاشىق»لار ئوزۇقى دەپ بىلىپ بالىدىن-بالىغا مىراس قالدۇرۇپ ئۆتكەنلەر يەنىلا بەزىبىر بوۋىلىرىمىز ئەمەسمىدى؟

«ئىشانغا زۇقۇم»، «مۇرىت» قا «شىپا» زەھەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن جاللات «ئەۋلىيا»لارنىڭ ئاياغلىرىدا پايپېتەك بولۇشۇپ، دونداقلاپ دېگەنلىرىنى قىلىپ ئۆزىنى ھارامقۇربان قىلغان (زەھەر يۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن) نادان قارىغۇ مېنىڭ بوۋام ئەمەسمىدى؟

ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى سۆكۈش خۇددى كونا جەسەت بىلەن جېدەللەشكەندەك سەتئىش بولسىمۇ، مەن ئەرۋاھ سۆكۈشنى راۋا كۆرۈۋاتمىمەن. كىشىلەرگە ئاتاك قىلغاننى قىلما، دەۋاتىمەن. دىلدا مۇھەببەت بولمىسا رەزىللىك بولىدۇ. مېنىڭچە سۆكۈش كېرەك. كونا تامنى چېقىۋەتمىسەك يېڭى تام سالالمايسەن. بەڭگە بوۋام ئۆلگەن بىلەن ئۇنىڭ يولى ئۆلمىدى - دە؟ نەشە بىلەن زەھەرلەنگەن مەستخۇشلۇق دەۋرى سوزۇلۇۋەردىغۇ؟ نەشىگە قارشى تارىخ يارىتالمىدۇققۇ؟ ئەكسىچە، نەشە كەندىرىنى تېرىشنى كېڭەيتكەن، نەشە، چىلىم بازىرى ئاچقان، چەتكە نەشە سېتىپ رەسۋا بولغان، نەشە گۇلخانلىرىنى ئاۋات قىلىشىپ بەرگەن، نەشىكەشلىك كەسپىنى جىم تۇرۇپ قوغدىغان، ئاسرىغان، بەڭگىلەرنىڭ ئورنىنى كۆتۈرگەن سەلبىي تارىخىمىز يەنىلا بارغۇ؟ مەسىلەن، يەكەننىڭ 1937 - يىلدىكى ھاكىمى ئەھمەد (ئەھمەد شيەنجاڭ)نىڭ شۇ يىلى 15 - مارتتا چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى»دە 30 - يىللاردىكى يەكەننىڭ نەشىكەشلىك ئەھۋالى توغرىسىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا مۇنۇلار تەكىتلەنگەن: «... ئۇي يىلى (1937 - يىلى — ئا)دا بىزنىڭ يۇرتىمىز (يەكەن دېمەكچى — ئا)دا ئەڭ ئوبدان ئوخشىغان زىرائەت كەندىر. مەلۇمات ئېلىشىمىزچە، بۇ يىل نەشە ھەسسىلەپ كۆپىيىدىكەن. مەھەللە، چاقارلاردا چىلىم چېكىش ھەيران قالغۇدەك ئاۋۇپ كەتتى. مەھكىمە شەرئىيە مۆتىۋەرلىرى، جامائەت پېشىۋالىرى، ھۆكۈمەت، جىڭساجۇ ئەسكەرلىرى، قازى رەئىس ئاخۇنۇملار بۇ خىل نەھى ھارامنى توسۇشقا چارە ۋە تەدبىر كۆرەلمىدىلەر... ئاشىقلىق پۈتۈن يەكەننى قاپلىدى... يىللىق ئېلىنغان نەشە يىللىق ئېلىنغان پىلىدىن كۆپتۇر... ئەھلى ئىلىمدىن، نامۇسلۇق جامائەت كىشىلىرىدىن، دىنىي مۆتىۋەرلەردىن، يۇرت چوڭلىرىدىن بەڭگىلەرنىڭ سانى ئېشىپ كېتىپتۇرلەر. يۇرت بەڭگىلەرنى ئەمەس، بەڭگىلەر يۇرتنى تۇتۇپ تۇرغىدەك بەدئۆلۈك بولماقتىلەر... نېمە قىلماق كېرەك؟»

1941 - يىلى 4 - نويابىر قەشقەردە چىققان «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» دە مەرھۇم شائىر، ئەدىب مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز («سۆزۈك»)نىڭ مۇنداق بىر پىغانلىق ئەنزارى بېرىلگەن: «... بۇ تىرەپلەردە ئەپەندىلەردىن ‹ئاشىق›نىڭ گەپلىرى ئورەراق. ئورنىمۇ يۇقىرىراق. مەئىشتى، تاپاۋىتى ئۈستۈنرەك. زامان، ھاكىمىيەت، ئىسلام نازارىتىدىن ئىلىم - ئېرپان ئەھلىگە قارىغاندا «ئاشىق» لار يىراقراق ھەم مۇستەسناراق... ‹ئاشىق›لارغا چىلىم، نەشە، سورۇن - داستىخان ھەر يەردە بار. ئىلىم - ئېرپان ئەھلىگە كىتاب، ئۇستاز مالاقەتچى تاپماق تەس. بىر يۇرتتا كىتاب ئوقۇيدىغان، مەرىپەت قىلىدىغان پېشىۋا ئون بولسا، نەشە تارتىدىغان ‹ئاشىق› 100 دېگۇدەك. ئىلىم - ئېرپان ئەھلىنى ئۆيىگە باشلىمىغانلار ‹ئاشىق›لارنى باشلايدۇ، قوندۇرۇپ مېھمان

قىلىدۇ. ئەپەندىلەرنى «ئاشىق»لار قورقىتىدۇ، ئەپەندىلەرنىڭ ئۇلارغا ھېچ نېمە دېيىشى تەس. «ئاشىق»لارنىڭ كەيپلىرى ئۆتىدۇ، ئەپەندىلەرنىڭ ئۆتمەيدۇ... بۇ بىر يامان دەرد. قارىغاندا، باشقىدىن يارالمىساق بولمىغىدەك...»

بۇنداق يامان زامانىنى مۇشۇنداق كۆزىتىش- ئۆزگەرتىش يولىدا ئېچىنىپ ئىزدەنگۈچى كىشىلەر «نېمە كارىم»، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي»غا كۆنۈپ كەتكەن بوۋىلىرىمىز توپىدىن مەدەت ئالالمىغان. ئەكسىچە، «ئادەت»كە ئارىلاشقانلىق، دەپ قارالغان، ھەتتا دەككىلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ ئاقىۋەت نەتىجە: كەنت- مەھەللىلىرىمىز خۇددى «بۇرۇنقى خاتىرىلىرىم» دە تەكىتلەنگەندەك: «بۇ يۇرتىنىڭ 610 جانلىق بىر كەنتىدىكى قۇرامىغا يەتكەن 91 نەپەر ئەركىشىنىڭ 47 سى چىلىم چېكىدۇ. قېرى - چۆرىلەرنىڭ تولىسى دەم كۆتە - ئاغرىقچان. بۇ يىل تۇغۇلغان 11 بالىنىڭ بىرسىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى چاتاق. ئۈچىنىڭ نىسبەتەن چاتاقراق. بەشىنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس — گۆمۈش. قالغانلىرىنىڭمۇ بىر نېمىسى بىر نېمە. راۋرۇسلىرى جىق ئەمەس. كەنتتە يۈز بەرگەن ئەسكىلىكنىڭ تولىسىنى بەڭگىلەر قىلغان. كەنت تولىمۇ نامرات. 43 ئۆيلۈك بۇ كەنتتە باي يوق ...» دېيىلگىنىدەك تەقدىرى ۋەزىيەت كەنتلىرىمىزنىڭ ۋەزىيىتى بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەت داۋاملىشىۋەرسە كەنتلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىقتىدارسىزلىشىپ ئۆزىنى ئۆزى ئوڭشىيالمايدىغان بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئەمەسمىدى؟ بۇنداق چوڭ مىللىي پاجىئەنىڭ سەۋەبلىرىنى يەنە كىملەردىن كۆرەتتۇق؟ نادامەتلىك ھالەت شۇنداق بولغانكى، نەشىكەشلىك ھۆكۈم سۈرگەن ئۇ زاماندىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي، جىسمانىي ئىللەت شۇ زامان پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ئۆلى، ئۇنىڭغا قارشى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىدېئولوگىيىسى بولسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ توختىماي لىغىلداپ تۇرۇدىغان كۆپۈكى بولۇپ قېلىۋەرگەن.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى مىللىي ئاڭ تەرەققىياتى 2 — 3 ئەسىرلەپ داۋام قىلغان مىللىي بەڭگىلىشىش ئادىتىگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيەتلىرىنى ھازىرلىغان، قانۇنلار كۈچى، مائارىپ كۈچى، جەمئىيەت كۈچى ۋە تۈزۈملەر كۈچى نەشىنى قاتتىق مەنئى قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن 50- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە جەمئىيىتىمىز يەنىلا بەڭگىسىز جەمئىيەت بولۇپ كېتەلمىگەن...

نەشىدىن (جۈملىدىن كەيپى نىجاسەتلەر ۋە ھاراقكەشلىكتىن) تەلتۆكۈس قۇتۇلۇشىمىزنىڭ مىللىي سۈپەت سالاھىيىتىمىزنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ قالغۇسىدۇر.

**جىنسىي بۇزۇقچىلىق، جىنسىي ۋەيرانچىلىق، جىنسىي خورلۇق ۋە باشقا يامان جىنسىيەت پېشكەللىكلىرىدىن پەيدا بولغان نەسلى - نەسەب ھالاكەتچىلىكىنى، مىللىي نومۇسسىزلىقنى ۋە ئىنسان قەدىرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ قەبىھ ئىجتىمائىي ئىللەتلىرىمىزدىن يەنە بىرى — شەھۋانىي بۇزۇقچىلىقتۇر.**

ئاچىمىز ۋە ياكى سىڭلىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئىللەتكە يولۇقۇپ قېلىشىنى غورۇرى شۆھرىتىمىز كۆتۈرەرمۇ؟ مەھەللە - كوچىلىرىمىزدا ياكى قولۇم - قوشنىلىرىمىز ئارىسىدا شۇ خىل ئىللەتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋە ياكى مىجەزى چوكانلىشىپ كەتكەن بىچارە غىتمەك «يىگىت» — ئەركەكنىڭ ئىزى بىلەن ئىزىمىز ئارىلىشىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ لەنىتى زىناخورلۇق (ئاشنىۋازلىق)، (پاھىشىۋازلىق)، زىنا دەللالچىلىقى (سولامچىلىق)، كەسپىي زىناخورلۇق، كەسپىي بەچچىۋازلىق ...ئىللەتلىرىسىزنىڭ

ۋىجدان غورۇرىمىز بىلەن چىقىشالامدۇ؟...

مۇشۇ سوئاللار دائىرىسىدە ئويلىغىنىمىزدا، بېشىمىزنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ خىيال سۈرمەي مۇمكىن بولماس، ئەلۋەتتە. بۇ ئىشتا تۇتۇلماي قېلىش «خىسلەت»، «تۇتۇلۇپ قېلىش» «گۇناھ»، «زىناكوزلۇك» (پوخورلۇق)نى «يىگىتچىلىك» دەپ قارايدىغانلار بەلكى ئۆزلىرىنى بۇ سوئاللار دائىرىسىدىن چەتكە ئېلىشى مۇمكىن. «تۆۋۈقىغا ئۇرسا مۈڭگۈزى سىرقىرىمايدىغان» ئۇنداق «يىگىت»لەرنى بىز تىرىك مۇردىلار دەپلا قويالايمىز، خالاس.

مىللىي قېنىمىزدا يوق، تارىخىمىزدا يوق، دىنىمىزدا يوق بۇنداق قەبىھ ئىللەت (ئادەمنىڭ قېنىنى قىزىتىدىغان نىجىس قىلمىش)نى بىزنىڭ قايسى زامان ئەجدادلىرىمىز نەدىن، قانداق قىلىپ يۇقتۇرۇۋالغان؟ قاچاندىن بېرى «مىللىي تۇرمۇش» تەركىبىمىزگە سىڭىپ قالغان؟ بۇنداق نومۇسلۇق جىنسىي ئىللەتنى ئۆزىمىزدە باشلاپ، ئۆزىمىزگە سىڭدۇرۇپ، ئۆزىمىزدە ساقلاپ ئىچكى مەنىۋى مىللىي «ھەۋەس»كە كۆتۈرگەن زادى قانداق قۇدرەتلىك كۈچ؟

مەنبەسىز ئىش يوق ئەلۋەتتە.

مىلادى 1678 - يىلدىن 1734 - يىللار ئارىلىقىدا يۇرتىمىزدا ھۆكۈم سۈرگەن ئافاق خوجا تەپكۈ «ھاكىمىيىتى» بىلەن دانىيال خوجا تەپكۈ «ھاكىمىيىتى» زامانىدىكى مىللىي روھ مەغلۇبىيىتىمىز، مىللىي مەدەنىيەت مەغلۇبىيىتىمىز مانا بۇ سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋابىمىزنىڭ باشلانما مۇندەرىجىسىدۇر.

مەرھۇم تارىخچى، تىلچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئەھمەد زىيائىي ئافاق خوجا زامانىدىكى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە ھالىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆزىنىڭ «پېشانىدىن كىتابى يولىسىز ئەقىدىلەرگە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «ئافاق خوجا ھاكىمىيىتى زامانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي مىجەزى، ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت، جۈپتە بەدەنلىك (تويلىشىش) ئادەت ئەنئەنىلىرى تەلتۆكۈس گۇمران ھالىتىگە چۈشۈرۈلگەن. مىللىي نومۇس، مىللىي تۇيغۇ، مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىچىلىرى «ئىشقىيە» سوپىلىرىنىڭ دۇمبالاش، ئەدەبلەش نىشانى قىلىنغان. خۇدايى جۈپتە بەدەنلىك، توي زەۋقى «جىنسىي گۇناھ» سۈپىتىدە مەنئى قىلىنغان...»

دەرۋەقە، مىلادى 1678 - يىلدىن 1697 - يىلغىچە قەشقەرىيىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئافاق خوجا «ھاكىمىيىتى» نىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسلى - نەسەب تەقدىرىگە قىلغان ۋابايى زىيانكەشلىكلىرى ھەققەتەن قەبىھدۇر:

1. ئافاق خوجىنىڭ قەشقەرىيىدە يۈرگۈزگەن «دىنىي يولى» — بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولماسلىققا، خوتۇن ئالماسلىق، ئەرگە تەگمەسلىككە، جىنسىي ھەمراھدارچىلىق قىلماسلىققا، بىر يەردە يەرلەشمەي، توختىماي تەركىدۇنيالىق يولىدا رىيازەتلەر چېكىپ يۈرۈشكە... باشلايدىغان «ئىشقىيە يولى» ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنى ئافاق خوجا خانلىقىنىڭ مۇتلەق «خان» لىق قانۇنى، «دىنىي ئىلاھى» يولى دېيىشكە بولاتتى. بۇ خىل «قانۇن»، «يول» لارنىڭ چەكسىز زورلۇق بېسىمى، تەركىدۇنياچىلىق سېزىمىنىڭ كۈچەيتىلىشى تەسىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق نىكاھ، ئائىلە، مۇھەببەت، نەسلى - نەسەبچىلىق ئەنئەنىلىرى، ئادەت شۆھرەتلىرى ئەڭ ئېغىر بۇزۇۋلۇشقا يۈزلەنگەن. مەسىلەن، ئافاق خوجىغا خانلىقنى تارتتۇرۇپ قويغان سەئىدىيە - ئىسمائىلخان زامانى (تەخمىنەن 1670 - يىللار) دا قەشقەرىيە (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ) خەلقىنىڭ تۇراقلىق ئائىلە سانى 383 مىڭ ئەتراپىدا بولغان بولسا، ئافاق خوجا «ھاكىمىيىتى» ھۆكۈم سۈرگەن 19 يىل ئىچىدە 130مىڭ ئەتراپىغا تۆۋەنلەپ،

تەخمىنەن 253 مىڭ ئائىلە «ئىشقىيە
تىرىكچىلىكى» (ئۆي - ماكان تۇتمىغان،
خوتۇن - بالاچاقىلىق بولمىغان تەركى
دۇنيا يولى) گە يۈزلەنگەن. تۇللۇق، سەر-
گەردانلىق قەشقەرىيە خەلقىنىڭ تىرىكچىلىك
قىسمىتى قىلىنغان. ئاپاق خوجا تۈزۈمىنىڭ
«مۇرىت»، نەۋكەر، سەرباز، مۇلازىم، «جان
پىدائاشىق» تۇل يىگىتلىرى سانى 300
مىڭ ئەتراپىغا كۆپەيگەن.

«تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن
قولىيازمىدا ئاپاق خوجا زامانىنىڭ ئاھالە
تەقدىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ:
«... ھەزرىتى زاتى ئەۋلىيا ئاپاق خوجام
يىللىرىدا ئۈزات سايىبەن بولۇپ، نەزەر
ئېتىبارلىرىدىن ساقىت قىلىمىغان يۇرتلارنىڭ
مۇسۇلمان قەۋملىرى ئارىلىرىدا مېيىت،
جىنازا نامازلىرى ناگاھان كۈن ئۈزۈلمەي
بولۇپ تۇراتتىلەر ... تەۋەللۇت (تۇغۇش -
تۇغۇلۇش) ئاي ئۆرۈلۈپمۇ سادىر بولماي-
دىغان... ئېردى. ئەلگە يېڭى ئات(ئىسىم)—
يېڭى جان قوشۇلمىغان قىيامەتقەييۇم ئالا-
مەتلىرى يېيىلغان ئېردىلەر...» دېيىلگەنىدى.

2. 1850 - يىللار ئىچىدە قەشقەرىيە
«ھاكىمىيىتى» نى بىر مەزگىل قولدا تۇت-
قان ۋەلىخان خوجا (ئاپاق خوجىنىڭ
پۇشتىلىرىدىن) 1857 - يىلى رامىزاننىڭ
روزى ھېيت كۈنى قەشقەر ھەپىسلىرىگە
يىغقان «زىناخور بەتبەخت» دىن 900
«دوۋزىخى» نىڭ بېشىنى كېسىپ قەشقەردە
ئۆزى بىنا قىلغان كاللا مۇنارىلىرىنىڭ تۆ-
تىنچىسىنى تۇرغۇزۇپ ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە»
يولىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكەن.

3. 1697 - يىلىدىن 1734 - يىلغىچە
قەشقەرىيىنىڭ «خان» لىقىنى قىلغان مەشھۇر
ئىشان دانىيالخوجا «ھاكىمىيىتى» مۇ ئۆز
ھۆكۈمرانلىقىنى داۋام ئەتكۈزگەن يىللاردا
ئاپاق خوجا «ئىشقىيە» مەزھىپىنىڭ «مۇرىت»-
لىرىنى، «جىنسىي گۇناھ» ئۆتكۈزگۈچىلەر
(يوشۇرۇن جىنسىي ئۇچراشقۇچىلارنى، جىنـ
سىي ھەۋەس بىلەن بىللە قاچقان، بىللە
قونغانلار ...) نى ئەرلىكتىن مەھرۇم قىلى-
ۋېتىش (پىچىپ تاشلاش، تۇخۇمىنى ئېزى-
ۋېتىش ...) جازاسىنى داۋام ئەتكۈزۈشتىن
توختىمىغان. «ئاق تاغلىق» رەقىبلىرىنى،
«جىنسىي گۇناھ» ئۆتكۈزگەنلەرنى، «مۇرتەد»،
«لەنەتكەردى»، «دىنىدىن چىققان» —
«گۇناھلىق» لارنىڭ ھەممىسىنى ئالدى بى-
لەن «جىنسىي جازا» (خوتۇن ئالالمايدى-
غان، ئەرگە تېگەلمەيدىغان قىلىۋېتىپ) بى-
لەن جازالاپ تۇرغان. تەقدىرى ئاقىۋەتتە
دانىيال خوجا زامانىدىكى قەشقەرىيەدىن
چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قى-
لىنغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، پىچىۋېتىلگەن،
ئەن بەدەن قىلىنغان (قول، پۇتسىز، كۆز-
سىز، زۇۋانسىز قىلىپ تاشلانغان) ئەر يى-
گىت ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىر تۈمەندىن
ئۆۋەن بولمىغان. دەككىلەنگەن «لەنەتى
نامەھرەم» لەر (نامەھرەم قىلغان خوتۇنلار)
تۇتقۇن قىلىنىپ «چاكار چوكان» نامى
بىلەن ئىلىدىكى جۇڭغار چوڭلىرىغا ئۇدۇل
لۇق «سوۋغات» قا يوللىنىپ تۇرغان.

ھاياتنىڭ جۈملىدىن ئىنساننىڭ جىن-
سىي مەئىشەت، جىنسىي مۇئامىلە ۋە جىن-
سىي مۇناسىۋەتلىرىنى بوغۇپ چەكلەپ ياكى
مەلۇم كۈچ بىلەن، مەلۇم رامكىلىق قاراشلار
دائىرىسى بىلەن چەكلەش مەڭگۈ مۇمكىن
بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. كىشى-
لەرنى مەلۇم ئادەت ياكى مەلۇم غايە — ئېتى-
قادقا قىستاپ زورلاۋېرىش ئاقىۋەتتە ئېتى-
قادسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.
خوجىلار دەۋرىنىڭ «جىنسىي گۇناھ» نى
تىزگىنلەش — تۈگىتىشتە قوللانغان تەدبىر-
لىرى ئاخىرقى نەتىجىدە شۇ جەمئىيەتنىڭ
ئىنتايىن ئېغىر جىنسىي نىجىسلىقلىرىنى يا-
رىتىۋەتكەن. ۋەقەشۇناس ئۇيغۇر، مەرھۇم مامۇت
ئىسلام ئۆزىنىڭ «بەلەن گەپ» لىرىدە تە-
كىتلىگەنىدەك: «... ئۇ زامان تۇل خوتۇن،
تۇل ئەر، ئۆيسىز خوتۇن، ئۆيسىز ئەر،

خوتۇنلۇق خوتۇن، ئەرلىك ئەر، بىكار خوتۇن، مۇت خوتۇن، باقما خوتۇن، دۇئا خوتۇن، ساۋاب خوتۇن، «يول بالىسى»، «بازار بالىسى»، «مەسچىت بالىسى»، «هارمى شۇمتەك» ... لەر كۆپەيگەن، زومىگەر بەگگە ئاشىقلار، مۇرىت پىدائىيلار، زورىگەر ئىشان پۇشتىلىرى، تەركىدۇنيا نوقانچىلار، قەلەندەر - ئابداللار، ئوغرى، بۇزۇقلار، زامان چاپارمەنلىرى، دېگەنلىرىنى قىلىدىغان كۆكەمە جاھالەت نوچىلىرى ئەل - يۇرت تۇتقان، جاھاننى جاھالەت زۇلمى قاپلىغان، زىنايى هارام، زىنايى غەۋغا، جېدەل، ئاھۇزار، گادايلىق قاپلىغان زامان بولغان ...» ئىدى.

بىر زامانلىق ئەجدادلىرىمىز جەمئىيەتلىرىدە يۇقىرىقىدەك سەۋەبى سەلبىيەتلەر تۈپەيلى شەكىللەنگەن جىنسىي ئىجىسلىق ئىللەتلىرىنى جاھالەت دەۋرىنىڭ مىراسنامىلىرى (مەرەز ناملىرى) سۈپىتىدە تونۇشىمىز، رەت قىلىشىمىز، لەنەت قىلىشىمىز هاجەت ۋە زۆرۈردۇر.

ئەپسۇس! بىزنىڭ خوجىلار زامانلىرىدىن كېيىنكى تارىخىمىز جاھالەت دەۋرىنىڭ ئۇ خىل رەزىللىكلىرىدىكە، جاھالەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي داغلىرىغا قارشى قوزغىلىش، داغ - ئىللەت تازىلاش تارىخى، پەخىرلىك مىللەت تارىخى، نومۇسچان ئادەملەر تارىخى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىدى. تارىختىكى نومۇسنى يۇغىدەك ئىقتىدار بولمىدى. بۇزۇلغان غورۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ تەستەك تۇرامدۇ قانداق؟ «ئاشىنىۋازلىق»، «بۇلۇڭ - پۇشقاق زىناخورلۇقى»، «كوچا بۇزۇقلىرى»، «ئائىلە بۇزغۇنچىلىرى»، «شاپاقچى»، «زىناكۆز» (پوخۇر)، «پاھىشىۋاز»، «غىتمەك» ... دىگەندەك جىنسىي تۇرمۇش ئاتالغۇلىرى، تۇرمۇش ماجرالىرى، تۇرمۇش سەتچىلىكلىرى بىزنىڭ تىلىمىزدىن، قىلىقىمىزدىن تېخى يوقىلىپ كەتمىدى. كىشىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇۋېتىدىغان، پاھىشە تاپاۋەتچىلىكىگە تۇتۇنغان، توي ماجرالىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، خوتۇنپەرەسلىك، ئەرپەرەسلىك ئويۇنۇشلىرىدا دوقۇرۇپ يۈرۈيدىغان، بالا يېتىم قىلىش، ئۆي بۇزۇشتىن ئۆكسۈنمەيدىغان، كۆپ نىكاھلىنىشتىن سەسكەنمەيدىغان، ئۆزئارا جىنسىي رەسۋاچىلىق قىلىشىدىغان ... شەھۋانىي ئىللەتلەرنىڭ ئىگىلىرى تېخى مەھەللە كويلىرىمىزدىن يوقىلىپ بولالمىدى. شەھۋانىي هادىسىلەر تۈپەيلىدىن ئۆلگەن، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلىرىمىز كۆرۈنەرلىك ئازايمىدى. بۇزۇلغان ئائىلە، يېتىم قالغان بالىلار، شەكىللەنگەن ۋەيرانچىلىقلار زادىلا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىمىدى. كۇنلەمچىلىك كىرمىگەن ئۆي، كۇنلەمچىلىك كىرمىگەن كوچىلىرىمىز يەنىلا ئاز. خانىم - قىزلارغا خاس تىنوغرا قىزىقىش، نىكاھ - مۇھەببەت ساھەسىدىكى ئۆزئارا ئىشىنىش - ئىشەندۈرۈش، جىنسىي تۇرمۇش پاكلىقى، قىز - يىگىتلەرگە خاس غورۇرى ئەخلاق، نىكاھ - مۇھەببەت ئەركىنلىكى، جەمئىيەتلەشكەن نومۇس سېزىمى ... تېخى دېگەندەك پاك هەم دېگەندەك قەتئىي بولالمايۋاتىدۇ. ئائىلە، نىكاھ - مۇھەببەت، جىنسىي تۇرمۇش نۇقتىلىرىدا غەيۋەت - تۆھمەت، شىكايەت تۈسىدىكى هاجەتسىز «كۆكۈل بۆلۈش» لەرمۇ هەممىلا يەرلىرىمىزدە ئۇچراۋاتىدۇ.

ئەنئەنىۋى پاك نىكاھ رىشتىسى بۇزۇلغان جەمئىيەتتە نىكاھسىز مۇناسىۋەتنىڭ باش كۆتۈرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ بۇزۇلغان بۇلۇڭ - پۇشقاق تەبىئىي هالدا بۇزۇقلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرى بولۇپ قالامدۇ؟

نومۇسىمىزنى يۇغىدەك ئىقتىدارىمىز بارمۇ؟ هەر بىر ۋىجدانلىق كىشىمىز ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بۇ سوئال يەنىلا جاۋاب كۈتۈۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە.




(تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى)

مۇتەللىپ سېيىت

**1**

ھەيۋەتلىك دولان دەرياسى.
دولقۇنلارنى يېرىپ كېلىۋاتقان چوڭ كېمە.

**2**

دولقۇنلار ساداسىغا جۆر بولۇپ قالۇننىڭ يېقىملىق ساداسى ئاڭلىنىدۇ.

شىددەتلىك دولقۇن كېمىگە قاتتىق ئۇرۇلىدۇ. قالۇن ساداسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، دولان مۇقاملىرىدىن «باش باياۋان» نىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىدۇ.

**3**

كېمە ئىشتىرىش خادىسىغا تايىنىۋالغان ئىككى يىگىت قولاق قېقىپ «باش باياۋان» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېيتىدۇ. ئاخىرىغا داپەندىلەر قوشۇلۇپ كېمە ئىچى جانلىنىپ كېتىدۇ. كېمىدىكىلەر قىزىۋاتقان مۇقام نەغمىسىگە كەلتۈرۈپ قول، باش - پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئۇلار ئويناۋاتقان مەردانە دولان ئۇسسۇللىرى دەريا ئېقىمىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

**4**

دولقۇنلار ئارىسىدىن نەغمىلەر كۆتۈرۈلۈپ، سۇ يۈزىدىن ئاستا چىقىۋاتقان كۈننىڭ ئىچىدە توختايدۇ. شىنجاڭ خەرىتىسى كۆرۈنۈپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئالاھىدە كۆرسىتىلىدۇ. خەرىتىدە، تەكلىماكانغا تۇتاشقان، بىپايان توغراق، يۇلغۇن، قومۇش، چۈچۈك بۇيا ... بىلەن قاپلانغان قەدىمىي زېمىن، كالا، قوي پادىلىرى ئوتلاۋاتقان



يايلاقلار قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە نامايەن بولىدۇ.

ياندىن بايان:

مۆھتەرەم تاماشىبىنلار: سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ يەر — تارىختىن بۇيان «مۇقام — مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، «تەكلىماكاندىكى مەرۋايىت» دەپ شۆھرەتلەنگەن، باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى يارىتىلغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك يۇرت مەكىت.

ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئېقىن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مەكىت خەلقىگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئانا دەريا — دولان دەرياسى.

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان خاسىيەتلىك ماكان.

«ئاشلىق، پاختا كانى» دەپ ئاتالغان بۇ مۇنبەت تۇپراق ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى دولان ئۇيغۇرلىرىغا ھەم توقلۇق، ھەم شوخلۇق بەخش ئېتىپ كەلدى.

5

ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى. بايراملىق كىيىملەرنى كىيىپ، ۋېلسىپىت، موتسىكلىتلار بىلەن مەشرەپكە ماڭغان توپ - توپ قىز- يىگىتلەر؛

پىكاپ، مىنىبۇس، ئاپتوبۇسلار بىلەن مەشرەپكە ماڭغان ئادەملەر؛

خادىك، ئات، كالا، ئېشەك ھارۋىلىرىدا مەشرەپكە ماڭغان كىشىلەر ئېقىمى؛

ئوت - چۆپلەر، گۈللەر ئۆسۈپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا سومبۇل چاچلىرىنى تارىشىپ، مەشرەپكە تەييارلىق قىلىۋاتقان قىز - چوكانلار.

ياندىن بايان:

مەكىت خەلقى ئۇزاق ۋە ئەھمىيەتلىك بىر تارىخنىڭ ھەقلىق ئىگىسى بولغىنىدەك، قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە گۈزەل، باي خەلق سەنئىتىنىڭمۇ ھەقلىق ئىگىسى. ئۇلار تارىختىن بۇيان جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بېھىساب ماددىي بايلىق يارىتىپ تەكلىماكان ئېتىكىدىكى بۇ قەدىمكى ماكانىنى گۈللەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتتى. ئەنە شۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دۇردانىسى ھېسابلانغان — ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق، ئىلمىي سەنئەت شەكلى دولان مەشرىپىدۇر.

دولان مەشرىپى — مەكىت خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا، ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن بىرىككەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى، مۇقام، نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، بىر قەدەر ئىپتىدائىيلىقى، يېزا - يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس، مەردانە، سالماقلىقى، كۈچلۈك مىللىيەتلىكى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى خەزىنە بۆشۈكى بولۇپ كەلمەكتە.

دولان مەشرىپى — مەكىت خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تەركىسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھېيت - بايرام، تويى - تۆكۈن، مول - ھوسۇل بايراملىرى، تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر قانداقىي مەشرەپسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا، دولانلىقلار «مەشرەپسىز

ھايات — تەمسىز ھايات» دېيىشىدۇ.

دولان مەشرەپ مۇقاملىرى ۋە نەغمىلىرى دولان قىل غىجىكى، دولان راۋاپى، دولان نەغمە دېپى، قالۇندىن ئىبارەت مەخسۇس قەدىمكى چالغۇلار بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

دولان ئۇسسۇلى — قەدىمكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەر بىر ئۇسسۇلدا قەدىمكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەردانە قىياپىتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

6

مەشرەپ سورۇنى.

قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن داغدۇغىلىق ئاممىۋى مەشرەپ مەيدانىدا نەغمىچىلەر پۈتۈن زېھنى بىلەن نەغمە قىلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن ئامما ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

ئېكراندا قاينام - تاشقىنلىق، ھەيۋەتلىك ئۇسسۇل مەنزىرىسى كۆرۈنىدۇ.

باش نەغمىچى قولىدىكى نەغمە دېپىنى بار كۈچى بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ - دە، ئاسمانغا ئاتىدۇ. بوشلۇقتا نەغمە دېپى مۇئەللەق ئېسىلىپ قالىدۇ. داپ ئىچىدىن بىر قانچە خەتلەر سەكرەپ چىقىپ «دولان مەشرىپى» دېگەن چوڭ خەتكە ئايلىنىدۇ.

ياندىن بايان:

دولان مەشرىپى — سەنئەتكە خاس سېھرىي كۈچى بىلەن ئەلمىساقتىن بۇيان روھىي دۇنياسىغا، ئۆمرى روھىغا، پسىخولوگىيىسىگە سەنئەت مۆجىزى ئۆزلەشكەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممە ئېنىق ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەتكە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە دولانلىقلارنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

7

مەشرەپ سورۇنى.

ئېكراندا: مۇقام توۋلاۋاتقان ئېغىز، يۇمۇلغان كۆزلەر، داپ چېلىۋاتقان قوللار، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئامما، ئۆزىنى ئۇنتۇپ مەشرەپ كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلار، دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئۇششاق باللار، ئۆگزىدە، ئات ئۈستىدە ۋە ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ مەشرەپ كۆرۈۋاتقانلار، ماشىنا، تراكتور كوزۇپلىرىدا مەشرەپ كۆرۈش ئۈچۈن تۇرۇشۇپ كەتكەن ھەر خىل كىيىم، ھەر خىل چىرايدىكى ئادەملەر.

8

يىگىتبېشى مەشرەپ ئەھلىگە سالام بېرىدۇ:

— قېنى، كۆپچىلىك، مەشرىپىمىزگە كەلگەن ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىزغا مەرھەمەت! ئۇسسۇلنى باشلايلى، — دەيدۇ.

دولان مۇقاملىرىدىن «زىل باياۋان» نىڭ نەغمىسى باشلىنىدۇ.

مۇقەددىمىسى:

ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭغا يىغلايمۇ؟
ئاھ، غۇربەت ئىچىدىكى
يېتىمنىڭ ھالىنى دەيمۇ؟

چېكىتمىسى

تاغدىكى گىياھلىنى،
كەكىدە كەسمەيلىمۇ.
سەن غېرىب بولساڭ ئەگەر،
قول تۇتۇشۇپ كەلمەيلىمۇ؟

چېكىتمىنىڭ ئۇسسۇلى باشلانغاندا ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئوينايدۇ.

ئۇسسۇل سەنەمگە يۆتكەلگەندە ئېكراندا ئۇسسۇلچىلارنىڭ داپ رېتىمىغا كەلتۈرۈپ يۆتكىلىدىغان پۇتى، ئەر - ئاياللارنىڭ يەڭگىل تېگىشىۋاتقان تۆش - مەيدىسى، گەجگىسى كۆرۈنىدۇ.

سەنەم:

بۇ راۋاپقا تارى يوق،
تار سالارغا چارە يوق.
دەردى بار دەرد تارتىدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

مەن بازارغا بارمىسام،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.
تۇپىقىم ئۇرۇق دېسەم،
يوغان تاغارنى ئارتىدۇ.

نەقرات:

مەستان يار جېنىما،
چاقچاق يار جېنىما.

سەنەم ئاخىرىدا ئۇسسۇلچىلار توپى ھالقىسىمان چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ مەيداننى ئايلىنىدۇ ۋە بىر قانچە كىچىك چەمبىرەككە بۆلۈنىدۇ.

داپ رېتىمى سەنەقەسكە يۆتكەلگەندە ھەربىر ھالقىسىمان چەمبىرەك ئىچىدە بىر ئەر، بىر ئايال ئۇسسۇل ئويناپ چۆرگىلەيدۇ.

سەنەقەس:

باياۋاندا - باياۋاندا،
تىنەپ قالدىم جاڭگالدا.
پۇتۇمغا كۆك تىكەن كىرىپ،
ئالالماي يىغلاپ ۋەيراندا.

بۈگۈن بازارغا ئوخشايدۇ،
يېتىملەر زار قاقشايدۇ.
يېتىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇقسام،
ئاناسى يوق ئوخشايدۇ.

داپ رېتىمى سېرىلمىغا يۆتكەلگەندە ئاپپارات ئېگىزدىن پەسكە قاراپ توغرىلىنىدۇ. ئېكراندا خۇددى گۈللۈك كۆنلۈك چۆرگىلەپ پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل بولىدۇ.

سېرىلما:

ئات ئالدىم ئېگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
دەردىم تولا ئىچىمدە،
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىنى،
ئېگەمسەن ئاق جۇۋان.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان.

ئۇسسۇلچىلار سورۇندىن بىر - بىرلەپ چېكىنىدۇ. ھالقىسىمان ئۇسسۇل چەمبىرىكى ئاستا - ئاستا يوقىلىدۇ. لېكىن چەمبىرەك ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر ئەر، بىر ئايال داۋاملىق چۆرگىلەپ، ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەغمىچىلەر بىلەن بەسلىشىدۇ.

## 9

يىگىتبېشى چىڭ تۇرۇلگەن دەررە① بىلەن چاي قۇيۇلغان ئىككى دانە پىيالىنى پەتنۇسقا چىرايلىق تىزىپ مەيدانغا ئېلىپ كىرىدۇ.

يىگىتبېشى قىز A نى دەررە ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. قىز A تەييارلىقسىز تۇرغاچقا دەسلەپ ھودۇقۇپ، چۆچۈپ كېتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن يۈزىگە خۇشاللىق يۈگۈرۈپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن يىگىتبېشىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ مەشرەپ مەيدانىغا چىقىدۇ.

يىگىتبېشى (بېيىت):

دەررە ئېشىپ يېپەكتىن،
ئىزلەپ كەلدىم يىراقتىن.
تەگسە دەررەم بەللىرىگە،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن.

دەررە ئوينىلىدۇ. بىر قېتىملىق دەررە ئويۇندىن كېيىن يىگىتبېشى دەررىنى

① بوتا.

قىز A غا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. قىز A دەررىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يىگىت A نى دەررىگە تەكلىپ قىلىدۇ. يىگىت A مەيدانغا چىقىپ قىز بىلەن دەررە ئوينايدۇ. يىگىت A خاتا چۆرگىلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىز A دەررە بىلەن قاتتىق بىرنى سالىدۇ. يىگىت تولغىنىپ كاسىسىنى سىلاپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئەتراپتىن پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.

قىز A (بېيىت):

كېلىپ قالدى دەررىمىز،
تۇرۇلمىسۇن تەرىمىز.
بۇ مۇھەببەت قامچىسى،
يوقتۇر ئۆزگە قەھرىمىز.

يىگىت A (بېيىت):

چىقماس قولپا پەرىسى بولمىسا،
قىزىماس مەشرەپ دەررىسى بولمىسا.
بۇگۈنكى يىغىلىش كۆڭۈللۈك مەشرەپ،
كۆڭلىمىزدە يوقتۇر غەيرىي نىيەت،
تالىشىپ ئوينىماق قانداق؟

## 10

دەررە ئويۇنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش باشلىنىدۇ. يىگىت B يېرىم چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ مەشرەپ مەيدانغا كىرىپ، ئەھلى مەشرەپكە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئىككى پىيالىنى بىر قولىغا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، قولتۇق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر پۈتۈن چەمبەر هاسىل قىلىپ ئۆرۈيدۇ. يىگىت B چاينى بىر ئوتلاپ قىز B گە تۇتۇپ ئۆزئارا چۆرگىلەيدۇ. قىز B يىگىت B نىڭ قولىدىكى پىيالىدىن بىرنى ئالىدۇ:

يىگىت B (بېيىت):

باغىمىدىكى كۆلچەكتىن،
چېلەك بىلەن سۇ تاتتىم.
ئۆزۈم كىچىك بولسامۇ،
دەردىڭىزدە ئۇھ تارتتىم.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
چاي ئىچىشسەك نېمە بولا؟

قىز B (بېيىت):

چاينى ئىچسەك ئىچەيلى،
گەپلىرىدە تۇرالامىلا؟

قىز B نىڭ بېيىتىدىن كېيىن يىگىت B جاۋابەن بېيىت ئېيتىدۇ. كېيىن يىگىت B قولىدىكى يەنە بىر پىيالىنى قىز B گە تۇتىدۇ. يىگىت B بىلەن قىز B ئۆزئارا چۆرگىلەيدۇ. ئاندىن يىگىت B يېرىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، پىيالىنى قولاق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرىدۇ.

يىگىتB(بېيىت):

پىيالىنى ئۆرۈدۇم،
سىز يارىمغا تۇتقىلى.
ئوتتۇز ئوغۇل ئالدىدا،
كۆڭلىڭىزنى ئۇتقىلى.
چاينى ئىچسەك ئىچەيلى،
ئۆمۈرلۈك يار بولالامىلا؟

## 11

ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەت بايرىمى، يانتاق، قۇمقىسار، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇرما قاتارلىق ھەرقايسى يېزىلار ئۆتكۈزگەن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى، يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن دولان ئۇسسۇلى مۇسابىقىلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆتكۈزگەن دولان ئۇسسۇلى مۇسابىقىلىرى قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە بىر - بىرلەپ ئېكرانىدا نامايەن بولىدۇ.

ياندىن بايان:

دولان مەشرىپى — مەكىت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى. ھازىر مەكىت ناھىيىسىدە دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى، خەلق سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى قالتىس جانلاندۇرۇلدى.

12

ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان چوڭ هويلا. دىلشات بىلەن مۇيەسسەرنىڭ توي مەرىكىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ باشلىنىدۇ.

رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كەيگەن قىزلار مۇيەسسەرنى ئارىغا ئېلىپ مەشرەپ سورۇنىغا كىرىدۇ. بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، شىلەپە كەيگەن يىگىتلەرمۇ دىلشاتنى ئارىغا ئېلىپ مەشرەپ سورۇنىغا كىرىپ، مەخسۇس راسلانغان سافالاردا ئولتۇرىدۇ.

داستىخانلار سېلىنىپ، قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، ساڭزا - قۇيماق، قەنت - كەمپۇت، پېچىنە - پىرەنىك، تاتلىق - تۈرۈملەر تىزىلىدۇ.

13

ئارقا هويلا.

داشقازانلارغا پولۇ، قاسقانلارغا مانتا دۈملىنىدۇ. قوي - ئوغلاقلار سويۇلۇپ، چوڭ قازاندا پىشۇرۇلىدۇ. زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، بېلىق، توخۇ، ئۆردەك كاۋاپلىرى تەييارلىنىدۇ.

14

مۇيەسسەر چۈمپەردىنىڭ بىر بۇرجىكىنى قايرىپ مەشرەپ سورۇنىدىكىلەرگە قاراپ، كۆزى بىلەن دىلشاتنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان شەهلا كۆزى بۇلاقتەك چوڭ هەم سۈزۈك كۆرۈنىدۇ. چۈمبەل ئاستىدىن قىيا باققاندا كىرپىكلىرى بۇلاق ئەتراپىدىكى بەرگى قىياقلاردەك قويۇق هەم تال - تال كۆرۈنىدۇ.

مۇيەسسەر دىلشاتقا چۈمبەل ئاستىدىن قارىغاندا، دىلشاتنىڭ دوستى ئۇنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ: «چۈمبەل ئاستىغا قارا» دەيدۇ. دىلشات چۈمبەل ئاستىغا قارايدۇ. ئىككىيلەننىڭ كۆزى ئۇچرىشىدۇ. مۇيەسسەر ئۇياتقۇسى كېلىپ ئاستا چۈمپەردىنى قويۇۋېتىدۇ. دىلشاتنىڭ يۈرىكى ئوتتەك يېنىپ، ۋىسال تەشنالىقىدا ئۆرتىنىدۇ. بۇ هالەتنى قىز C سېزىپ قالىدۇ - دە، داپ چېكىتمىگە ئۇرۇلغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ مۇيەسسەرنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ.

يىگىتبېشى دىلشاتنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. دىلشات ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدانغا كىرگەندە يىگىتبېشى: «مۇيەسسەر بىلەن ئۇسسۇل ئوينا» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلىدۇ. قىزلار مۇيەسسەرنى تۇرغۇزىدۇ. ئىككىسى تارتىنىشىپ تەسلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. دىلشات مۇيەسسەرنىڭ چۈمبىلىنى ئېلىۋېتىدۇ، مۇيەسسەر: «ۋىيەي» دەپ يۈزىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئەتراپتىكى ئامما پاراققىدە كۈلۈشىدۇ.

دىلشات بىلەن مۇيەسسەر بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەشرەپ قىزىپ، قىز - ئوغۇل، ياش - قېرى هەممىسى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

15

يىگىتبېشى:

— جامائەت تىنچلىنىڭلار، بۈگۈن مەتىيا راۋاپنىڭ ئوغلى دىلشات بىلەن ئاقسوپى هاجىمنىڭ قىزى مۇيەسسەرنىڭ قۇتلۇق تويى. تويىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاقسوپى هاجىم يۇرتقا توي مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى، كۆپچىلىك، قېنى، مەشرەپنى باشلايلى! — دەيدۇ.

قىز C قىزىقارلىق هەرىكەت، هەييار قىلىقلار بىلەن يىگىتبېشىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ - دە:

هوي يىگىتبېشى، نەگە قارايسىز؟
مەشرەپ قىلساق چالغۇدەك دېپىڭىز يوقمۇ؟
ياكى بىزگە ياققىدەك گېپىڭىز يوقمۇ؟
دولانلىق بىز ئوينايمىز مەشرەپتە ئۇسسۇل،

بەزلى ئۇسسۇلغا تارتقۇدەك ئېيتمىزيوقمۇ؟
دەپ بېيىت ئوقۇيدۇ. ئالدىن نەغمىچە
لەرگە قاراپ:
— هوي نەغمىچىلەر، قېنى، نەغمىنى
باشلايلى، نەغمە بولمىسا مەشرەپ بولماس،
مەشرەپسىز تويىنىڭ نېمە لەززىتى،— دەيدۇ.
نەغمىچىلەر دولان مۇقاملىرىدىن «سىم
باياۋان» غا نەغمە قىلىدۇ.

مۇقەددىمىسى:

كېلىڭلار يارۇ - دەردمەنلەر،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغان يارىمنىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

چېكىتمىسى:

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
بالام دېمىسۇن،
سالار كويغا خۇدا سالدى،
يامان دېمىسۇن.

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن
مۇز داۋان بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن
بىر يامان بىلەن.

سەنەم:

ئۇنداق ئەتمەڭلار مېنى،
بۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولارمىز،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

توغاي قوندى يانتاققا،
قۇچقاچ قوندى زاغزاققا.
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاققا.

نەقرات:

ئاللا - ئاللا كۆلەرلا،
دەرد كەلگەندە بىلەرلا.

سەنقەس:

ئويان ئۆتىدۇ بىر كۆل،
بۇيان ئۆتىدۇ بىركۆل.
ئەككى كۆل ئاراسىدا،
سايراپ ياتىدۇ بۇلبۇل.

باغىم بار دېگەنىملەن،
ئانارى بولسا بولمامدۇ.
يارىم بار دېگەنىملەن،
يېنىدا بولسا بولمامدۇ.

نەقرات:

ئاھ، يار پەلەك،
قولدا چىلەك.
كېلىڭ ئوينايلى،
چوكان سىڭلەك.

سىرىلما:

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭنىڭ پاتقىنى پاتقان.
ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلساڭ،
بېشىڭنىڭ قاتقىنى قاتقان.

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
ئويناغىلى نەدە كىشى،

## 16

دېھقان ھويلىسى.

مەتىيا راۋاپ ئۇزۇم، كاۋا بارائىلەق
هويلىدا ئولتۇرۇپ دولان راۋاپى بىلەن دو-
لان مۇقاملىرىدىن «جۇلا»ناخشىسىنى ئېيتىدۇ:

جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام،
سېنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن.
سېنىڭ مەلەڭگە بارغاندا،
شاپاشلاپ زادى ھارمايمەن.

مەتىيا راۋاپ «جۇلا» ناخشىسىنى ئېيى-
تىۋاتقاندا ئايالى ئايسىخان ئۆيدىن چە-
قىپ زوقلىنىپ تىڭشايدۇ. مەتىيا راۋاپ چې-
لىشنى توختىتىپ ئايسىخاننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ:

ئايسىخان:

— خويمۇ ياخشى چالدىڭلار ئاتىسى.
قىرىق يىلدىن ئاشتى، راۋاپ چېلىپ ناخ-
شا ئېيتساڭلار ھەر قاچان يۈرەكلىرىم

ئويناپ، ئىختىيارسىز ھالدا قىزلىق مەزگىلىم يادىمغا كېلىدۇ.

مەتىيا:

— قىرىق يىل چېلىپتىمەن، ھەي، ئاشۇ ياش - نەۋەر چاغلار! ...

ئايسخان:

— ھەي ... ئاشۇ چاغلاردا ئويىنىغان خۇشال مەشرەپلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن؟!

مەتىيا:

— بىز توي قىلغان ئاشۇ كۈنى...

**17**

ئەسلىمە:

ئەتراپى يۇلغۇنلۇق سەھرا يولى. توي زىننىتى بىلەن بېزەلگەن ئاق بوز ئاتقا مەتىيا چېچىنى ئۇن ئالتە ئۆرىگەن، ئۇن يەتتە ياشلاردىكى گۈزەل قىزچاق ئايسخاننى مىنگەشتۈرۈپ، ئىككى يىگىت ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭىدۇ.

ئايسخان چۇمبەل ئىچىدىن كەينىدە — ھارۋىدا كېلىۋاتقان ئەلنەغمىچىلەرگە قارايدۇ. ئەلنەغمىچىلەر «جۇلا» مۇقامىنىڭ «ھويلاڭ» ناخشىسىنى ئېيتىدۇ:

بارارغا يوللۇرۇڭ بولسۇن،
يانارغا يوللۇرۇڭ بولسۇن.
سېنىڭدەك نازىنىن يارغا،
مېنىڭدەك ھەمرىھىڭ بولسۇن.
ھەييۇ جىگلاڭ ھەييۇرەي ...

كۆرۈنۈش ئالمىشىدۇ.

دىلشات بىلەن مۇيەسسەرنىڭ توي كۆچۈرۈش كۆرۈنۈشى ئەسلىمىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆرۈنۈشكە ئۇلىنىدۇ.

سوۋادان تېرەكلىك توپتوز يول. بىر قانچە ئۇن پىكاپ، مىنىبۇس، ئاپتوبۇسلاردا توي كۆچۈرگۈچىلەر ناغرا - سۇناي چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

چوڭ دەرۋازىلىق ئۆي، توي كۆچۈرگۈچىلەر ئىشىك ئالدىدا توختايدۇ. ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۆي تەرەپكە ماڭىدۇ. كۆرۈنۈش ئالمىشىپ ئەسلىمىنىڭ داۋامى ئېكراندا پەيدا بولىدۇ.

ئاتلىق توي كۆچۈرگۈچىلەر ئادەتتىكى دېھقان ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختايدۇ. مەتىيا بىلەن ئايسخان ئاتتىن چۈشىدۇ. تۆت قاۋۇل يىگىت تەگلىمات كىگىزنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. مەتىيا بىلەن ئايسخان كىگىزگە تاشلىنىدۇ. يىگىتلەر كىگىزنى يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىيدۇ. كۆرۈنۈش قايتا ئالمىشىدۇ.

يىگىتلەر كىگىزنى يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىۋاتقان كۆرۈنۈش ئۈستىدە يوغان گىلەم يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىنىۋاتقان كۆرۈنۈش قاتلىما كۆرۈنۈش شەكلىدە كۆرسىتىلىدۇ. دىلشات بىلەن مۇيەسسەر ھېلى تەگلىمات كىگىز ئۈستىدە، ھېلى چوڭ گىلەم ئۈستىدە تاسقىلىپ ئىرماش - چىرماش بولىدۇ.

ئىشىك ئالدىغا گۇلخان يېقىلىدۇ. مۇيەسسەرنى گۇلخاندىن ئاتلىتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ.

**18**

جۇۋان مەشرىپى.

بىرقانچە قىز - جۇۋانلار مۇيەسسەرنىڭ بېشىنى تاراپ چېچىنى ئىككىگە ئۆرۈيدۇ. چېچىغا بىر قانچە كۈمۈش چاچقۇنى ئاسىدۇ. چىرايلىق ياساندۇرۇپ مەشرەپكە تەييارلىق قىلىدۇ.

ئالملىق چوڭ باغ.

باغ ئىچىگە زىلچا - گىلەملەر سېلىنىپ، مەشرەپكە كەلگەن تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدۇ. قىز - جۇۋانلار ئالاھىدە تەييارلانغان ئورۇندا مۇيەسسەرنى ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرىدۇ. مۇيەسسەرنىڭ يۈزى كىچىك رومالدا يېپىقلىق. يىگىتبېشى مۇيەسسەر بىلەن دىلشاتنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ.

«جۇلا» مۇقامىنىڭ نەغمىسى باشلىنىدۇ.

مۇقەددىمىسى:

سىرىق سەبدە تولۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئوتى پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

چېكىتمە:

باردى دەيدۇ - كەلدى دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

چىللاق توخام، چىللاق توخام،
يارىم ئويغانسۇن.
لەۋلىرىدىن چىشلىۋالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.

سەنەم:

دولاننىڭ بازارىدا،
رەڭمۇ رەڭ تاۋارى بار.
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
ياخشى يارنىڭ خۇمارى بار.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەچ بولسىمۇ كەل يايرىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

نەقرات:

مەستان يار ئا يارەي،
چاققان يار ئا يارەي.

سەنقەس:

مېنىڭ جانىم، سېنىڭ جانىڭ،
بىرجان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم،
قۇربان ئەمەسمۇ؟
جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام،
قايان بارۇرسەن؟
نامازشامدا گۈلنى قىسىپ،
جاننى ئالۇرسەن.

سىرلىما:

سارايىمۇ ساراي،
كۆرگىلى كەلدىم.
ياخشى يارىمنى،
سۆيگىلى كەلدىم.

مەن يارنى كۆردۈم،
ئاھ، نادامەت.
ھەر جايدا بولساڭ،
بولغىن سالامەت.

دىلشات بىلەن مۇيەسسەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ دوستلىرى بىلەن بىر قانچە قېرى - ياش قولۇم - قوشنىلىرى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. دىلشات ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ مۇيەسسەرنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئاستا تارتىپ ئېلىۋېتىدۇ. كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ جۇۋاننىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالىدۇ. مەشرەپ سورۇنىدا ئۇزۇنغىچە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. يېڭى جۇۋان بولغان مۇيەسسەرنىڭ گۈزەل جامالى دىلشاتنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ. ئوتتەك يانغان ئىككى جۈپ كۆز خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆز ئارا بېقىشىدۇ. قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن بۇغداي قوناق، پاختا ۋە پۇل ئۆرۈپ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

ياندىن بايان:

دولان ئۇيغۇرلىرى قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن چوكان بولدى، پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن جۇۋان بولدى دەپ ھېسابلايدۇ. قىزلىرى جۇۋان بولغان ھەر بىر ئائىلە ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، قىزنىڭ جۇۋان تويى (چاچباغ تويى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنداق توينى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى گەدىنىمىزدىكى قەرزىمىز، دەپ ھېسابلاپ قىزىغا يېڭى كىيىم - كېچەك قىلىدۇ. كۈمۈچتىن چاچ چاتقۇسى ياسىتىپ تەييارلايدۇ. توي كۈنى جۇۋان بولغان قىزنى مەخسۇس ئاياللار ئالاھىدە ياساندۇرۇپ، ئۇنىڭ چوكانۋاقتىدىكى ئۇششاق ئۆرۈيدىغان

تال - تال چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈم ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدۇ. ئاندىن ئىككى ئۆرۈم چاچـنى ئاتا - ئانىسى تەييارلىغان كۈمۈش چاتقۇ بىلەن چاتىدۇ، يۈزىنى يېپىپ جاماـئەت سورۇنىغا ئېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇۋان مەشرىپى باشلىنىدۇ.

19

جۇۋان مەشرىپىنىڭ بېيىت - قوشاقلىـرى باشلىنىدۇ.

ھەر بىر كۇبلېت بېيىت - قوشاق ئوقۇلـغاندا مەيداندا ئىختىيارسىز كۈلكە كۆتۈ-رۈلىدۇ. قوشاق ئاخىرىدا كۈلۈشۈۋاتقان ئەھلى مەشرەپ ۋە باغدىكى مېۋىلەر، باغ مەنزىرىسى قاتلىما كۆرۈنۈش شەكلىدە كۆرسىتىلىدۇ.

يىگىت A:

كەچ بولدى زاۋال بولدى،
يايىرىمغا ئۇۋال بولدى.
چاچباغىنى ئۇزۇن سالىپ،
بىر ئوبدان جۇۋان بولدى.

قىز A:

كىچىككىنە چىلگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەلىمۇ؟
ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ،
بىزنى كىچىك دەلىمۇ؟

يىگىت A:

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام.

20

قاتار مەشرەپ:

يېزا يولى.

يولدا ماشىنا، تراكتور، موتسىكلىت، ۋېلسىپىت، ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىدا ۋە پىيادە كېتىۋاتقان ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ.

تۇرلۇك رەختلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ياسىداق ئات ھارۋىسىدا بىر قانچە قىز - يىگىتلەر بىلەن مەتيا راۋاپ كېلىدۇ. يول ئۈستىدە قۇددۇس بىلەن قۇندۇز پاراڭلىـشىپ تۇرىدۇ.

مەتيا راۋاپ قۇددۇس بىلەن قۇندۇزغا چاقچاق قىلىدۇ:

— ھە، بىرنىڭلار قەمەرشاھ، بىرنىڭلار شەمسى جانانەدەك تۇرۇشۇپ قاپسىلەرغۇ؟ تېز ھارۋىغا چىقىڭلار، بۈگۈن كەچ ئەكبەر-نىڭ ئۆيىدە قاتار مەشرەپكە بارىمىز، — دەيدۇ.

قۇددۇس بىلەن قۇندۇز ھارۋىغا چىقىدۇ. مەتيا راۋاپ قۇددۇس بىلەن قۇندۇزنىڭ كېلىشكەن بەستى، چىرايىغا قاراپ مەستلىكى كېلىدۇ. ھارۋىكەش ئاتلارغا تاراسلىتىپ قامچا ئۇرىدۇ. ئاتلار ئوينىقلاپ تېخىمۇ تېز چاپىدۇ. ئاتلارنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇ-راقلار، ھارۋا ئاستىدىكى «گۇدۇڭ» دىن تارالغان ئاۋاز ياشلارنىڭ كۈلكىسى، خۇش چاقچاقلىرىغا جۆر بولىدۇ.

مەتيا راۋاپ قۇددۇس بىلەن قۇندۇزغا قاراپ:

— ئىككىڭلار سىرتقا ئوقۇشقا كېتىپ بىرقانچە يىل دولان تۇرمۇشىدىن ئايرىلـدىڭلار، تومۇرىڭلاردا دولانلىقلارنىڭ قېنى بارمۇ - يوق؟ قېنى بۈگۈنكى قاتار مەشرەپ-تە كۆرىمىز! ھەي قۇددۇس، نېمانچە شۇك بولۇپ كېتىسەن؟ قۇندۇزنى ئۇسسۇلغا تار-تالمىساڭ دولان ياشلىرىنىڭ قاتارىدىن ساڭا ئورۇن تەگمەيدۇ، جۇمۇ؟ — دەيدۇ.

ھارۋىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان يىگىت قۇددۇسنىڭ گەجگىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ:

— دەررە كەلگەندە قۇندۇزنىڭ زىلۋا بېلىگە «قاسىدە» بىرنى ئۇرالمىساڭ ئۆزۈڭ-نى دولان بالىسى دەپ ھېسابلىما، — دەيدۇ.

قۇندۇز:

— تولا پوچىلىق قىلماڭلار، بىز دولان

قىزلىرىمۇ بوش كەلمەيمىز. مەشرەپتە قىزلارغا بېيىت ئېيتالماي، گەدىنىڭلارنى قاشلاپ قاچمىساڭلارغۇ مەيلىتى، مەشرەپتە كۆرىمىز، قېنى قايسىمىز نوچى؟ — دەيدۇ.

قۇددۇس مەتىيا راۋاپقا قاراپ:

— مەتىيا ئاكا، مەشرەپ دەۋرمەي نېمىشقا قاتار مەشرەپ دەيمىز؟ سۆزلەپ بېرىڭا، — دەيدۇ.

مەتىيا راۋاپ كولۇپ كېتىپ:

— يېزىمىز ئىشلەپچىقىرىش ئارىسالدا بولغاندا ياشلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ هاردۇقىنى چىقىرىش، مادارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، روهىنى ئۇرغۇتۇش مەقسىتىدە هەر هەپتىدە بىر قېتىم خالىغان كىشىنىڭ ئۆيىدە نۆۋەتلىشىپ مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنى ياشلار تالىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئالدىنقى مەشرەپ ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ يىگىتبېشى بىر پىيالە چاينى ئەكىلىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدۇ. بۇ «قىۋان چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ چاينى كىم بۇرۇن قولىغا ئېلىۋالسا پىيالىدىكى چاينى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېلەر قېتىمقى مەشرەپنى شۇ كىشى ئۆتكۈزىدۇ.

قۇندۇز:

— هە، مۇنداق مەشرەپنى قاتار مەشرەپ دەيدىكەنمىز-دە، — دەيدۇ.

هارۋا باغ - ۋارانلىق، ئازادە، ياسىداق ياسالغان ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. مەتىيا هارۋىدىن چۈشۈپ:

— قېنى، ئەكبەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدۇق، تېزرەك مەشرەپ سورۇنىدىن ئورۇن ئالايلى، — دەيدۇ.

**21**

ئەكبەرنىڭ ئۆيى.

هويلا ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەنئەنىلىرى بىلەن ياسالغان بولۇپ، زىلچا-گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن. كەڭرى هويلا مەشرەپكە كەلگەن ئادەملەر بىلەن لىق تولغان.

ئېكراندا: كاۋاپچىلارنىڭ زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈۋاتقان، كاۋاپدانىدا كاۋاپ يەلپۈۋاتقان كۆرۈنۈشى، داشقازاندا قايناۋاتقان گۆش، دۈملەنگەن پولۇ، قاسقاندا پىشىۋاتقان مانتا، سوزۇلىۋاتقان لەغمەن، پىچىلىۋاتقان قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشى؛ پارچىلىنىۋاتقان قوي گۆشى، ئاق نانلارغا سېلىنىپ مېهمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىۋاتقان كاللەك - كاللەك گۆشلەر؛ گۆشكە قاراۋاتقان كۆزلەر، گۆش يەۋاتقان ئېغىزلار، سۆڭەك غاجىلاۋاتقان چىش قاتلىما كۆرۈنۈش هالىتىدە كۆرسىتىلىدۇ.

**22**

يىگىتبېشى:

— كۆپچىلىك، تىنچلىنايلى. قوشنىمىز پالتا ئاخۇننىڭ ئوغلى ئەكبەر هالال ئەمگىكى بىلەن بېيىش يولىغا مېڭىپ روناق تېپىپ، كەمبەغەل، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولدى. بۈگۈن يۇرتقا چاي بېرىپ دولان مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى. قېنى، ئەلنەغمىچىلەر نەغمىنى باشلاڭلار، — دەيدۇ.

دولان مۇقاملىرىدىن «چۆل باياۋان»نىڭ نەغمىسى باشلىنىدۇ.

مۇقەددىمىسى:

سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كەيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم.
بېشىمغا هەر بالا كەلسە،
سېنى تاشلامدىمەن يارىم.

چېكىتمىسى:

قارا كۆرپە تۇماقىمنى،
كەيگۈم كېلىدۇ.
هەر ناشتىدا يار لېۋىنگە،
سۆيگۈم كېلىدۇ.

ئۇيان باقسام، بۇيان باقسام،
يايرىم كەلمەيدۇ.

يايرىم بىلەن چۆلدە ياتسام،
قورققۇم كەلمەيدۇ.

سەنەم:

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئەنجۈرۈڭ ئەجەپ شاخلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ؟
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

ئۇ قاتتا سەن بولساڭ،
بۇ قاتتا مەن يارىم.
ئانار گۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرمىقى مەن يارىم.

نەقرات:

يار سېنىڭ دەردىڭ.

سەنقەس:

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
سۆيەي دېسەم بويۇم پەس،
ئېگىلەمسىز قەلەمقاش.

راۋاپ چالدىم پەدىگە،
سىز يارىمنىڭ دەردىگە.
تۇرالامسىز قارا كۆز،
ئاخشام قىلغان ۋەدىگە؟

سېرىلما:

كۆچەت يىلتىز تارتىدۇ،
مۇنبەت يەرگە تىكىلسە.
ئۈزۈلمەيدۇ دىل رىشتى،
لىۋەن يارغا چىگىلسە.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
كۆڭلۈمنى ئاتاپ قويدۇم،
سىز يارىم چىرايلىققا.

ئېكراندا:

مۇقام تووۇلاۋاتقان ئېغىز، داپ ئۇرۇۋاتقان قول، داپ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا دەسسەۋاتقان پۇت، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قول، مىدىرلاۋاتقان گەجگە، خۇمالىق بېقىشىۋاتقان كۆزلەر، ئاياللارنىڭ كۆتۈرۈلگەن كۆكسى، ساغرىسى، ئەرلەرنىڭ بۇرۇتى، بەلبېغى، پىچىقى قاتلىما كۆرۈنۈش شەكلىدە نامايەن بولىدۇ.

## 23

يىگىتبېشى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— قېنى، ئادىلجان، گۆش تەمبۇردىن مۇڭ ئاڭلىمايلىمۇ؟ — دەيدۇ.

ئادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— بولىدۇ. گۆش تەمبۇر بىلەن ئورۇندالغان مۇزىكا «ناۋا مۇقامىنىڭ تەزىسى»، ئۆزۈم ئاغزىم بىلەن ئورۇنلايمەن، — دەيدۇ.

ئادىل ئېغىزدا تەمبۇر چېلىشنى دورايدۇ، ئاندىن بىر قانچە قىزىقچىلار مەيدانغا كىرىپ تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ تىلى، قىلىقلىرىنى دورايدۇ. دوراش نومۇرى ئاخىرلاشقاندا بىر دېھقان بىر تۇياق ئۆچكىنى مەيدانغا ھەيدەپ كىرىدۇ. ئۆچكە مەرەپ مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە قاچىدۇ. ئەتراپتىكى ئامما پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ.

يىگىتبېشى ئۆچكىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ يۈگۈرۈپ تۇتالمايدۇ. ئاچچىقىدا ئۆچكىنىڭ ئىگىسىگە قاراپ ۋارقىرايدۇ:

— ھەي، قانداق ئادەمسەن؟ مەشرەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى بىلمەمسەن؟ قوتۇر ئۆچكەڭنى دەرھال مەيداندىن يوقات!

ئۆچكە ئىگىسى:

— خاپا بولمىسىلا يىگىتبېشى، بۈگۈنكى مەشرەپكە بىر نومۇر ئورۇنداپ بېرەي دېگەن مەقسەتتە كېلىۋىدىم، — دەيدۇ.

يىگىتبېشى:

— ھە، مۇنداق دېسىلە، سىلى ئۆزلىرى يالغۇز قايسى نومۇرنى ئورۇنداپ بەرمەكچى؟

ئۆچكە ئىگىسى:

— مەن يالغۇز ئەمەس، ئەلۋەتتە مۇنۇ ئۆچكە بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلايمەن - دە!

يىگىتبېشى:

— ھە، ياخشى گەپ، قېنى، مەرھەمەت!

ئۆچكە ئىگىسى:

— قىزىقارلىق نومۇر «ئۆچكىنى توقماققا چىقىرىش»، ئۆچكەم بىلەن مەن ئورۇنلايمەن، — دەيدۇ.

ئۆچكىنى توقماققا چىقىرىش نومۇرى باشلىنىدۇ.

24

ياندىن بايان:

پاختا — مەكىت دېھقانلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبەسى. مەكىت ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى.

ئېكراندا بىپايان ئېتىزلاردا ئېچىلىپ كەتكەن غوزىلار، كېۋەز تېرىۋاتقان دېھقانلار؛ پاختا سېتىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغان دېھقانلار؛ ئاسمانپەلەك پاختا دۆۋىلىرى؛ پاختا زاۋۇتىدا چىقىرىلىۋاتقان سۈپەتلىك پاختىلار، پاختا تايلاۋاتقان ئىشچىلار؛ تاي پاختىلارنى بېسىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل، پويىزلار قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە كۆرۈنىدۇ.

25

توغراقلىق.

بىر چېتى توغراقلىق، بىر چېتى يۇلغۇنلۇق، چۇچۇك بۇيا، قومۇش بىلەن قاپلانغان جاڭگاللىق ئىچىدە قەدىمكى ئۇۋچىلارنىڭ چېدىرى كۆرۈنىدۇ.

دۆڭ باغرىدىن يىلاندەك سوزۇلۇپ كەلگەن ئېقىن بويىدا بىر جەرەن ئەتراپقا قارايدۇ. جەرەن ئالدى تەرەپتىكى سۇ ئېقىننى كۆرۈپ سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئېقىن ئىچىگە كىرىدۇ.

ئاتلىق ئۇۋچى قولىدىكى بۈركۈتنى قويۇۋېتىدۇ. ئېكراندا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قېچىۋاتقان جەرەن، زەڭگەر ئاسماندا جەرەننى كۆزلەپ ئۇچۇۋاتقان بۈركۈت كۆرۈنىدۇ. ئۇۋچىلار ئات چاپتۇرۇپ، بۈركۈتنىڭ ئارقىسىدىن جەرەننى قوغلاپ ماڭىدۇ. جەرەن قېچىپ ئېگىز قۇم ئۈستىگە چىقىدۇ.

ئاسماندىن ئېتىلىپ كەلگەن بۈركۈت جەرەننى باسىداپ ئالىدۇ.

ئېكراندا بۈركۈتنىڭ جەرەننى مەھكەم قاماللاپ ئالغان پۇتى، تىرناقلىرى، چوقۇۋاتقان تۇمشۇقى، جەرەننىڭ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزى، تېپىرلاۋاتقان پۇتلىرى كۆرۈنىدۇ.

26

قومۇشلۇق ئېقىن.

ئۇۋچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۈركىگەن ياۋا توشقانلار قېچىپ، ئېقىن تەرەپكە يۈگرەيدۇ.

ئېكراندا: ئۈركۈپ قېچىۋاتقان توشقانلار؛ ئات ئۈستىدىكى ئۇۋچىلارنىڭ قولىدا توشقانغا قاراپ ئۆزىنى ئېتىش ئۈچۈن ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىۋاتقان قارچۇغا ئۇۋچى قارچۇغىنى توشقانغا قويۇۋېتىدۇ. قارچۇغا ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۆزىنى توشقانغا ئاتىدۇ.

قارچۇغا قومۇش، يۇلغۇنلار ئاستىغا كىرىۋالغان توشقاننى باسىداپ چوقۇيدۇ، توشقاندىن جىرتىلداپ قان ئاقىدۇ.

27

ئۇۋچىلار ئېقىن باغرىدىن ئات سېلىپ قوملۇق تەرەپكە ماڭىدۇ. قومۇشلۇق ئارىسىدىن قىرغاۋۇللار ھۈركۈپ ئۇچىدۇ. ئۇۋچى قارچۇغىنى قويۇۋېتىدۇ. قارچۇغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىرغاۋۇلنى چوقۇپ تۇتۇۋالىدۇ.

ئېكراندا: قارچۇغىنىڭ قىرغاۋۇلنى چوقۇپ يەۋاتقان كۆرۈنۈشى.

28

قومۇشلۇق.

دۆڭ باغرىدىكى قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر تۈلكە چىقىپ ئەتراپقا قارايدۇ. ئات

ئۈستىدىكى ئوۋچى قولىدىكى بۈركۈتنى
قويۇۋېتىدۇ.

تۈلكە بۈركۈتنى ئالداپ ئېھتىقتۇرۇش ئۈچۈن قومۇشلۇق ئاستىغا كىرىپ يۈتىنى ئاسمانغا قىلىپ يېتىۋالىدۇ. هوشيار بۈركۈت ئاسماندىن ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تۈلكىنىڭ تۇمشۇقىدىن قامالاپ ئېلىپ تىرناقلىرىنى پاتۇرىدۇ، باش ـ كۆزلىرىنى چوقۇيدۇ.

29

تۇپىلىق يول.

ئوۋچىلار ئات چاپتۇرۇپ ئوۋدىن قايتىدۇ.

ئېكراندا: ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئاتلارغا غانجۇغلاپ قايتىۋاتقانلىقى، بىر قانچە يۈز كىشىنىڭ جاڭگاللىق ئىچىدىكى تۇپىلىق يولدا ئوۋچىلارغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقى قاتلىما كۆرۈنۈش هالىتىدە كۆرۈنىدۇ.

30

كەچكى شەپەق چېدىر ئۈستىنى قىزىل نۇرغا پۈركەيدۇ.

ئەتراپنى غوۋا قىزىللىق قاپلايدۇ. ئاپپارات يىراقتىن توغرىلىنىپ، ئېكراندا ئاسماندا ئېسىلىپ قالغان هارۋا چاقىدەك دۈگىلەك، غوۋا قىزغۇچ قۇياش، پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ، بىر پارچە هەيۋەتلىك ئوت يالقۇنىغا ئايلىنىدۇ. ئوت لاۋۇلداپ كۆيىدۇ. كۆيۈۋاتقان ئوت ئاستا ـ ئاستا تاراپ، ئون نەچچە كىچىك گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. ئۇ كىچىك گۈلخانلارنى ئادەملەر مەشئەل قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئۇ مەشئەللەر لاۋۇلداپ چوڭ گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار قوللىرىدىكى مەشئەللەر بىلەن مەركىزىي گۈلخاننى چۆرىدەپ، مۇزىكا رېتىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

31

چېدىر ئالدى.

ئوۋچىلار گۈلخان يېقىپ ئوۋلىغان جەرەن، توشقان، قىرغاۋۇل گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىشىدۇ. گۈلخان ئەتراپىغا كىگىز، گىلەملەر سېلىنىپ، ئوۋغا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كاۋاپ بىلەن چاي تارتىلىدۇ.

32

چوغ ئۇسسۇلى.

ئۇسسۇلچىلارنىڭ قوللىرىدا دەستىلىك چوغلار، ئۇلار ئوۋ نېمەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، مەركىزىي گۈلخاننى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. دەسلەپتە مۇقام باشلىنىپ، ئۇسسۇلچىلار چوغ كۆتۈرۈپ: «هوي، هوي، هوي ...» دەپ توۋلىشىدۇ. ئاندىن كۆرۈنۈش ئاستا ـ ئاستا ئالمىشىپ، «چېكىتمە» مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلچىلار ئورمانلىق ئارىسىدىكى چاتقاللىققا كىرىدۇ. ئۇلار بىر قولىدا چوغنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا دەرەخ شاخلىرىنى قايرىيدۇ. بۇ هەرىكەتتىن چېكىتمە ئۇسسۇلى هاسىل بولىدۇ. كۆرۈنۈش ئاستا ـ ئاستا ئالمىشىپ «سەنەم» مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇلچىلار ئورمانلىق ئىچىدە ياۋايى هايۋانلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

مۇزىكا «سەنقەس» يۆتكىلىدۇ. ئورمانلىق ئىچىدە چوغ كۆتۈرگەن ئۇسسۇلچىلار چەمبەر هاسىل قىلىپ پىرقىرايدۇ. ئاندىن ئاياللار قولىدىكى چوغنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن ئەرلەر قوللىرىغا ئوقيا ئېلىپ ئاتىدۇ.

33

ئوغلاق تارتىش مەيدانى.

يىگىتبېشى ئوغلاقنى ئېگىزكۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىشى بىلەنلا نەچچە يۈز ئاتلار گۈلدۈرلەپ ئوغلاق تاشلانغان تەرەپكە چاپىدۇ.

چەپەر① كەلگەن بىر يىگىت ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ قاچىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن ئاتلار ئوغلاق ئېلىپ قاچقان يىگىتنىڭ كەينىدىن گۈلدۈرلەپ چاپىدۇ.

ئېكراندا چېپىۋاتقان ئات، ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچراپ چىققان توپا، مەھكەم قامallanغان ئوغلاق، ھاۋا بوشلۇقىدا پۇلاڭلاۋاتقان قامچا قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە كۆرسىتىلىدۇ.

ئوغلاقنى ئېلىپ قاچقان يىگىت، ئوغلاقنى ھېچكىمگە تارتتۇرۇپ قويماي مەھەللىگىچە ئېلىپ قاچىدۇ. مەھەللە جامائىتى يولغا چىقىپ چاۋاك چېلىپ ئالقىشلايدۇ. ئوغلاقچى يىگىت قىزنىڭ ھويلىسىغا ئوغلاقنى تاشلايدۇ. قىزنىڭ دادىسى ئوغلاقچى يىگىتنى تەبرىكلەيدۇ.

بوۋاي:

— بارىكاللا ئوغلۇم، باتۇرلۇقىڭغا قايىلمەن! ئوغلاقنى بىزنىڭ ئۆيگە پەتە② قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن! — دەيدۇ.

ئۆي ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ ئىشىكتىن قىزنىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ. بوۋاي ئۆيگە قاراپ:

— ھوي ئانىسى، تېز بولۇڭلار، تون ئېلىپ چىقىڭلار، ئوغلاقچى باتۇر يىگىتكە تون كەيدۈرىمەن! — دەيدۇ.

موماي ئۆيدىن تون ئېلىپ چىقىدۇ. بوۋاي يىگىتكە تون كەيدۈرىدۇ. قىز ئۆيدىن بىر تىزىق قوڭغۇراق ئېلىپ چىقىپ ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ.

34

دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى باشلىنىدۇ.

ئېكراندا ھەرقايسى يېزىلارنىڭ دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتى قاتلىما كۆرۈنۈش شەكلىدە ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ.

يالدىن بايان:

توق تۇرمۇش، خاتىرجەملىك كىشىلەرنى رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت-سەنئەت بېغىغا ئېلىپ كىرمەكتە.

قورساقنىڭ توقلۇقى روھىي جەھەتتىكى شوخلۇقنى ئۇرغۇتتى. خەلق ئاممىسىدا كۈچلۈك سەنئەت ئىشتىياقىنى قوزغاتتى.

35

دېھقانلار رەسىم كۆرگەزمىسى.

ئېكراندا دېھقانلار رەسىم ئۆگىنىش كۇرسى ۋە بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تاللانغان دېھقان رەساملىرىنىڭ پائالىيىتى قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە كۆرسىتىلىدۇ.

يالدىن بايان:

مەكىت دېھقانلىرى سىزغان رەسىملەر دولان مەشرىپىگە ئوخشاشلا ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە داڭلىق.

مەكىت دېھقانلىرى سىزغان ئۈچ پارچە رەسىم پارىژدا ئېچىلغان جۇڭگو دېھقانلار رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى. 80 پارچە رەسىم بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك كۆرگەزمىگە، 100 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى. 200 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

36

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت بىناسى. بىنا ئالدىغا «مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز» دېگەن لوزۇنكا ھەمدە رەڭگارەڭ زىننەت بايراقلىرى ئېسىلىدۇ. بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى لەمپىسىدە مۇقامچىلار، ناغرا-سۇنايچىلار، ئەلنەغمىچىلەر ئورۇن ئالىدۇ.

① چەبەر — دولان شېۋىسىدە چاققان دېگەن مەنىدە. ② پەتە قىلىش — دولان شېۋىسىدە ئوغلاقنى بېكىتىلگەن ئورۇنغا تاشلاش دېگەن مەنىدە.

بىنا ئالدىغا ئىككى دانە شار ئېسىلىدۇ. 1 - شار ئاستىدىكى ئاق لوزۇنكىغا: «مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!»؛ 2 - شار ئاستىدىكى ئاق لوزۇنكىغا: «مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرايلى!» دېگەن خەتلەر يېزىلىدۇ.

ھاكىم بىنانىڭ سۇپىسىدا تۇرۇپ:

— يولداشلار: «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» باشلاندى! — دەپ جاكارلايدۇ. ناغرا - سۇنايلار چېلىنىدۇ.

بىنا ئالدىدىكى مەيداندا ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بىر قانچە يۈز رەڭلىك شارلار، كەپتەرلەر ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدۇ. دەرۋازىدىن مەيدانغىچە يىغىن بەلگىسى تاقىغان ۋەكىللەر كىرىپ كېلىدۇ. مەيدان ئۇسسۇل دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. ۋەكىللەر ئىككى تەرەپتىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش يولدىن مېڭىپ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناپ، يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ.

37

يىغىن مەيدانى.

تەكلىپ بىلەن سىرتتىكى ئورۇنلاردىن يىغىنغا كەلگەن ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، مۇقامچىلار ۋەكىللىرى ۋە ناھىيە باشلىقلىرى يىغىن سەھنىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئېكراندا يىغىننىڭ نامى يېزىلغان لوزۇنكا، يىغىن سەھنىسىدىن ۋە يىغىن مەيدانىدىن ئورۇن ئالغان يىغىن ۋەكىللىرى، يىغىندا نۇقتىلىق ئىلمىي ماقالە ئوقۇغانلار قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىلىدۇ.

يىغىن ۋەكىللىرىدىن بىرى چوڭ يىغىندا ئىلمىي ماقالە ئوقۇيدۇ:

— دولان مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا سەنئەت گۆھىرى بولۇپ، تارىخىي ئۇزۇن، تەسىرى چوڭقۇر، ئاممىۋى ئاساسىي كۈچلۈك مۇزىكا بايلىقىدۇر، دولان مۇقاملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، رېتىملىق مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئۇيغۇر ناخشا ئۇسسۇلچىلىقى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان. دولان مۇقاملىرىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى تەتقىق قىلىشقا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

38

يىغىن ۋەكىللىرى دولان مۇقاملىرى كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ.

مەتيا راۋاپ كۆرگەزمىخانىنى كۆرۈۋېتىپ رەسسام غازى ئەھمەت سىزغان مەلىكە ئامانىساخاننىڭ ماي بوياق رەسىمىگە ئالاھىدە ھۆرمەت، يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن قارايدۇ. مۇيەسسەر بىلەن قۇندۇزمۇ مەلىكە ئامانىساخاننىڭ رەسىمىگە زوقلىنىپ قاراپ قالىدۇ.

مۇيەسسەر بىلەن قۇندۇز مەلىكە ئامانىساخاننىڭ ساتار چېلىپ تۇرغان قوللىرىنى سىلايدۇ. ئۇلار مەتيا راۋاپنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ مەلىكە ئامانىساخان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

قۇندۇز:

— مەلىكە ئامانىساخان ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭا مەتيا ئاكا، — دەيدۇ.

مەتيا راۋاپ:

— ماقۇل قىزلىرىم، ئاۋۋال رەسىمنى قانغىچە كۆرۈۋېلىڭلار. بىز ئامانىساخاندەك

مۇقام ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامى بىلەن دولان مۇقاملىرىنى بىزگە تەۋەررۈك قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدەك ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىسىدىن پەخىرلىنىمىز. مەلىكە ئامانىساخان بىز دولانلىقلارنىڭ ئىپتىخارى، شان - شەرىپى، — دەيدۇ.

39

ئامانىساخانىنىڭ يەكەن غەدىكەرلىك باغچىسىدىكى ھەيكىلى. ھەيكەلنى سەيلە قىلىۋاتقان ئادەملەر؛ ئالتۇنلۇقۇمىدىكى ئامانىساخان مەقبەرىسى، مەقبەرىنى تاۋاب قىلىۋاتقان كىشىلەر؛ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يېقىمىدىن ياسالغان ئوردا دەرۋازىسى ئېكراندا قاتلىما كۆرۈنۈش ھالىتىدە نامايەن بولىدۇ.

40

يۇلغۇن، چۇچۇك بۇيا، قومۇش ئۆسۈپ كەتكەن كەڭرى دالا. يىراقتىن تولغىنىپ ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسى ئېقىمى غۇۋا كۆرۈنىدۇ.

يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئون نەچچە كىشى كۆرۈنىدۇ. ئۇلار توغراق، يۇلغۇنلار قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەشتى چۆللۈككە كېلىدۇ.

ئاتلىقلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىپ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرەشىد-خان ئەكرەم ئىسىملىك مەھرىمى ۋە ئون نەچچە ۋەزىر، لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىققان بولۇپ، ئۇچىسىدا شاھانە تون ۋە لەشكىرىي كىيىملەر؛ ئۇلار قىلىچ، ئاي پالتا، ئوقيا قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان.

ياندىن بايان:

XIX ئەسىردە ياشىغان موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابىتا: «مەلىكە ئامانىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇ-رەشىدخانىنىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفىسە» (نەفىسە شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى. سۇلتانىنىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى». سۇلتان ۋەزىر، ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەخت يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتانىنىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ، قونۇچى سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم - سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە كىردى.

ئابدۇرەشىدخان ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالىدۇ.

ئەكرەم ئالدى تەرەپتىكى كۆرۈنگەن ئۆينى كۆرسىتىپ:

— شاھىم، ئاۋۇ تەرەپتە بىر ئۆي كۆرۈنىدۇ، — دەيدۇ.

ئابدۇرەشىدخان قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ ئۇ ئۆينى كۆرىدۇ، لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— يۈرۈڭلار، ئاشۇ ئۆيگە بېرىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ كېلەيلى، — دەيدۇ.

ئابدۇرەشىدخان دۆڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، كۆرۈنگەن ئۆي تەرەپكە قاراپ ئات سالىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى شاھانە تون، لەشكىرىي كىيىملەر ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ كىيىمىگە ئالمىشىدۇ.

41

ئابدۇرەشىدخان لەشكەرلىرى بىلەن ئەتراپى جەڭگەدىلەر بىلەن قاپلانغان دېھقان ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ئەكرەم ئىشىكنى چەكمەك بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا يېقىن بېرىپ قولىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ توختاپ قالىدۇ.

ئۆي ئىچىدىن ئاڭلانغان مۇقام ناخشىلىرى ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئەكرەمنى تېزرەك ئۆيگە كىرىپ مۇقام ئېيتىۋاتقانلارنى كۆرۈشكە ئىنتىزار قىلىدۇ. ئەكرەم ئىشىكنى چېكىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ مەھمۇد ئاكا چىقىدۇ. ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن، مەھمۇد ئاكا ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئابدۇرەشىدخان تېزرەك ئۆيگە كىرىپ مۇقام ئاڭلاشقا ئالدىرايدۇ. لەشكەرلەر ئاتلارنى باغلاپ قويۇپ سىرتتا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئەكرەم مەھمۇد ئاكىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

42

مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيى.

ئۆي ئىچىدە ئۆمەر سازەندە، بادامخان، رەھمەت داپچىلار ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئەكرەم كىرىشى بىلەنلا: «كۆرپىگە كەلسىلە» دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئەكرەم كۆرپىدە ئولتۇرىدۇ. ئىچكىرىكى ئۆيدىن «چەبىيات» مۇقامىنىڭ «جۇلا»سى ئاڭلىنىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تىنچ - ئامان تۇرۇشتىلىمۇ؟

مەھمۇد ئاكا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھەر بىرلىرى قەيەردىن كېلىشتىلە؟

ئابدۇرەشىدخان:

— ھە، بىز ئۇۋغا چىققانىدۇق. بۇ ئۆيىنى كۆرۈپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ چىققىمىز كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ نامۇ - شەرىپىلىرى كىم بولىدىكىن؟

مەھمۇد ئاكا:

— پېقىرنى خەقلەر «مەھمۇد ئوتۇنچى» دەيدۇ. مەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بولىمەن.

ئابدۇرەشىدخان:

— بىز مەشەدە بىردەم ھاردۇق ئېلىپ كەتسەك خوپ كۆرەرلىمىكىن؟

مەھمۇد ئاكا:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. تارتىنماي ئۆز ئۆيلىرىدەك ئولتۇرۇشسىلا.

مەھمۇد ئاكا ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئەكرەمنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىپ قېتىق، نان - توقاچ، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئەكىلىدۇ. ئىچكىرى ئۆيدىن ئامانىساخان چىقىدۇ. ئامانىساخان ئابدۇرەشىدخان، ئەكرەملەرگە يەڭگىل تەزىم قىلىپ سالام بېرىدۇ. ئابدۇرەشىدخان ئامانىساخانغا قارىغىنىچە تىكىلىپ قالىدۇ. ئامانىساخان سەل ئويالغاندەك تارتىنىپ بادامخاننىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ئابدۇرەشىدخان تامغا يۆلەكلىك تۇرغان تەمبۇرنى كۆرۈپ قالىدۇ. تام تۈۋىدە تەمبۇردىن باشقا ساتار، قالۇن، دولان راۋابى، دولان قىل غىجەكى تىزىقلىق تۇرىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان:

— ھېلى سىرتتا تۇرۇپ تەمبۇر بىلەن ئوقۇغان مۇقامنى ئاڭلىغانىدۇق. مۇمكىن بولسا ئۆزلىرىگە ئىلتىماسىمىز مۇقام ناخشىلىرىدىن ئېيتىپ بەرسىلە ئىكەن.

مەھمۇد ئاكا:

— مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن.

مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر، دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان. قىزىم چالىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان:

— ئۇنداق بولسا، قىزلىرى مۇقامغا چېلىپ بەرسە.

مەھمۇد ئاكا:

— ماقۇل. ئالدى بىلەن مەن ماۋۇ كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دەپ ئۆمەر سازەندە، بادامخانلارنى كۆرسىتىپ:

— بۇ زات يۇرتىمىزنىڭ ساز - نەغمە پېشىۋاسى بولىدۇ. ماۋۇ ئۆگەنچىلەر بۇ زاتنىڭ شاگىرتلىرى، مېنىڭ قىزىمنىڭ ساۋاقداشلىرى بولىدۇ. بۇ مېنىڭ قىزىم، ئىسمى ئامانىسا. قېنى قىزىم، تەمبۇرنى قولىڭىزغا ئېلىپ «پەنجىگاھ» مۇقامىغا چېلىپ بېرىڭ، — دەيدۇ.

43

ئامانىساخان تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ «پەنجىگاھ» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى چالىدۇ. ئابدۇرەشىدخان ھەيران قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئاستا - ئاستا ئامانىساخانغا بولغان سۆيگۈ ئۇچقۇنى يېنىشقا باشلايدۇ.

ئابدۇرەشىدخان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئامانىساخانىڭ مۇقامىغا بېرىلىدۇ. ئامانىساخان مۇقامنىڭ مەرغۇلىغا كەلگەندە رەھمەت داپ، بادامخانلار تەڭكەش قىلىدۇ. ئۇ «پەنجىگاھ» مۇقامىنى:

«خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى، بىزگە ئادىل
پادىشاھ قىلدىڭ.
پېقىر - مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخانىنى
پاناھ قىلدىڭ.

ئەي نەفسە ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە -
كۈندۈز دۇئا قىلغىل،
شاھ ھەققىدە دۇئا قىلماي قاتتىق
گۇناھ قىلدىڭ.»

دېگەن غەزەل بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

— نەفسە دېگەن شائىرە كىم؟ سىز بۇ غەزەللەرنى نەدىن ئۆگەنگەن؟— دەيدۇ ئابدۇرەشىدخان ھاياجان ۋە تەئەججۇپ بىلەن.

ئامانىساخان:

— خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ يادا ئېلىپ ئوقۇمىدىكەن. مەن نەۋائىي، فۇزۇلى، زەلىلى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىسىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ. نەفسە مېنىڭ تەخەللۇسۇم،— دەيدۇ.

ئابدۇرەشىدخان قايىللىق، ئىختىيارسىز ئاشىقلىق بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا مەھمۇد ئاكا، ئامانىساخان ۋە ئۆمەر سازەندە، بادامخانلار بىلەن خوشلىشىدۇ.

44

ئەگرى - بۈگرى سەھرا يولىدا لەشكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئالاھىدە بېزەلگەن شاھانە مەپە كۆرۈنىدۇ.

45

دەريا بويى.

يىراقتىن دەريا ساھىلى كۆرۈنىدۇ. ئابدۇرەشىدخان، ئەكرەم، بىر قانچە ئون لەشكەر مەپىنى ئارىغا ئېلىپ قاشقا توختىتىپ قويۇلغان كېمىگە قاراپ ماڭىدۇ.

مەپىنىڭ روجىكىگە تۇتۇلغان پەردە قايرىلىپ، ئامانىساخانىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ. ئامانىساخان يۈزىدىكى چۈمبەلنى قايرىپ دەرياغا قارايدۇ.

ئابدۇرەشىدخان ئېتىنى توختىتىپ ئامانىساخانغا قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ئېكرانىدا بىر - بىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان ئىككى جۈپ كۆز يالت قىلىپ ئالمىشىپ، بىر بەرگىدە ئېچىلغان بىر جۈپ قىزىلگۈل، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن چوقىشىۋاتقان ئىككى قۇشنىڭ تۇمشۇقى كۆرۈنىدۇ.

دولقۇنلۇق دەريا ئىچىدە قارشى قىرغاققا كېتىۋاتقان كېمە كۆرۈنىدۇ.

ياندىن بايان:

ئامانىساخان ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەت - سەنئەت ھامىيسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ، قىدىرخان قاتارلىق شەرقنىڭ مەشھۇر مۇقام-مۇزىكشۇناسلىرىنىڭ غوللۇق خىزمەت كۆرسىتىشى، ھەر تەرەپتىن ئوردىغا جەلپ قىلىنغان سازەندىلەر، شائىرلار، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىلىق ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، 12 مۇقامنى تۇپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە كۈي شەكلى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى قىلىپ رەتلەپ چىقتى. بىز ھازىر ۋارىسلىق قىلىۋاتقان 12 مۇقام ئامانىساخان باشلىق مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ ئۆلمەس تارىخىي تۆھپىسىدۇر.

46

سۇ ئامبىرى.

كۆپكۆك يېكەن، قومۇشلار ئۆسۈپ كەتكەن كۆل سۈيى، دولان قەلەمكەشلىرى قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ كۆل ئىچىدە سەيلە قىلىشىدۇ.

قەلەمكەشلەر ئۆزئارا رۇبائى ئوقۇشىدۇ. قەلەمكەش B نىڭ ئوقۇغان رۇبائىسىنىڭ قاپىيىسى چۈشمەيدۇ. قەلەمكەشلەر ئۇنى قېيىقتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ سۇغا چۆمدۈرىدۇ.

قەلەمكەش A:

— قاپىيىدە ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ. سەۋەنلىكمۇ - ناماقۇلمۇ، — دەيدۇ.

قەلەمكەش B سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ناماقۇل، — دەيدۇ.

قەلەمكەش A:

— ناماقۇللۇق ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرىسەن، — دەيدۇ.

قەلەمكەش B:

— ناماقۇللۇق مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرەي، — دەيدۇ.

قەلەمكەش A:

— كۆپچىلىك قوشۇلامسىلەر؟ — دەيدۇ.

كۆپچىلىك بىردەك: قوشۇلىمىز، — دەيدۇ.

قەلەمكەش A قەلەمكەش B گە: «ئەمىسە ئەتە سېنىڭ ئۆيەڭدە مەشرەپ بولىدۇ، تەييارلىقنى ياخشى قىل» دەيدۇ.

47

مەشرەپ ئويۇنلىرى:

دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «سېرىلما» ئۇسسۇلى ئاخىرلىشىدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئارىسىدىن بىر كىشى ئىككى قولىغا چاپاننىڭ يېڭىنى كىيىپ، قورچاق شەكلىگە كىرىپ، گاچا ئادەمنى دوراپ مەشرەپ مەيدانىنى ئايلىنىدۇ.

گاچا ئادەم:

— پا... پاد... ىشاھنى كۆ... كۆر... دۈڭلارمۇ؟ مە... شرەپ بېگىنى كۆ... كۆ... كۆر... دۈڭلارمۇ؟

مەشرەپ نازارەتچىسى گاچا ئادەمنى يىگىتبېشىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىدۇ:

— بۈگۈنكى مەشرەپنى باشقۇرغۇچى «پادىشاھ» مۇشۇ كىشى شۇ، قانداق ئەرزىڭ بولسا ئېيتىۋەر، — دەيدۇ.

گاچا ئادەم يىگىتبېشىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— داد، پادىشاھىم، مېنىڭ ئەرزىم بار، — دەيدۇ.

«پادىشاھ»:

— ھوي ھۆدەيچى بەگ، — دەپ توۋلايدۇ.

ھۆدەيچى بەگ:

— خوش شاھىم، — دەپ «پادىشاھ»نىڭ ئالدىغا تەزىم قىلىپ كېلىدۇ.

«پادىشاھ»:

— ماۋۇ كىشىنىڭ نېمە ئەرزى بار،

سورا! — دەيدۇ.

هۆدەيچى بەگ:

— هەي ئاغزى مايماق، بويىنى ساپاق، كۆزى چاپاق، بېشى قاپاق، بۇرنى پاناق، تىلى قاداق، دىلى چاتاق دادلامچى، نېمە دەردىڭ بار، سۆزلە؟ — دەيدۇ.

هۆدەيچى بەگنىڭ سۆزىدىن كېيىن مەشرەپ ئەهلى پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ. «پادىشاھ» ئالدىدىكى تاقىلداقنى قاتتىق ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— هوي خالايىق، تىنچلىنىڭلار، بولمىسا ھەممىڭلارنىڭ يۈزىنى قارا ئېتىپ، ئاغزىڭلارنى يارا ئېتىپ يۇرتتىن هەيدەپ چىقىرىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

هۆدەيچى بەگ يۈگۈرۈپ كېلىپ «پادىشاھ»نى تۇتۇۋالىدۇ. چاپانلىرىدىكى توپا - چاڭنى قاققان قىياپەتتە «پادىشاھ»غا خۇشامەت قىلىدۇ. «پادىشاھ»غا قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي هۆرمەتلىك «پادىشاھىم» ئورنىلىرىدىن قوزغالمىسىلا، ئاچچىقلىرىغا هاي، پۇقرالىرىغا ساي بەرسىلە، بولمىسا ئوردىلىرىغا ئىت كىرىۋالىدۇ، — دەيدۇ.

كاچا ئادەم:

— ۋاي ... ۋاي ... دا ...د، مى... مېنىڭ... ئەر...... زىمنى ... سو ... سورامىلا، يوق، بو... بولمىسا... تو...كور......خور... زۇمنى ... مىنىپ... ئۇ... رۇ... مچىگە... بېرىپ... ئە... ئەرز قىلىمەن، — دەيدۇ.

«پادىشاھ»:

— هۆدەيچى بەگ!

هۆدەيچى بەگ، — خىزمەتلىرىگە تەييار شاهىم، — دەپ قول باغلاپ تۇرىدۇ.

«پادىشاھ»:

— ماۋۇ نېمانداق تىلىنى چايناپ كېكەچلەيدۇ، دەرهال تىلىنى ئامبۇر بىلەن تارتىپ، لاخشىگىرنى قىزىتىپ يېقىپ تىل تىككىنىنى ئېلىۋەت! — دەيدۇ.

هۆدەيچى بەگ «شاھ» نىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كاچا ئادەمنىڭ كەجگىسىنى بېسىپ تۇرۇپ تىلىنى قايرىپ تارتماقچى بولىدۇ.

كاچا ئادەم تىزلىنىپ تۇرۇپ «پادىشاھ»نىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئاپپارات ئەهلى مەشرەپكە توغرىلىنىپ، ئۇلار قاتلىما كۆرۈنۈش هالىتىدە كۆرسىتىلىدۇ.

مەشرەپ ئەهلى ئارىسىدىن سېلىم دوڭغاق سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئاياللار ئولتۇرغان تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 48

كاچا ئادەم:

— داد، پادىشاهىم، مېنىڭ تىلىم ئوڭلاندى، ئەمدى هەرگىز كېكەچلىمەيمەن، — دەيدۇ.

«پادىشاھ»:

— هە، ئۇنداق بولسا سۆزلە، — دەيدۇ.

كاچا ئادەم:

— ماۋۇ سېلىم دوڭغاق ئۇلۇغ شاهىمىز قەدەم تەشرىپ قىلغان، يۇرت ئەهلى قاتناشقان مۇشۇنداق بىر كاتتا مەشرەپتە بىر جۇۋانغا قاش ئېتىپ، كۆز بېقىشىپ، شەرمى - هايانى تاشلاپ، شېرىن سۆزلەرنى باشلاپ، ئۆزىنى جۇۋانغا تاشلاپ، مەشرەپ ئەهلىنى كۆزگە ئىلماستىن ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ — يۇرت ئەهلىگە ئەدەبسىزلىك قىلغانلىق، ئەگەر بۇ ئەدەبسىز جازالانمايدىكەن، مەشرەپنى تاشلاپ، يۇرت ئەهلىنى باشلاپ، توكۇر خورازغا مىنىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن، — دەيدۇ.

«پادىشاھ»:

— هاي هاشىم تاختاق، قاسىم چاخچاق، — دەپ ۋارقىرايدۇ. ئىككى چوماقچى تاقىلداپ سەكرىگىنىچە كىرىپ «پادىشاھ»نىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرىدۇ.

«پادىشاھ»:

— سېلىم دوڭغاق بىلەن ئۇنىڭغا ئامراق يۈزسىز جوۋاننى دەرھال كەلتۈرۈڭلار! — دەيدۇ.

قاسىم بىلەن ھاشىم: — خوپ شاھىم! دەپ پەرمانبەردار بولىدۇ.

49

سېلىم دوڭغاق ئاياللار ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئاياللارغا چاقچاق قىلىدۇ. ئاياللار سېلىمنىڭ بەتقىلىق ئىشلىرىدىن نارازى بولۇپ نېرى كېتىشكە ئىنتىرىشىدۇ. سېلىم قېلىنلىق قىلىپ كەتكىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇ ئايالچە ياسانغان بىر «جوۋان» بىلەن كۆز بېقىشىپ مۇكىدىشىدۇ.

ھاشىم بىلەن قاسىم يۈگۈرگىنىچە كېلىپ قەستەن دوڭغاق بولىۋالغان سېلىم بىلەن «جوۋان» نى سۆرەپ «پادىشاھ»نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. «جوۋان» تۈرلۈك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن تولغىنىپ«پادىشاھ»— غا كۆز تاشلايدۇ. «پادىشاھ» «جوۋان»نىڭ ئەركىلەشلىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. سېلىم دوڭغاق بۇ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

سېلىم دوڭغاق:

— داد، خالايىق! «پادىشاھ» مېنىڭ ئاشنام بىلەن كۆز بېقىشىۋاتىدۇ،—دەيدۇ.

ھۆدەيچى بەگ:

— ئاغزىڭنى يۇم دوڭغاق، شاھ ئالىيلىرىغا بەدنام چاپلىما! — دەيدۇ.

ئېكراندا: تەختتە ئولتۇرغان «پادىشاھ»نىڭ بۇيرۇق قىلىۋاتقان ۋاقتىدىكى مىدىرلاۋاتقان ئېغىزى، ئاچچىقى كەلگەندە غەزەپتە ئوقتەك قادالغان كۆزى، تىترەۋاتقان ساقىلى، بىچارە قىياپەتتە شاھنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان سېلىم دوڭغاق، ناز - كەرەشمىلەر بىلەن شاھقا قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاۋاتقان «جوۋان» نىڭ ھەرىكەتلىرى قاتلىما كۆرۈنۈش شەكلىدە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىلىدۇ.

«پادىشاھ» گاچا ئادەمگە قاراپ:

— ھەي، سېنىڭچە بۇ ئەدەبسىزلەرنى قانداق جازالاپ بەرسەك دەردىڭ چىقىدۇ،— دەيدۇ.

گاچا ئادەم:

— مېنىڭچە، ئۆزى مۇشتەك،قۇيرۇقى نوغۇشتەك بۇ خوتۇنغا تويماس دوڭغاققا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، خوتۇنغا تويغۇزۇپ، ئىككىنچى قېتىم خوتۇن قارىسىنى كۆرسە، ئون كۈنلۈك يەرگە قاچقىدەك قىلىۋەتمىسەك ھەتتا سىلىنىڭ خانىشلىرىنىمۇ بۇ دوڭغاق ئازدۇرۇپ كەتكىدەك، —دەيدۇ.

«پادىشاھ»:

— ھاي ھاشىم تاقتاق، قاسىم چاقچاق، مۇشۇ تەۋەلىكىمىزدىكى، ئادەم بىر قارىسا ئىككىنچىلەپ ئايالغا قارىماس بولۇپ كەتكۈدەك بەتبەشرە، سەت خوتۇندىن بىرنى تېپىپ كېلىپ ئاشۇ ئەرگە تويماس«جوۋان»نى قوشۇپ سېلىم دوڭغاققا نىكاھ قىلىپ قويۇڭلار! — دەيدۇ.

قاسىم بىلەن ھاشىم:

— خوش، شاھىم، — دەپ تەزىم قىلىدۇ.

50

«پادىشاھ» ئىككى«ئايالغا» غا قاراپ:

— ئىككىڭلار بۈگۈندىن ئېتىبارەن سېلىمنىڭ خوتۇنى بولىسىلەر. قېنى، ئېرىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! — دەيدۇ.

ئىككى «ئايال» شۇئان بىر - بىرىدىن قىزغانغانىدەك قىلىقلارنى قىلىپ سېلىم دوڭغاققا يېپىشىدۇ. ئۇلار سېلىم دوڭغاقنى تالىشىپ سۆيگەننى دورايدۇ. ھەر ئىككىلىسى سېلىم دوڭغاقنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ تالىشىپ يەرگە بېسىۋالىدۇ.

بىرسى سېلىم دوڭغاقنى ئۆزىگە قارىتىپ:

«ۋاي ئېرىم، ماڭا قارىسىلا» دېيىشىگە، يەنە بىرسى: «ۋاي ئېرىم، ماڭا قارىسىلا» دەپ ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئىككى خوتۇن ھەر قېتىم سېلىمنى ئالدىغا تارتقاندا، قول - ئالقىنىدىكى قارا سىيا بىلەن سېلىمنىڭ يۈزىگە شاپىلاق ئۇرىدۇ. سېلىمنىڭ يۈزى قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. سېلىم ھالسىزلىنىپ ھاسىرايدۇ. مەشرەپ ئەھلى پاراقلىدە كۈلكىلەر بىلەن مەسخىرە قىلىشىدۇ.

ئېكراندا سېلىمنىڭ قارا سىيا بىلەن بويالغان يۈزى - ساقال - بۇرۇتى، پېشانىسىدىن چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەر، بەتبەشرە سەت چىرايى كۆرۈنىدۇ.

سېلىم دوڭغاق:

— ۋاي داد! ئىككى خوتۇن ئالغانغا سازايى! خوتۇنغا تويدۇم، مېنى ئاجرىتىۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرايدۇ.

يىگىتبېشى:

— خالايىق، تىنىچلىنىڭلار. سېلىمنى دەرھال مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ يۈزىدىكى قارىنى يۇيۇۋېتىڭلار! ھازىر جامائەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەنە بىر دۆرە مەشرەپ باشلايمىز، — دەيدۇ.

داغدۇغىلىق ئاممىۋى مەشرەپ باشلىنىدۇ. مەشرەپ كۆرۈنۈشىنىڭ ئۈستىگە ئاپتور، رېژىسسور، كومپوزىتور، ئەدەبىي تەھرىر، ئوپېراتور، سىنالغۇچى، ئۈنئالغۇچى، نومۇر ئورۇنلىغۇچى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى خەتچە چۈشۈرۈلىدۇ.

1992 – يىل ئۆكتەبىر - خاڭجۇ، نويابىر - مەكىت

1993 - يىل يانۋار - مەكىت، ماي - بېيجىڭ

## موغال مەشرىپى

### ئوبۇل مەھمۇت

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىدىكى موغال كەنتىدە موغال مەشرىپى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەشرەپ تەخمىنەن مىلادى 1300 - يىللىرى مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلغان ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى ۋە خەلق سەنئەتكارى يارگۇل مۇھەممەد تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ رەتلەنگەن. بۇ يۇرتتا 105 ياشقىچە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 100 يىلدىن ئاشقان قالۇنچى باھاۋۇدۇن شەيخ ۋە مەشھۇر مۇقامچى، داپچى ئىسلام موللاملار موغال مەشرىپىنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەن. خەلق سەنئەتكارى مەرھۇم ھاشىم شەيخ موغال مەشرىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە بېيىتىپ كەلگەنلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

موغال مەشرىپىدە ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ئاساس قىلىنىپ، چاي تۇتۇش، دەررە ئويۇنى ئويناش، بېيىت - قوشاق ئېيتىش، ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلار قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

موغال مەشرىپىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئادىتى ھەم ئوخشاي بولۇپ، مۇزىكا جەھەتتە موغال راۋاپى، قالۇن، داپ ۋە غىجەك ئاساس قىلىنىدۇ. مەشرەپتە تۆردە يۇرت چوڭلىرى، مويسىپىتلەر ۋە سازەندە، ناخشىچىلار ئولتۇرىدۇ، مەشرەپكە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. بېيىت - قوشاق ئېيتىش، چاي تۇتۇش ياكى دەررە ئويناشتا قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلار «سامسا يېقىش» قاتارلىق تۈرلۈك جازالارغا تارتىلىدۇ. كېلەر نۆۋەتلىك مەشرەپ بېرىشنى مەشرەپ بېگىنىڭ رۇخسىتى بىلەن باشقىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار مەشرەپ بېرىشنى ئامەت ۋە خۇشاللىق دەپ بىلىشىدۇ.

موغال مەشرىپى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئومۇملىشىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان ئاممىۋى سەنئەت شەكلىگە ئايلانماقتا.





## مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت ئىجا-
## دىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا
## يېڭى تەدبىر تۈزۈپ چىقتى

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت
نازارىتى ئۆزىگە قاراشلىق سىستېمىلارنىڭ
ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم سەنئەت-
كارلارنى ئويۇشتۇرۇپ سۆھبەت يىغىنى
ئۆتكۈزۈپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈ-
رۈشنىڭ تەدبىرلىرىنى بىرلىكتە كېڭەشتى.
يىغىندا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئاساسلىق



(1993 - يىل 3 - سان، ئومۇمىي 16 - سان)

مەسئۇللىرى باشلامچى بولۇپ، رەھبەرىي يولداشلار ئىجادىيەتنى ئۆتۈش مەسئۇلىيەت تۇزۇمىنى يولغا قويۇپ، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى قىلىش قارار قىلىندى. كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل رەھبەرلەر خىزمەتلەرنى كونكرېت بولۇپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە بىر ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى؛ بىر مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تىياتىر كېچىلىكى؛ بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئۇسسۇللۇق تىياتىر؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى «مۇقام باھارى» ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى؛ بىر يېڭىچە مۇقام سىمفونىيە مۇزىكا كېچىلىكى؛ يۇقىرى سەۋىيىلىك يېڭىچە سىرك ئويۇنى كېچىلىكى تەييارلاش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ئۇيغۇر كلاسسىك تېمىسىدىكى ھېكايە فىلىم «خانىش ئامانىساخان» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايە فىلىم «ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق باھارى»نى لېنتىغا ياخشى ئېلىش؛ شىنجاڭ رەسساملار يۈرتى نادىر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېچىش تەلەپ قىلىندى.

يىغىن يەنە مەدەنىيەت ئىشلىرى راسخوتى جەددىي ئەھۋالدا، مەدەنىيەت نازارىتى 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئۇنى سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىدىغانلىقى ھەمدە چوڭ تىپتىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىيەت خادىملىرى ۋە مۇنەۋۋەر تىياتىر (نومۇر)لارنى تەقدىرلەيدىغانلىقى ۋە مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ۋەن يۈك

## ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

### جانابىل مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى

تۆت كۈن داۋاملاشقان ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاياغلاشتى. يېپىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆربايىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى.

بۇ نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە مول مەزمۇنلۇق ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ روھىي قىياپىتى نامايەن قىلىندى. دەۋر ئالاھىدىلىككە ۋە بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى.

باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق قارىقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ھۆرىقىز، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدىن گۈلجامال، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن شارابەت، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئانار، دىلنۇر مۇتەللىپ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن گۈلباھار سىدىق، تىلمان قادىر، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ماكېشىياڭ، لى خۇڭشىڭ 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، يەكەن ناھىيىلىك

سەنئەت ئۆمىكىدىن ئابدۇغېنى،چىمەنگۈل قا-
تارلىق ئون كىشى 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش
مۇكاپاتىغا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم
ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن يۈكسەك،
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەن-
ئەت ئۆمىكىدىن مۇھەممەت سۇلتان قاتار-
لىق 11 كىشى 3 - دەرىجىلىك ئورۇنداش
مۇكاپاتىغا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى-
لىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان
قازاقچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «يايلاقتىكى
تاش ھەيكەل» نىڭ رېژىسسورى مەمتىمىن،
قارىقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇن-
دىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «مەستانە»-
نىڭ رېژىسسورى كۈرەش رەجەپ قاتارلىق
يەتتە كىشى 1 - دەرىجىلىك رېژىسسورلۇق
مۇكاپاتىغا، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆ-
مىكى ئورۇندىغان «تاغلىقلار» نىڭ رېژىس-
سورى ئەنۋەر تۇردى، «دېھقان» نىڭ رېژى-
سسورى كۈرەش رەجەپ قاتارلىق ئالتە
كىشى 2 - دەرىجىلىك رېژىسسورلۇق مۇكاپاتى-
غا، ئالتاي ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل
ئۆمىكى ئورۇندىغان «ئالتۇنتاغ ئوغۇل-
قىزلىرى» نىڭ رېژىسسورى خۇاڭ جىخىن،
شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇن-
دىغان ئۇسسۇل «مەپتۇن كېچە» نىڭ
رېژىسسورى سەييارە قاتارلىق 12 كىشى
3 - دەرىجىلىك رېژىسسورلۇق مۇكاپاتىغا،
شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇن-
دىغان ئۇسسۇل «باياۋاندىكى قىزىل يول-
غۇن» نىڭ كومپوزىتورى نۇسرەت ۋاجىدى،
سانجى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆ-
مىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇل «چىراغ ئاس-
تىدىكى سۆيگۈ» نىڭ كومپوزىتورى يۈيىن
1 - دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپا-
تىغا، «دېھقان» نىڭ كومپوزىتورى ئابدۇ-
راخمان ئايۇپ، «پەرۋانە» نىڭ كومپوزى-
تورى تۇرسۇن باقى قاتارلىق 12 كىشى 2-
دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا،
كوللېكتىپ ئۇسسۇل «كېچىككەن باھار» نىڭ
چىراغ لايىھىلىگۈچىسى كۈرەش 1 - دەرى-
جىلىك چىراغ لايىھىلەش مۇكاپاتىغا، نۇرلان
2 - دەرىجىلىك چىراغ لايىھىلەش مۇكاپا-
تىغا، «كاچۇك سەنىمى» نىڭ كىيىم لايىھى-
لىگۈچىسى مەمتىمىن، «يىپەك يولىدىكى
نەغمە» نىڭ كىيىم لايىھىلىگۈچىسى ئېزىز
سايىت 2 - دەرىجىلىك كىيىم لايىھىلەش
مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جانابىل قاتارلىق رەھبەرلەر مۇكاپات-
لانغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تەقدىرنامە
ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

گاۋ يەنمىڭ، ئامىنە ئابدۇرېشىت

## ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى

**ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن خەلچەم ئىسلام، غوپۇر ئابدۇللا، ئەسقەت كېرىمباي، پاشا ئىشان قاتارلىق يولداشلار يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللار-
دىن بۇيانقى مىللىي ئەلنەغمە ئىجادىيىتى
ۋە ئورۇنداش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى
نامايەن قىلىش؛ مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىي-
لىكى يۇقىرى، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك،
شەكلى جانلىق ۋە رەڭدار، يېڭىلىق يارى-
تىلغان مىللىي ئەلنەغمە ئەسەرلىرىنىڭ
كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەشەببۇس
قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي
ئەلنەغمە ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ تەرەققىي
قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇ-
يۇشتۇرۇلغان ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى

نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكى ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاياغلاشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن خەلچەم ئىسلام، غوپۇر ئابدۇللا، ئەسقەت كېرىمباي، پاشا ئىشان قاتارلىق يولداشلار يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. يېپىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە سەنئىتى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدىكى ئۆزگىچە خۇش پۇراق گۈل ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئەلنەغمە كۆرىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەلنەغمە ئىجادىيىتى ۋە ئورۇنداش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلىپ، بىر تۇركۇم ئىستىقباللىق، مۇنەۋۋەر ئەلنەغمىچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتنى نۇرلاندۇردى.

لى كاڭنىڭ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پارتىيە ۋە خەلق بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچ. بىز ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپەت بىلەن ھازىرقى ئالتۇن دەۋرىمىزنى ئىپادىلىشىمىز، ھەر مىللەت ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىشىمىز كېرەك.

بۇ قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكىگە ئالدىن تىزىمغا ئالدۇرۇلغان 59 نومۇر ئىچىدىن تاللاش ئارقىلىق 26 نومۇر قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست(شەھەر)تىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ئەلنەغمىچى قاتناشقان بۇ قېتىمقى كۆرەكتە باھالىغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ باھالىشى ئارقىلىق 23 ئەلنەغمىچى ئۈچ دەرىجە بويىچە ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 17 نومۇرنىڭ ئىجادىيەتچىسى 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى مەنىۋى مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئەسقەت كېرىمباي، پاشا ئىشان قاتارلىق رەھبەرلەر مۇكاپاتلانغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تەقدىرنامە ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

قەدىردان قەييۇم

## سەنئەت گۈلزارىدا ئېچىلغان ئۆزگىچە گۈل

(مۇلاھىزە)

جۈرئەت كامىل

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى ۋە سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدىكى تارىخى ئۇزاق،

تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول، تاماشىبىنلىرى كۆپ بولغان مىللىي ئەلنەغمە ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكى ئۆتكۈزۈپ، رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرگەن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى كۆرەك قىلىپ، ھازىرقى زامان ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئورۇنداش جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى. كۆرەك مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) تىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرى يېڭىدىن ئىجاد قىلغان 29 ئەلنەغمە نومۇرىنى كۆرەك قىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئەدەب - ئەخلاققا زىت بولغان غەيۋەتخورلۇق، مەنمەنلىك ۋە ۋىجدانسىزلىقتەك يارىماس ئىللەتلەرنى، قانۇن - تۈزۈمگە، خەلق مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىقتەك ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق تىل، ھەجۋىي ئوخشىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋە قامچىلاپ تاماشىبىنلارغا ئېستېتىك زوق ۋە تەربىيە بەخش ئېتىش — بۇ قېتىم كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان نومۇرلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى.

نومۇرلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۆپ ساندىكى نومۇرلار ئاساسىي قاتلام سەنئەت ئۆمەكلىرى يەنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، تىلى ئاممىباب ۋە جانلىق، ھەرىكىتى قىزىقارلىق. كۆپ ساندىكى نومۇرلاردا تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەينەن، ئۆز پېتى ئىپادىلەش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىر ۋە يېڭى بەدىئىي مۇھىت يارىتىلغان. ئىجادىيەتچى، ئارتىسلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، تۇرمۇشقا يېقىن، تىپىك دېتاللارنى تاللاپ ۋە ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، يوپۇرغا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «قالايمىقان جەرىمانە ئېلىنمىسۇن» ناملىق كۇلدۇرگىسىدە يۇمۇرلۇق تىل، قىزىقارلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يۈكىنىڭ ئېغىرلىقى، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قارىغۇلارچە سېلىق سېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ھادىسىلىرىنى چەكلەش سىياسىتى تەشۋىق قىلىنغان.

بۇ قېتىمقى كۆرەكتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەلنەغمە نومۇرلىرى كۆپ خىللىشىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم ياش، تالانتلىق ئارتىسلار بايقالغان. خەلق ئەدەبىياتىغا ئەزەلدىن باي بولسىمۇ، لېكىن ئەلنەغمە سەنئىتى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىمۇ بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئۆزلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نومۇرلىرىنى كۆرەك قىلىپ، ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى يول ھازىرلىدى. مەسىلەن، قازاقچە ئىككى كىشىلىك كۇلدۇرگە «ھورۇن باي بولالمايدۇ»، يالغۇز كىشىلىك كۇلدۇرگە «سوۋغات»، قىرغىزچە قومۇز قوشىقى «تۆكمە ئاقسىن»، «گۈللەنگەن يايلاق» قاتارلىقلاردا، قازاق،


قىرغىز خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلار بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى، ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئىلگىرى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىدە ئايال ھەزىلكەشلەر، ئايال كۈلدۈرگە ئارتىسلىرى ئاز ئۇچرايتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە كۆپلىگەن ئاياللار كونا كۆز قاراش ۋە كونا ئادەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇردى. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ياش ئارتىس مېھرىگۈل، تۇرسۇنگۈللەر ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلار ئاياللارنىڭ پىسخىك ھالىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر سەنئىتىدە داڭلىق ئايال كۈلدۈرگە ئارتىسلىرىغا ئايلاندى. كۆرەكتە ئۇلار «تۆر تالىشىش» دېگەن كۈلدۈرگىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلدى. شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش زۆرۈركى، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بۇ قېتىمقى كۆرەككە قاتناشتۇرغان نومۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شەكلىنىڭ ھەر خىللىقى ۋە جەلپ قىلارلىقلىقى جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ ياش ئاكا - ئۇكا كۈلدۈرگە ئارتىسلىرى ئابدۇرېشىت توختىقۇربان بىلەن ئابلىز توختىقۇربانىنىڭ ئورۇندىشىدىكى كۈلدۈرگە «ھەسەتخورلۇق»، ئەركىن مەخمۇتنىڭ ئورۇندىشىدىكى يالغۇز كىشىلىك كۈلدۈرگە «ئۆي ئىشلىرىنى ئايرىۋېلىش»، تۇرسۇنگۈل، ئامانگۈل، ئەنۋەرلەرنىڭ ئورۇندىشىدىكى ئۈچ كىشىلىك يۇمۇرلۇق كۈلدۈرگە «ئۈجمە كۆكۈل» شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، يېڭىچە زوق بەخش ئېتىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.


ئومۇمەن بۇ قېتىمقى كۆرەك ئارقىلىق خەلق نەغمە سەنئىتىنىڭ خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، يېڭى زامان سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە جۇلالىنىپ، كامالەتكە يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاتاقلىق سەنئەتكارلاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان سەنئىتى خېلى تەرەققىي قىلغان ۋە مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپىيىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ھەر مىللەت خەلقى يەنىلا مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، شەكلى ھەر خىل بولغان نەغمە سەنئىتىگە موھتاج. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خەلق نەغمە سەنئىتى يېڭى زامان سەنئىتىنىڭ ئانىسى. زامانىۋى سەنئەت تەرەققىي قىلىپ قانچىلىك كامالەتكە يەتسۇن، ئۇ يەنىلا نەغمە سەنئىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇنداقلا خەلق نەغمە سەنئىتىنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقى، ئۆزگىچە ئۇزۇنى زامانىۋى سەنئەت ھەرگىز ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

بۇ قېتىمقى كۆرەك مىللىي نەغمە سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىر باشلىنىش. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرسە، ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەسپىي ماھارىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرسا، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى، مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك، شەكلى جانلىق ۋە ھەر خىل بولغان مىللىي نەغمە سەنئىتى تېخىمۇ گۈللىنىدۇ.











ھۆسنخەتلەرنى شېرئەلى ئابلا يازغان.

دېھقان بالىسى   ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1993-يىل 5-6-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
印刷：新疆新华印刷三厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1073/1
本刊代号：58—22 • 定价：壹元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 22-58. باھاسى: 1.00 يۈەن

